ISSN 1005-0876

BULAK



بۇلاق

1

1999





**سۆپۆرگى سەنجەرى ( غەرىبى ) شېئىرلىرىنىڭ قولىيازمىسىدىن**

# بۇلاق

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى

پەسىللىك ژۇرنىلى

20- يىل نەشرى

ئومۇمىي 66- سان

1999

باش مۇھەررىر: ئابلەت ئىمىن
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت
مۇھەررىرلەر: پەرىدە ئىمىن، ھاجى قۇتلۇق قادىر،
مىرھايات مىرسۇلتان، ئەزىز تۇردى




# 1999 - يىللىق 1 - سان

## مۇندەرىجە

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن


ئەمىر ھەمزە ........................................ (5)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇقادىر سادىر
شېئىرلار ........ سۇپۇرگى سەنجەرى غەرىبى (53)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەت چاۋار


شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن


غەزەللەر ............. مۇھەممەد شاھ ھەيرەتى (82)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن


ئەدەبىي مۇھاكىمە


ئەلىشىر نەۋائىينىڭ پوئېتىكىسى.... ئىمىن تۇرسۇن (95)
«قۇتادغۇ بىلىك» تىكى بۇددىزىم تەسىرى ........
........ تۇرسۇنجان مۇھەممەت (137)

## خەلق ئېغىزىدىن

كۆسەللە (داستان) ........................ (142)
رەتلىگۈچى: مەمتىمىن قۇربان
ئۈچ پوشوقى دورىسى (چۆچەك) ........................ (144)
رەتلىگۈچى: ئابلىمىت مۇھەممەدى ئاقىولى
لەتىپىلەر ........................ (147)
توپلاپ رەتلىگۈچىلەر: ئابلىز توختى، دىلنۇر ئابلىز
قوشاقلار ........................ (155)
توپلاپ رەتلىگۈچى: مۇھەممەتتوختى ئەخمەت

* *

خەتتات: قاينام جاببار.
نەققاش: تۇردى قادىر نازىرى.
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: جالالىدىن بەھرام.
مۇقاۋىنىڭ بىرىنچى بېتىدە: شائىر ئابدۇرەھىم ھافىز پورترېتى. رەسسام: جالالىدىن بەھرام.
مۇقاۋىنىڭ ئىككىنچى بېتىدە: سوپۇرگى سەنجەر غەربىي شېئىرلىرىنىڭ قول يازمىسىدىن ئېلىنغان فوتو سۈرەتلەر.
مۇقاۋىنىڭ ئۈچىنچى، تۆتىنچى بەتلىرىدە: رەسسام ئابدۇسالام داۋۇتنىڭ دۇغ بوياق رەسىملىرىدىن.

# ئەمىر ھەمزە

(قىسسە)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇقادىر سادىر

## پەسلى داستان، خوجابەختىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ۋە خوجا ئەبۇزەر جۇمھۇرنىڭ دۇنياغا كېلىشى

كۇفە شەھىرىدە ئىلىم - پاراسەتتە كامالەتكە يەتكەن جاماست ھەكىم ئىسىملىك بىر كىشى بار بولۇپ، ئۇنىڭ جاھاندىكى ئىشلارنى ئالدىن بېشارەت بېرەلەيدىغان «جاماستنامە» ئىسىملىك بىر كىتابى بار ئىدى. جاماست ھەكىمنىڭ خوجا بەختى ئاتلىق بىرلا ئوغلى بار ئىدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، جاماست ھەكىم كىتابىنى كۆردىكى، كىتابتا ئۆزىنى بىر چار يىلان چېقىپ ئۆلتۈرىدىغانلىقى، ئوغلى خوجا بەختىنىڭ بولسا مەدىنە شاھىنىڭ ۋەزىرى ئالقىش-نىڭ قولىدا زىيانكەشلىك بىلەن ئۆلىدىغانلىقى ئايان بولدى.

جاماست ھەكىمنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى. «دۇنيادا ھېچبىر نامۇنىشانەم قالمايدىغان ئوخشاي-دۇ» دەپ ئويلاپ «جاماستنامە» گە قايتا قارىدى. كىتابتا خوجا بەختىنىڭ «خوجا ئەبۇزەر جۇمھۇر» ئىسىملىك بىر ئوغلىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىدىغانلىقى، ئىلىم - پاراسەتتە ئۇنىڭ ئۆزىدىنمۇ ئېشىپ چۈشىدىغانلىقى ئايان بولدى. جاماست ھەكىم كېلىنىنى چاقىرىپ سورىغاندى، ئۆزىنىڭ ئېغىر ئاياغ ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

— مەن نەۋرەم ئۈچۈن، — دېدى جاماست ھەكىم، — بۇ كىتابنى قالدۇرىمەن. نەۋرەم بويىغا يەتكەندە بۇ كىتابنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بەرگەيسىز.

ئارىدىن بىرقانچە ۋاقىت ئۆتتى. جاماست ھەكىمدە سىرتلارنى ئايلىنىپ كېلىش ھەۋىسى تۇغۇلدى. ئېتىغا مىنىپ، شەھەر سىرتىغا چىقتى. كەچقۇرۇن بىر دەريا بويىغا چۈشۈپ، شۇ جاينى قونالغۇ قىلدى. ئۇ چارچىغانلىقتىن قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. كېچىدە، دەريادىن بىر چار يىلان چىقىپ، ئۇنىڭ پېشانىسىنى چېقىۋالدى. جاماست ھەكىم شۇ يەردىلا جان بەردى.

جاماست ھەكىم ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئوغلى خوجا بەختى ئاتىسىدىن قالغان مال دۇنيانى يەپ تۈگەتتى. ئاخىرى تۇرمۇش مۇھتاجلىقىدىن بازارغا چىقىپ مەدىكارچىلىق قىلىش-قا باشلىدى. بىر كۈنى، ئۇ، چارسۇدا مەدىكارلار قاتارىدا تۇراتتى. قېشىغا ئاپئاق ساقاللىق

بىر مۆتىۋەر كەلدى. ئۇنىڭ ھال ئەھۋالىنى ئۇقۇپ، قاتتىق قايغۇردى ۋە ناۋايخانىغا ئەكىلىپ قورسىقىنى تويغۇزدى. قايتىشىدا ئۇنىڭغا يەنە ئون دانە نان ئېلىپ بېرىپ دېدى:

— ئۆيۈڭگە بېرىپ قىرىق كۈنگىچە ئۆيدىن چىقمىغىن. ئاندىن ئاجايىب بىر مۆجىزە يۈز بېرىدۇ. دۇنيادىن بىغەم بولىسەن، — دېدى. خوجا بەختى ئۆيگە كېلىپ، مۆتىۋەرنىڭ ئېيتقانلىرىنى خوتۇنىغا دېدى. خوتۇنى ئۆيگە بىر پارچە كىگىز سېلىپ بەردى. خوجا بەختى ئېتىكاپقا ئولتۇردى. ئۇ، خوتۇنى تاماق ئەكىرگەندە ئورنىدىن تۇراتتى. باشقا چاغلاردا ئىبادەتكە مەشغۇل ئىدى. خوجا بەختىنىڭ خوتۇنى ئوتتۇز سەككىزىنچى كۈنگىچە ئۆي خىرا-جىتىدىن زېرىكىپ كەتتى. ئوتتۇز توققۇزىنچى كۈنى خوجا بەختى ھاجەتكە چىقىپ قايتىپ كىرگەندە خوتۇنى تاماق ئېلىپ كىردى ۋە ئۆينىڭ ئەھۋالىنى ئېيتتى. خوجا بەختى دەرھال چارسۇغا چىقىپ، مەدىكارلار قاتارىغا كېلىپ تۇردى. مەدىكارلار خوجىدىن ھال - ئەھۋال سورىشىپ تۇراتتى. بىر چاغدا، قاچ - قاچ بولۇپ كەتتى. خوجا بەختى بىر كىشىنىڭ توپچاق ئىراقىغا مىنىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ، بېشىغا مىسىر دوپپىسى، ئۇستىگە تەتىللا سەرۆپاي كىيگەن، سېرىق يۈز، سېرىق ساقال، مولۇن كۆز، بىر ئادەم ئىدى. ئۇ، چارسۇ بېشىغا كېلىپ توختاپ:

— مەدىكار بولساڭلار مەداينىگە بېرىڭلار، پادىشاھ كەيقۇباد ئىمارەت قىلدۇرماقچى. ئۇ يەردە مەدىكار يوق، ئەگەر مەداينىگە بېرىپ مەدىكارلىق قىلساڭلار بىر ئىشقا ئون ھەسسە ئارتۇق ھەق ئالىسىلەر، — دېدى.

**ئەلقىسسە**، تامام مەدىكارلار يىغىلدى، بۇ ئادەم پادىشاھنىڭ ۋەزىرى ئالقىش ئىدى. بويى پاكار، ئاغزى چوڭ، چاڭگا ساقال، چىرايىدىن ھارامزادىلىك نىشانىسى چىقىپ تۇرىدىغان ئادەم ئىدى. خوجا بەختى كېلىپ ئۇنىڭغا سالام قىلدى.

— سەن مېنىڭ خاس خىزمەتكارىم بول، — دېدى ئالقىش ئۇنىڭغا، خوجا بەختى ماقۇل بولدى.

ئەتىسى ئالقىش ۋەزىر خوجا بەختى بىلەن ھەممە مەدىكارلارنى ئېلىپ مەدىنىگە كەلدى.

**ئەلقىسسە**، بىر كۈنى پادىشاھ كەيقۇباد ئۆمرالىرىگە:

— ھەممىڭلار ئىمارەت سېلىڭلار، بۇ ئىمارەتلەر بەك كونىراپ كېتىپتۇ، — دېدى. ھەممە ئەمىرلەر «خوپ» دېدى، ئەمما، ئۇ چاغدا ۋەزىر ئالقىش يوق ئىدى. ئۇ قايتىپ كەلسە ئۇ ئىمارەت سالغۇدەك ھېچقانداق يەر قالماپتۇ. ئالقىش مەدىكارلىرىنى پادىشاھقا بەردى. ۋە خوجا بەختىگە:

— ئەي خوجا بەختى، ئەمدىن ماڭا يەر قالماپتۇ. مەن ئىمارەتنى قەيەرگە قىلسام بولار؟

— دەپ سورىدى.

مەداينىنىڭ شىمالىي تەرىپىدە بىر تاغ بار ئىدى. خوجا بەختى شۇ يەرنى مۇناسىپ كۆردى. ئالقىش دېدىكى:

— بۇ تولىمۇ ئېگىز تاغ، ئەگەر كوھىقاپتىن، دېۋىلەرنى ئەكېلىپ ئىشلەتمىسەم، ئۇنى تۈزلىگىلى بولمايدۇ.

— غەم قىلماڭ، — دېدى خوجا بەختى، — ئىنشائاللاكى، بۇ تاغنى يوقاتقىلى بولىدۇ.

ئالقىش خۇشال بولۇپ:

— ئەگەر سەن بۇ خىزمەتنى بېجىرسەڭ ئىش ھەققىڭنىڭ ئۈستىگە ئات ۋە تون قوشۇپ بېرىمەن، — دېدى.

خوجا بەختى:
— ماڭا بىر بەل تېپىپ بېرىڭ، — دېدى. ئالقىش بىر بەلنى ئەۋەتىپ بەردى. خوجا بەختى.
بۇ بەك كىچىك بەلكەن. ماڭا تېخىمۇ زور بەل كېرەك، — دېدى.
— شۇنى ئىشلىتىپ تۇر، — دېدى ئالقىش.
خوجا بەخت بەلنى تاغقا سېلىپ بىر كوچىگەنىدى، بەل «قارس» قىلىپ ئىككى پارە بولۇپ كەتتى. ئارقا - ئارقىدىن ئۈچ بەلنى سۇندۇرۇپ بولدى.
— ئەي بەختى، ساڭا زادى، قانداق بەل كېرەك؟ — دېدى ئالقىش.
— چار سۇدا بىر بەك ئېسىلىق تۇرىدۇ. شۇنى ئەكەلدۇرۇپ بېرىڭ، — دېدى خوجا بەختى. ئۇ بەلنى مىڭ يىل ئىلگىرى بىر كىشى بۇيرۇتۇپ ياساتقانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى ھېچ كىشى ئورنىدىن تەۋرىتەلمىگەنىدى. بۇ بەلنى تەھسىن ئۇچۇن ئېسىپ قوياتتى. ئالقىش بۇ بەلنى ھارۋىغا بېسىپ ئەكەلدۇرۇپ بەردى. خوجا بەختى بەلنى قولىغا ئالدى. . . .
. . . خوجا① بەختىنىڭ خوتۇنىغا ئەۋەتتى.
خوجىنىڭ خوتۇنى «ئۇ كەتكىلى ئۈچ ئاي بولدى. تېخىچە قايتىپ كەلمىدى» دەپ ئەندىشە ئىچىدە ئولتۇراتتى. تويۇقسىز ئىشىك قېقىلدى. خوجىنىڭ خوتۇنى قوپۇپ ئىشىكنى ئاچتى. ئۆيگە بىر ئادەم كىرىپ كەلدى. ئۇ ئۇچىسىغا قىزىل جۇۋا، بېشىغا سۇس جىگەر رەڭ كۇلاھ، پۇتىغا غەيرىي ئاياغ كىيىم كىيىۋالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇستىۋېشىدىن يىراقتىن كەلگەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى.
— خوجا بەختىنىڭ خوتۇنى بولامسىز؟ — دېدى ئۇ، سالام قىلىپ، — خوجا بەختى مېنىڭ خوجامغا مىڭ تەڭگىگە بىر يىللىق چاكارلىققا كىرىپ باغدادقا كەتتى. ئۇ بۇ بەش يۈز تەڭگىنى سىزگە ئەۋەتتى. يەنە بەش يۈز تەڭگىنى ئۆزى كەلگەندە ئەكېلىدۇ، — دەپ پۇلنى بېرىپ چىقىپ كەتتى. خوجىنىڭ خوتۇنى خوجا بەختىنى باشقىلارغا چاكار بولۇپ، سەپەرگە كېتىپتۇ، دەپ بىلدى ۋە بۇ پۇلنى تۇرمۇشقا سەرپ قىلدى.
ئەلقىسسە، ئالتە ئايدىن كېيىن خوجا بەختىنىڭ خوتۇنىنىڭ ۋاقتى - قەرەلى توشۇپ كۆزى يورۇدى. خۇدايىتائالا ئۇنىڭغا، گويا غەۋۋاسلار دەريايى ئۇممانىدىن سۈزۈپ چىققان گۆھەردەك بىر ئوغۇل بەردى. ئۇنىڭ پاكىزە چېھرىسىدىن ئۇلۇغلۇق ۋە دانالىقى چىقىپ تۇراتتى.
ئانىسى بۇ بالىغا قاراپ:
— ئەي بىتەلەي، ئاتاڭ بولغان بولسا، باشقىلار غىزا ئېتىپ، كۆتۈرۈپ كىرىپ بولارىدى، ھالا، ئۆيدە ھېچ نەرسە يوق، شۇڭا، ھېچكىممۇ كىرىپ چىقمايدۇ، — دەپ زارلىنىپ ئولتۇراتتى. شۇ ئەسنادا ئىشىك قېقىلدى. ئايال يۈگۈرۈپ چىقىپ ئىشىكنى ئاچتى. كۆردىكى، بېشىغا ئەرەبچە سەللە ئورىۋالغان نۇرانە بىر بوۋاي تۇراتتى. ئۇ مۇلايىملىق بىلەن:
— سىز خوجا بەختىنىڭ خوتۇنىمۇ؟ — دەپ سورىدى خوجىنىڭ خوتۇنىدىن.
— شۇنداق، — دېدى ئايال.
— جاماستىنىڭ نەۋرىسى دۇنياغا كەلدىمۇ؟
— كەلدى، — دېدى ئايال.

① مۇشۇ ئارىلىقتا قول يازمىدىن بىر ۋاراق يوقاپ كەتكەن.

— مېنى بەلىناس ھەكىم دەيدۇ، — دېدى بوۋاي، — مەن جاماستنىڭ شاگىرتى ئىدىم. جاماست ئاخىرقى چاغدا: «ئەي بەلىناس، مېنىڭ كېلىنىم، پالان ئاي، پالانى كۈن، پالانى سائەتتە نەۋرەمنى تۇغىدۇ. بۇ چاغدا، كېلىنىم تەڭلىك تارتىپ قالىدۇ. بۇ مىڭ تەڭگە پۇلنى كېلىنىمگە بەرگىن، ئاشۇ بالىغا سەرپ قىلسۇن» دەپ، ماڭا مىڭ تەڭگە پۇل بەرگەنىدى. يەنە «مېنىڭ مۇرادىم شۇ نەۋرەمدىن ئېچىلىدۇ. ئۇ، مېنىڭ ئىزىمنى باسىدۇ» دېگەنىدى. تارىختا قارىسام بۈگۈن ۋاقىت توشۇپتۇ، — دەپ مىڭ تەڭگە پۇلنى خوجا بەختىنىڭ خوتۇنىغا بېرىپ چىقىپ كەتتى. بۇنى ئىشىتكەن كىشىلەر ئاش ـ نان ئېلىپ بالىنى مۇبارەكلەپ كىرىشتى. ئايالمۇ قوي ئۆلتۈرۈپ، ئاش تارتىپ ئۇلارنى مېھمان قىلدى.

ئۈچىنچى كۈنى يەنە ئىشىك قېقىلغان ئاۋاز كەلدى. ئايال چىقىپ ئىشىكنى ئاچتى. چېھرىسىدىن نۇر يېغىپ تۇرغان، بىر ئاق ساقال بوۋاي سالام قىلدى. ۋە:

— خوجا بەختىنىڭ خوتۇنى بولامسىز؟

— ھەئە.

— يېڭى تۇغۇلغان بالا سالامەتمۇ؟ — دەپ سورىدى بوۋاي، — مەن ئۇنى زىيارەت قىلغىلى كەلدىم.

ئايال بوۋاينى ئۆيگە باشلاپ، ئالدىغا مەزە قويدى.

— مېنىڭ ئېتىم فەيلەقۇس ھەكىمدۇر، — دەپ تونۇشتۇردى ئۇ، ئۆزىنى ئايالغا، — جاماستنىڭ شاگىرتى ئىدىم. جاماست ئاخىرقى ۋاقتىدا: «ئەي فەيلەقۇس، پالان يىل، پالان ئاي، پالان كۈندە مېنىڭ نەۋرەم ئۈچ كۈنلۈك بولىدۇ. سەن ئۇنىڭغا خوجا ئەبۇزەر جۇمھۇر، دەپ ئىسىم قويۇپ قويارسەن. مېنىڭ پۈتكۈل مۇرادىم ئاشۇ نەۋرەمدىن ئېچىلىدۇ. روھىم ئۇنىڭدى تازا بولىدۇ. نەۋرەمگە مېنىڭ دۇئايى ـ سالىمىمنى يەتكۈزگەيسەن.» دەپ ۋەسىيەت قىلغانىدى. قارىسام، بۇ بالىغا بۈگۈن ئۈچ كۈن بولۇپتۇ، — دېدى. ئايالمۇ:

— شۇنداق، ئۈچ كۈنلۈك بولدى، — دېدى ۋە بالىنى ھەكىمنىڭ قولىغا بەردى.

ھەكىم بالىنى قولىغا ئېلىپ، چېھرىسىگە سەپ سالدى. ئۇنىڭ چېھرىسىدىن ئالىملىق، دانالىق ۋە ھۆكۈمالىق مۆئەييەن بولۇپ تۇراتتى. ھەكىم دېدى:

— تەختىيە زەربۇلقەلەم بارمۇ؟

— بار، — دېدى ئايال ۋە ئېلىپ بەردى.

ھەكىم يۇلتۇزلارنىڭ ئېگىزلىكىنى ئۆلچەيدىغان ئۇستۇرلابىنى قۇياشقا توغرىلاپ، بالىنىڭ تەلىيىگە قۇرئە سالدى. تەلىيىنى كۆرۈپ، دەرھال پايىگاھقا چۈشتى. قول باغلاپ سالام بىلەن:

— ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم، ئەي خوجا، قەدىمىڭىز مۇبارەك بولسۇن، — دېدى ئۇ، ۋە ساقىلىنى بالىنىڭ ئايىغىغا سۈركىدى، پېشانىسىدىن سۆيدى. جاماست ھەكىمنىڭ دۇئاسىنى يەتكۈزدى. بالىغا خوجا ئەبۇزەر جۇمھۇر دەپ ئات قويدى. ئاندىن كېيىن دېدىكى:

— ئەي ھەمشىرە، ئانىسى نېمە بەرگەن بولسا، ئۇنىڭغا سەرپ قىلىڭ، غەم يېمەڭ، بۇ بالا بوۋىسى جاماست ھەكىمنىڭ ئورنىنى باسىدۇ، سىزمۇ ھەر ئىككى دۇنيادا بۇ بالىنىڭ دۆلىتىنى كۆرىسىز. ئۇنى ياخشى ئاسراڭ، خىزمىتىنى قىلىڭ. ئىلىم ئوقۇتۇشنى كېچىكتۈرمەڭ.

خوجا بۇ ۋەسىيەتلەرنى قايتا ـ قايتا دېگەندىن كېيىن خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى:

**ئەلقىسسە**، خوجىغا ئانىسى تەربىيەت قىلار ئىدى. ئۇ تۆت ياشقا كىردى. يەنە تۆت ئاي، تۆت كۈنلۈك قىلىپ مەكتەپكە بەردى. سۈننەتمۇ قىلدۇردى. خوجا ئوقۇپ خېلى بىلىمگە ئىگە بولدى. ئاندىن ئۇنى مەدرىسىگە بەردى، ئۇ قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە ھەممە ساۋاقداشلىـ

رىدىن ئېشىپ كەتتى. بىر كۈنى، مەدرىسىدىن ئۆيىگە قايتىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ بىلەن بىر مەھەللىلىك بىر جوھۇت بار ئىدى. ئۇنىڭ ھويلىسىنىڭ تېمى يىقىلىپ كەتكەن بولۇپ كۆپچىلىكنىڭ يولىدىن بىر گەز قوشۇپ تام سېلىۋالغانلىقىنى كۆردى. بۇ يولدا ھەممە كىشىنىڭ ھەققى بولسىمۇ، ھېچكىم ئۇنىڭغا گەپ قىلالمايتتى، بۇنى كۆرگەن خوجا تاقەت قىلالماي دېدى:

— ئەي، قارا يۈز، بۇ كوچىدا ھەممە ئادەمنىڭ ھەققى تۇرسا، خۇدادىن قورقمامسەن؟ — دېدى. جوھۇتنىڭ ئاچچىقى كېلىپ:

— ھەي قاناتسىز يېتىم. سەندىن چوڭ شۇنچە كىشىلەر تۇرۇپ گەپ قىلمىسا، ماڭا گەپ قىلىشقا نېمە ھەددىڭ؟ — دەپ، ئۇنىڭ كاچىتىغا بىرنى سالدى. خوجىنىڭ بېشىدىن سەللىسى ئۇچۇپ چۈشتى، خوجا ئىززا تارتتى.

— بۇ يولغا مەنغۇ پاتمەن، — دېدى خوجا، — ئەمما، ھارۋا پاتمايدۇ.

— ئەي ئاتىسىز، — دېدى جوھۇت، — قاچانكى، سەن مۇتتۇۋەر بولۇپ، ھارۋىدا كەلسەڭ، شۇ چاغدا بۇزۇپ بېرەي، خوجا گەپ قىلماستىن سەللىسىنى كىيىپ، «مەھەللە ئەھلى گۇۋاھ بولۇڭلا» دەپ قويۇپ يىغلىغىنىچە ئۆيىگە كەلدى. — ئەي، جان بالام، — دېدى ئانىسى، — قورسىقىڭىز ئاچتىمۇ، يىغلاپسىزغۇ؟ قانداق قىلاي، ئۆيدە ھېچ نەرسە يوق، ئاتىڭىز بولغان بولسا، بازاردىن نان ئەكېلىپ بېرەر ئىدى.

خوجا دېدى:

— ئەي ئانا، ئاچلىق - پەيغەمبەرلەرنىڭ مىراسىدۇر، ئۇنىڭغا يىغلىمايمەن. ئاچلىقتىنمۇ يامان سۆزلەرنى ئىشىتكىنىمگە يىغلايمەن.

— قانداق سۆز ئاڭلىدىڭىز، — دېدى ئانىسى، خوجا دېدىكى: — مەن بىر كىشىگە گەپ قىلسام، ئۇ: «ئەي، ئاتىسى يوق يېتىم ئوغلاق» دەيدۇ. مېنىڭ نېمىشكە ئاتام يوق؟ مېنى ئاتىسىز تۇغقانمىدىڭىز؟

— ئەي، كۆزۈمنىڭ نۇرى، — دېدى ئانىسى يىغلاپ، — سىزنىڭ خوجا بەختى دەپ ئاتىڭىز بار ئىدى. سىز قورسىقىمدا ۋاقتىڭىزدا مەدىنىگە كەتكەنىدى. بىر قېتىم پۇل بىلەن بىللە خەۋىرى كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن خەۋىرى بولمىدى.

— ئاتام قانداق كىشى ئىدى؟

— ھامال ئىدى. كىشىلەر ئۇنى خوجا بەختى ھامال دەيتتى. ئەمما، بۇۋىڭىزنى جامائەت «ھەكىم» دەيتتى، — دېدى ئانىسى بىرمۇبىر بايان قىلىپ، — بۇۋامدىن بىرەر نەرسە قالغانمىدى؟ — دەپ سورىدى خوجا، — نورغۇن مال - دۇنيا قالغانىدى، — دېدى ئانىسى، — ھەممىنى ئاتىڭىز سەرپ قىلدى. ئۆي ۋە قۇچاق - قۇچاق كىتابلارمۇ بار ئىدى. ئاتىڭىز ھەممىنى سېتىۋەتتى.

— شۇ كىتابلاردىن بىرەرسىمۇ قالمىغانمىدى؟

— بىرلا كىتاب قالدى. چۈنكى ئاتىڭىز ئۇ كىتابنى نەچچە قېتىم ئېلىشقا ئۇرۇندى. ئەمما، ئۇنىڭ ئۈستىدە بىر قارا چار يىلان تولغۇلۇپ يېتىۋېلىپ زادىلا ئاڭلىغىلى قويمىغان، — دېدى ئانىسى خوجىغا.

خوجا شۇ ھامان، چاچراپ ئورنىدىن قوپۇپ، شوتا قويۇپ تورۇسقا چىقىپ قارىدى. دېگەندەك بىر چوڭ يىلان كىتابنىڭ ئۈستىدە چەمبىرەك بولۇپ، بېسىپ يېتىپتۇ. يىلان خوجازادىنى كۆرۈپ يېقىملىق ئاۋازدا:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئەي مۇبارەك يۈزلۈك خوجا، — دېدى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ئەي ئەلان؛ — دېدى خوجا:
— مېنى يىلان دېمەڭ، مەن پەرىشتىلەردىن بولىمەن، خۇدايىتائالا بۇ كىتابنى سىزگە ساقلىغىلى بېرىۋىدى. ئەمدى سىزگە تاپشۇراي، — دەپ، تۇتۇپ بولۇپ، تۈگۈلۈكتىن چىقىپ غايىب بولدى.
خوجا كىتابنى ئېلىپ توپىسىنى قاقتى.
ئانىسى بۇنى ئىشتىپ ھەيران قالدى. ۋە ئوغلىغا ئىچكىرى ئۆيگە كىگىز سېلىپ بەردى. خوجا كىتابنى ئوقۇۋېتىپ، زار - زار يىغلايتتى، گاھىدا كۈلەتتى. چۈنكى ئالقىشـ نىڭ خوجا بەختىنى ئۆلتۈرگەنلىكى خوجىزادىنىڭ پادىشاھنىڭ چۈشىنى تېپىپ، ئالقىشتىن ئۈچىنى ئېلىشى، مەككىدە خوجا ئۆمەر ھەزرىتى ئەمىر خوجا مەقبۇلنىڭ ۋۇجۇدىغا كېلىشى، كاللىپەز، ناۋاي پەرغانە شاھى، كۇفەنىڭ غوجىدارى باقاۋۇلى، خەزىنىچىسى قاتارلىقلار ھەققىدىكى ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسىنى جاماست ھەكىم «جاماستنامە» گە يېزىپ قويغانىدى. شۇڭا خوجا ئەبۇزەر جۇمھۇر تەقدىرنىڭ كارامىتىنى بىلىپ گاھى كۈلۈپ، گاھى يىغلايتتى. ئانىسى بۇ سىرلارغا ھەيران قالاتتى. بەزىدە ۋەھىمە قىلىپ «بۇ بالا نەچچە كۈنلەپ ھېچ نەرسە يېمىدى، ئېلىشىپ قالمىغىدى» دەپ ئەنسىرەيتتى. خوجا كىتابنى ئوقۇغانسېرى ئاش تاماقتىن قالدى.
بىر كۈنى ئانىسى ئېيتتى:
— ئەي، جان بالام! بۇ كىتابنى قانداق ئوقۇسىڭىز، ئۆزىڭىزنىڭ، ئەمما، بۇنىڭ بىلەن ئاش - تاماقتىن كەچسىڭىز بولمايدۇ. ئاتىڭىز ھامىمال ئىدى. ھامماللىق قىلىپ، بازاردىن ھەممە نېمىنى ئېلىپ كېلەتتى. سىز ھازىر سەككىز ياشقا كىردىڭىز. مەن ئۆزۈمدىن بېرى نان - گىردە يەپ باقمىدىم مېنىڭ بەكمۇ نان يېگۈم كەلدى، ئاتا ھۈنىرى ئەيىب ئەمەس. ھامماللىق قىلىپ بىرەر نان ئېلىپ بەرسىڭىز قانداق؟ — دېدى.
— ئانداق بولسا، — دېدى خوجا — ئەتە چىقىپ ئەكېلىپ بېرەي.
خوجا ئەتىسى كۇفە بازىرىغا كېلىپ، ناۋايخانىغا كىردى. ناۋاينىڭ ئالدىغا كېلىپ سالام قىلىپ دېدى:
— ئەي ئۇستام، ماڭا ئىككى گىردە بەرسىڭىز.
— ئېلىڭ، — دېدى ناۋاي، — بۇ ساتقىلى قويغان نان.
خوجا:
— پۇلنى تاپقاندا ئەكېلىپ بەرسەم، — دېدى.
ناۋاي ئاچچىقلاپ:
— بۇنداق ئۆلۈمتۈكلۈكنى نەدىن ئۆگەندىڭ؟ ئاتاڭ ماڭا قاچان بۇغداي ئەكېلىپ بېرىپتىكەن؟ — دەپ، كۆسەي بىلەن بېشىغا ئۇردى، خوجا ئىنزا تارتىپ، يەنە دېدى:
— ئەي ئۇستام، ئاتام پەرغانە شاھىنىڭ غوجىدارى ئىدى. پەرغانىنىڭ بۇغدايلىرىنى سىزگە ئوغرىلىقچە ئەكېلىپ بېرىپتىكەن. ئاتام بىر ئاخشىمى پۇلغا كەلسە، ئاتامنى ئۇرۇپ ئۆلتۈردىڭىز. ئۆلۈكىنى كونا تونۇرغا تىقىپ قويدىڭىز. ئەگەر، بۇ ئىشنى شاھقا ئېيتسام قانداق قىلىسىز؟ ئىش قەيەرگە تايىن تاپار؟
بۇنى ئىشتىپ ناۋاينىڭ چىرايى سارغايدى. رەڭگىرويى ئۆچتى. دەرھال دۇكاندىن چىقىپ، خوجىنى تەزىم بىلەن دۇكانغا ئېلىپ كىردى. ئايىغىغا يىقىلىپ دېدى:
— ئەي خوجام، ئەپۇ قىلسىلا، مەن سىلىنى تونۇماپتىمەن. بۇ سىرنى ئاشكارا قىلمىغايلار. ئۆيلىرىگە ھەر كۈنى ئون نان ئەۋەتەي، تىرىكلا بولسام ئۈزۈلدۈرمەيمەن.

ناۋاي شۇنداق دەپ، شاگىرتىنى قىچقاردى. تەۋەككە ئون دانە گىردىنى تىزدۇرۇپ:

— بۇنى ماۋۇ خوجىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ بەرگىن. بۇنىڭدىن كېيىن مەن بار - يوق بولسام ھەر كۈنى بىر تەۋەڭ نان ئاپىرىپ بېرىسەن. شۇڭا ئۆيىنى كۆرۈپ كەل. — دېدى. خوجا شاگىرتىنى ئەگەشتۇرۇپ ئۆيىگە كەلدى ۋە ناننى ئانىسىنىڭ ئالدىغا قويدى. ناۋاي-نىڭ شاگىرتى تەۋەكنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

— ئەي، بالام، — دېدى ئانىسى، — بۇنچە تاننى نەدىن تاپتىڭىز پۇلىنى قەيەردىن تېپىپ بېرەرمىز؟

— ئانا، باغنى سورىماي، ئۈزۈمنى يەڭ، ئۇ ھەر كۈنى ئون نان ئەكېلىپ بېرىدۇ. پۇلىنى سورىمايدۇ. ئەمما، ھېسابلاپ قويۇڭ — دېدى خوجا.

ئانىسى خۇشال بولدى. شاگىرت ھەر كۈنى بىر تەۋەڭ نان ئەكېلىپ بېرىپ تۇردى. بىر كۈنى ئانىسى يەنە:

— ئەي بالام، بۇ ناننىڭ يېرىمىغا كاللا بولغان بولسا، شورپىسىغا نان چىلاپ يېگەن بولساق - ھە؟ — دېدى. خوجا:

— بولىدۇ ئانا، — دەپ بازارغا بېرىپ كاللىپەزنىڭ قېشىغا كەلدى.

— ماڭا بىر كاللا بېرىپ تۇرسىڭىز، پۇلىنى كېيىن بەرسەم، — دېدى. كاللىپەزنىڭ ئاچچىقى كېلىپ:

— ئەتىگەندىلا ساڭا بىكارغا كاللا بېرەمدىمەن؟ ئۆتە، نېرى! دەپ خوجىنىڭ بېشىغا شورپا چاچتى. خوجىنىڭ يۈز - كۆزى كۆيۈپ كەتتى. خوجا ئىزا تارتىپ ياندى ۋە.

— ئەي، ئۇستا، ئاتام پەرغان شاھىنىڭ خەزىنىچىسى ئىدى. ئۇ، ئوغرىلىقچە ساڭا سېمىز قويلارنى ئەكېلىپ بېرەتتى. سەن ئۆلتۈرۈپ ساتتىڭ، نۇرغۇن پۇل قىلدىڭ، ئاتام «ئەمدى، پۇللارنى ئۈلەشەيلى» دېسە، «كەچتە كېلىڭ» دېدىڭ. كەچتە كەلسە بېقىنىغا زىخ سانجىپ ئۆلتۈردۈڭ. ئەتىسى ئەسكى تاغارغا تىقىپ كۆمۈپ قويدۇڭ، بۇ سىر شاھقا يەتسە، ئاقىۋىتى قانداق بولۇر؟ — دېدى.

بۇنى ئاڭلىغان كاللىپەزنىڭ چىرايى سارغايدى. ھېلى ئۆلتۈرۈپ ھېلى قوپاتتى. ئاخىرى، دۇكاندىن چاچراپ چۈشۈپ، خوجىغا ئۆزرە ئېيتتى. دۇكىنىغا ئەكىرىپ، ئايىغىغا يىقىلدى.

— سىلىنى تونۇماپتىمەن، ئەمدى ھەر كۈنى بىر كاساڭ سورپا بىلەن ئون دانە كاللا ئاپىرىپ بەرسۇن، — دەپ، شاگىرتىغا بىر كاساڭ سورپا بىلەن ئون كاللىنى كۆتەرتىپ، خوجىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ بەردى. كاللىپەز ھەر كۈنى كېيىنتىمەي شۇ تەرىزدە ئەۋەتىپ تۇردى. ئەمما، خوجا ئانىسىغا:

— ئانا، بۇ كاللىنى يەپ، ئۇستىخانلىرىنى زايە قىلماي ئۆگزىگە يىغىڭ، بىر كۈنى ھېسابلاپ پۇلىنى بېرىمىز، — دېدى.

ئەلقىسسە، ئانىسى بىر كۈنى يەنە دېدىكى:

— ئەي، جان بالام، پاقلان كاۋىپى يېگۈم كېلىۋاتىدۇ. بۇ كاللىنىڭ يېرىمىغا كاۋاپ ئەكەلگەن بولسىڭىز.

خوجا دەرھال بازارغا بېرىپ، كاۋاپچىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇمۇ باشقىلاردەك خوجىغا بىئەدەبلىك قىلىپ، خوجىنى قوغلاپ، كۆسەي بىلەن سالدى.

— ئەي ئۇستام، — دېدى خوجا، — ئاتام پەرغانە شاھىنىڭ باقاۋۇلى ئىدى. پادىشاھنىڭ سېمىز پاقلانلىرىنى ئوغرىلىقچە سىزگە ئەكېلىپ بېرەتتى. سىز ئۇنى سېتىپ

تاغار ـ تاغار پۇل قىلدىڭىز. ئاتام پۇللارنى ئۆلشەيلى، دەپ كەلسە، ئاخشىمى مېھمان قىلمەن دېدىڭىز، كەچتە ئۇنىڭغا زىخ سانجىپ ئۆلتۈردىڭىز. ئەگەر بۇ سىر شاھقا يەتسە، نېمە ئىش بولار؟

كاۋاپچى بۇنى ئىشتىپ ھالى باشقىچە بولۇپ كەتتى ھەم ئۇمۇ ھەركۈنى ئون زىخ كاۋاپ ئەۋەتىپ بېرىدىغان بولدى. ئۇنىڭ ئۆيىگە ھەركۈنى ئون گىردە، بىر كاساڭ شورپا بىلەن ئون كاللا ۋە ئون زىخ پاقلان كاۋپى كېلىپ تۇراتتى. يەپ بولالمىغانلىرىنى قوشنىلىرىغا بېرىپ تۇراتتى. خوجا بولسا، كېچە ـ كۈندۈز «كىتابى جاماست» نى مۇتالىئە قىلار ئىدى.

ئەلقىسسە، خوجا بۇزەرجۇمھۇرنىڭ ئالقىشنى ئۆلتۈرگەنلىكى بىر كۈنى خوجا ئەبۇزەر جۇمھۇرنىڭ ئانىسى:

— ئەي بالام، مەن ئەجەپ، كاۋەردانى [1] يېيىشنى خالاۋاتىمەن. تاپالارسىزمۇ؟ — دېدى ئوغلىغا.

— كاۋەردان نەدە بولىدىكىن؟

— مەداينىدە — ئالقىش ۋەزىرنىڭ بېغىدا بار ئىمىش.

— ئىنشائاللا، بېرىپ كېلەي، — دېدى خوجا ۋە ئانىسى بىلەن خوشلىشىپ، مەداينىگە راۋان بولدى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئۇ ئالقىشنىڭ چاھار بېغىغا يېتىپ كەلدى. ئىشىك ئېتىكلىك تۇراتتى. ئىشىكنى قاقتى. باغدا بەختىيار ئىسىملىك باغۋەن بار ئىدى. «كىم سىز؟» دېدى ئۇ. خوجا:

— مەن، — دېدى. بەختىيار ئىشىكنى ئاچقىلى كېلىۋىدى. خوجا ئۇنىڭغا:

— ئەي بەختىيار، قاپقىغا يېقىن كەلمە، ئۇ يەردە بىر چار يىلان سېنى ساقلاپ ياتىدۇ. ئۇ ساڭا زەھىرنى سالماقچى، — دېدى.

بەختىيار قاپقىغا قارىسا، راستىنلا بىر يىلان ياتقان. خوجا يەنە دېدىكى:

— ئاۋۋال بۇ يىلاننى ئۆلتۈرۈپ، ئاندىن ئىشىكنى ئاچقىن. بەختىيارنىڭ قولىدا ئوتىغۇچ بار ئىدى. يىلان بەختىيارنى كۆرۈپ بەدەر قاچتى. بەختىيار ئۇنى ئۇرۇپ ئۆلتۈردى. ئاندىن كېلىپ ئىشىكنى ئاچتى. ئىشىك تۈۋىدە دەستار، پەرىجە كىيگەن. گويا تولۇن ئايدەك چېھرىسىدە نۇر يالتىراپ تۇرغان، سەدەپتىن ھېلىلا چىققان مەرۋايىتتەك بىر بالا بىر كىتابنى قولتۇقلاپ تۇراتتى. ئۇ تېخى بالاغەتكە يەتمىگەنىدى. بەختىيار ئىززەت ـ ئىكراملار بىلەن ئۇنىڭغا سالام قىلدى.

— ئەي نۇرانە يىگىت، بۇ يىلاننىڭ مېنىڭ قەستىمدە ياتقىنىنى ۋە مېنىڭ ئىسمىمنىڭ بەختىيار ئىكەنلىكىنى نەدىن بىلدىڭىز؟

— مېنىڭ ئىلمى پاراستىم بار، ئەقىل تەسەۋۋۇرۇم بىلەن بىلدىم، — دېدى خوجا.

— مەن سېنىڭ مۇشۇ باغدا ئىكەنلىكىڭنى بىلەتتىم سەن بىر ھەپتە ئىلگىرى باغنىڭ بىر تەرىپىدىكى ئازگالغا بىرى ئاق، بىرى چار ـ ئىككى يىلان چىرمىشىپ ياتقانلىقىنى كۆردۈڭ ۋە ئوتىغۇچۇڭ بىلەن ئۇلارنى ئۇردۇڭ، ئاق يىلان قاچتى. چار يىلانغا ئوتىغۇچ تېگىپ ئۆلدى. ئەسلىدە چار يىلان ھازىر سەن ئۆلتۈرگەن ئاق چار يىلاننىڭ خوتۇنى ئىدى. ئۇ باشقا بىر يىلان بىلەن زىنا قىلىشاتتى. بۇ چار يىلان خوتۇنىنىڭ ئۇ ئىشنى بىلمەي، سېنى «خوتۇنۇمنى ئۆلتۈردى، ئىنتىقامىنى ئالىمەن» دەپ سېنى ساقلاپ ياتاتتى.

---

[1] كاۋەردان — بىر خىل مېۋە

ئىش ئەنە شۇنداق ئىدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ بەختىيار ھەيران قالدى ۋە سورىدى:

— قەيەردىن كەلدىڭىز؟

— كۇفەدىن.

— قاچان كەلدىڭىز، نېمە ھاجىتىڭىز بار؟

— كاۋەردان ئىزدەپ كەلدىم، بارمىكىن؟ — دېدى خوجا.

بەختىيار «بار» دەپ خوجىنى باغقا باشلاپ كەلدى. ئۇنى، بوستاندا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، ئۆزى كاۋەردان ئىزدىدى. خوجا قارىسا، باغدا بىر قوي باغلاقلىق تۇراتتى. ئۇنى بوشىتىۋەتتى. قوي زەپەرزارلىققا بېرىپ، زەپەر يېيىشكە باشلىدى. خوجا «قوي بوشىنىپ كەتتى» دەپ، بەختىيارنى قىچقاردى. بەختىيار كېلىپ قوينى باغلىۋېتىپ، يەنە كاۋەردانني ئىزگىلى كەتتى. خوجا قوينى يەنە بوشىتىۋېتىپ بەختىيارنى قىچقاردى. ئاخىرى ئۇچىنچى نۆۋەت بەختىيارنىڭ غەزىپى كېلىپ قوينى بىر مۇشت ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويدى.

— ئەي، بەختىيار، — دېدى خوجا، — نېمە قىلغىنىڭ بۇ؟ بىر مۇشت بىلەن ئۆچ ھالالنى ھارام قىلدىڭغۇ؟

— قانداقسىگە ئۈچ بولسۇن؟ — دېدى بەختىيار.

— قوي بىر بولغىنى بىلەن ئۇنىڭ، قورسىقىدا ئىككى بالىسى بار ئىدى. بىرىنىڭ ئۆزى ئاق، قۇيرۇقى قارا. بىرىنىڭ ئۆزى قارا، قۇيرۇقى ئاق ئىدى. بۇ ئۈچ ئەمەسمۇ؟

ئالقىش راۋاقتا ئولتۇرۇپ ھەممىنى كۆرۈپ كۆزىتىپ تۇراتتى. ئۇ، بەختىيارنى چاقىرىپ، قوي بىلەن ئۇ يىگىتنى ئېلىپ چىقىشنى بۇيرۇدى. بەختىيار قوينى كۆتۈرۈپ، يىگىتنى باشلاپ چىقتى. خوجا ئالقىشقا سالام بەردى. ئالقىش خوجىنى كۆرۈشى ھامان كۆزىدىن تاراملاپ ئاققان ئىككى تامچە ياش ياقىسىغا تامدى. ئەمما، ئۆزىنى تۇتۇۋالدى - دە، ۋەقەنى يېڭىۋاشتىن سورىدى.

— ئەي ئوغۇل، بۇنچە ئىشلارنى نەدىن بىلدىڭ؟

— مېنىڭ ئىلمى پاراستىم بار، — دېدى خوجا، — ئەقىل بىلەن بىلدىم.

ئالقىش بەختىيارغا:

قوينىڭ قورسىقىنى يارغىن، — دېدى. بەختىيار ياردى. ئېيتقاندەك بالىسى چىقتى. ئالقىش يەنە سورىدى:

— ئۆزۈڭ نەدىنسەن، كىمنىڭ بالىسى بولىسەن؟

— كۇفەدىن، — دېدى خوجا، — خوجا بەختى ھامالنىڭ ئوغلى بولىمەن. ئاتام يوق، ئانام بار.

— ئاتاڭ نەگە كەتتى؟

— مەن ئانامنىڭ قورسىقىدا چېغىمدا سودىگەرنىڭ چاكىرى بولۇپ سەپەرگە كەتكەنىكەن. بىر قېتىم خەج - خىراجەت بىلەن خەۋىرى كەلگەن. شۇنىڭدىن بېرى خەۋىرى يوق.

ئالقىش بۇنىڭ خوجا بەختىنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى بىلدى. «ئۇ بۇنچە ئىشلارنى بىلگەن يەردە، ئاتىسىنىڭ قانداق ئۆلگىنىنىمۇ بىلىدۇ. ياخشىسى. بۇنىمۇ ئۆلتۈرۈپ، جىگىرىنى كاۋاپ قىلىپ يەۋېتەي، بۇ ئوغۇلدا بولغان بارلىق ئىلىملەر ماڭا يار بولسۇن» دەپ ئويلاپ بەختىيارغا:

بۇ ئوغۇلنى ئۆلتۈرۈپ، جىگىرىنى كاۋاپ قىلىپ بەرسەڭ سېنى قۇللۇقتىن ئازاد قىلىمەن، — دېدى.

بەختىيار خۇش بولۇپ، خوجا بىلەن تۇتۇشتى ۋە خوجىنى باغنىڭ بىر بۇلۇڭىغا ئاپىرىپ

پۇت - قوللىنى باغلىدى. خوجا كۇلدى. بەختىيار ھەيران بولۇپ سورىدى:
— ئەي، يىگىت، ئۆلۈمۈڭ يېقىنلىشىپ قالسىمۇ يىغلىماي، كۇلىسىنا؟
— شۇنىڭغا كۇلىمەنكى، — دېدى يىگىت، — مېنى ئۆلتۈرۈپ، قانداقمۇ مەقسىتىڭگە يېتەرسەن؟
— مېنىڭ نېمە مەقسىتىم بار ئىكەن؟
— مەقسىتىڭ شۇكى، ئالقىشنىڭ قىزىغا ئاشىقسەن. ئۇنىڭ ساڭا مەيلى بار. لېكىن سەن ئۇنى ئالالمايسەن، ئەگەر سەن مېنى ئۆلتۈرمەي قىرىق كۈن تەخىر قىلالىساڭ، ئۇنى ساڭا ئۆزۈم ئەكېلىپ بېرىمەن. مېنى ئۆلتۈرسەڭ سەنمۇ ئازاد بولمايسەن، ئۇ قىزمۇ ساڭا نېسىپ بولمايدۇ — دېدى.
بەختىيار بۇ قىزنىڭ ئېتىنى ئىشتىپ يىغلىغاندى. خۇش خەۋەرنى ئىشتىپ كۇلدى ۋە:
— ئالقىش سېنىڭ جىگىرىڭنى كاۋاپ ئېتىپ بەر، دېگەندى، قانداق قىلارمەن؟ — دەپ سورىدى. خوجا ئېيتتى:
— دەرھال چاسۇغا بارغىن، چاسۇنىڭ ئوڭ يېنىدا ئاق پەرىجە كىيگەن يۇزىگە چۈمبەل يايقان بىر ئايال بىر پاقلانى تۇتۇپ ئولتۇرىدۇ. شۇنى ئېلىپ، جىگىرىنى كاۋاپ قىلىپ بەر.
— پاقلان جىگىرى ئادەم جىگىرىگە ئوخشىمىسا؟
— ئۇ پاقلاننىڭ جىگىرى ئادەم جىگىرىگە ئوخشايدۇ، — دېدى خوجا، — چۈنكى، ئۇ پاقلان قوزا ۋاقتىدا ئانىسى ئۆلگەنىدى. ئۇنى ئاشۇ ئايال ئەمگۈزۈپ چوڭ قىلغان. ئۇنىڭدا ئادەم قېنى بار. بەختىيار دەرھال خوجىنىڭ پۇت - قوللىرىنى يەشتى. خوجا ئېيتقان ھېلىقى پاقلاننى ئەكېلىپ جىگىرىنى ئالقىشقا كاۋاپ قىلىپ بەردى. ئالقىش ئۇنى تۇزغا مىلاپ راسا يېدى. شۇ ئەسنادا ئالقىشنى پادشاھ كەيقۇباد چاقىرىۋاتىدۇ، دەپ خەۋەر كەلدى.
ئەلقىسسە، ئالقىش ئوردىغا كىردى. كەيقۇباد ئۇچىسىغا سېرىق تون كىيىپ، بېشىغا قىزىل سەللە ئوراپ تەختتە ئولتۇراتتى. ئالدىدا تۆت مىڭ تۆت يۈز قىرىق تۆت خىزمەتكار - مۇلازىملار ئۇنىڭ خىزمىتىگە قول باغلاپ تۇراتتى. يەنە تۆت يۈز ھۆكۈما مۇنەجىم ۋە ئالىملار باشلىرىنى ئېگىپ تۇرۇشاتتى. ئەمما ئالقىش ئەشۇلارنىڭ ھەممىسىدىن يۇقىرى مەنسەپكە ئىگە ئىدى. ھەممەيلەن ئۆز ئورۇنلىرىدا قارار تاپتى. پادشاھ يۈزىنى ھۆمالارغا قارىتىپ دېدىكى:
— كېچە بىر چۈش كۆردۈم ۋە بۇ چۈشتىن چۆچۈپ ئويغاندىم. لېكىن، ئۇنى ئۇنتۇپ قالدىم. سىلەر ھۆكۈمالار بۇ چۈشۈمنى تېپىڭلار، نېمە چۈش كۆرۈپتىمەن، تەبىرىنى ئېيتىڭلار!
تۆت يۈز ھۆكۈما چاچراپ ئورنىدى قوپتى ۋە ھۆرمەت بىلەن:
— ئەي پادشاھى ئالەم، سىلى كۆرگەن چۈشلىرىنى ئېيتسىلا، بىز تەبىرىنى ئېيتايلى — دېيىشتى.
پادشاھ دەرغەزەپ بولۇپ:
— ئەي ھۆكۈمالار، نەچچە يىلدىن بېرى، ئاش - نېنىمنى يەيسىلەر، ئىنئاملىرىمنى ئالىسىلەر، كىيىم - كېچەكىمنى كىيىسىلەر، دۆلىتىمنى كۆرىسىلەر، شۇنچىلىك بىرنېمىنى بىلمەمسىلەر؟! قېنى، تېپىڭلار — دېدى. ھۆكۈمالار ھەيران بولۇپ:
— ئەي پادشاھى ئالەم، سىلى بىر ئېغىز بولسىمۇ گەپنىڭ ئۇچىنى دەپ بەرسىلە ئاندىن بىز ئۇنىڭ تەبىرىنى ئېيتايلى، — دېيىشتى.

پادشاھنىڭ قەھرى - غەزىپى ھەددىدىن ئاشتى:

— ئەي، ھۆكۈمالار، ئەگەر سىلەر شۇ چۈشۈمنى تېپىپ، تەبىرىنى دەپ بېرەلمىسەڭلار، مەن مۇشۇ تۇرغان، تۆت يۈز ھۆكۈمانى ئۆلتۈرۈپ، تېرىسىگە سامان تىقتۇزىمەن! بولمىسا، كەيقۇباد بولماي كېتەي! — دېدى. ئۇلار ئىشنىڭ چىڭ يېرىگە بېرىپ قالغىنىنى بىلىشتى. ھەممىسى قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇپ نالە قىلىشتى:

— ئەي پادشاھى ئالەم پاناھ، بىزگە قىرىق كۈنلۈك مۆھلەت بەرسىلە، كۆرگەن چۈشلىرىنى تاپايلى. تاپالمىساق، نېمە قىلسىلا ھەقتۇر، — دېيىشتى. پادشاھ قوبۇل قىلدى ۋە بۇ ھۆكۈمالارنىڭ بىرىنى بىرىگە كېپىل قىلىپ ئاخىردا ھەممىسىنى ئالقىشقا تاپشۇردى. ئالقىش ھۆكۈمالارنى ئۆز ھويلىسىغا ئېلىپ كەلدى. ئۇلار ھەممىسى يىغا - زار بىلەن ھەر كۈنى ھېكمەت كىتابلىرىنى ئاختۇراتتى، پادشاھ كۈندە بىر قېتىم سۈرۈشتە قىلاتتى. ئۇلار تاپالمايتتى. پادشاھمۇ قىرىق كۈنگىچە پەرىشان ھالدا يۈردى. ھۆكۈمالار بولسا، كېچە - كۈندۈز ئارام ئالمايتتى. ئۇلار يېمەك - ئىچمەكتىن قالغانىدى. ھەر كۈنى ياساۋۇللار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى كېلىپ سۈيلەيتتى.

ئاخىرى قىرىق كۈن توشتى. پادشاھ جاللاتلىرىغا «بېرىپ ھۆكۈمالارنىڭ تېرىسىگە سامان تىقىپ، دەرۋازىنىڭ بېشىغا ئېسىڭلار!» دەپ بۇيرۇدى. جاللاتلار ئالقىش ۋەزىرىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، پادشاھنىڭ يارلىقىنى يەتكۈزدى. ئالقىش شۇ چاغدىلا بىر ئىشنى خاتا قىلغىنىنى بىلدى ۋە ھۆكۈمالارغا خوجا بۇزەر جۇمھۇرنىڭ ۋەقەسىنى باشتىن - ئاخىر ئېيتىپ بەردى:

— ئاخىر مەن ئۇنىڭ بېشىغا چىقتىم. ئەگەر ئۇ ھازىر ھايات بولغان بولسا، بۇ ئىشنى چۇقۇم ھەل قىلاتتى، — دېدى. ھۆكۈمالار بۇ ئىشقا قاتتىق ئەپسۇسلاندى. ئالقىش بەختىيارنى چىقارتتى. بەختىيار بولسا بولۇۋاتقان ۋەقەلەرنى ھەر كۈنى خوجىغا ئېيتىپ تۇرغانىدى. ئۇ خوجىنىڭ قېشىغا كىرىپ، ئۆزىنىڭ چاقىرتىلغانلىقىنى ئۇنىڭغا خەۋەر قىلدى. ئاندىن ئالقىشنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ئەي بوتام، خوجىنى ئۆلتۈرگەنمىدىڭ - يوقمۇ؟ — دەپ سورىدى ئالقىش.

— ئۆلتۈرۈپ جىگىرىنى كاۋاپ قىلىپ بەرمىدىممۇ؟

— ئۇنى ئۆلتۈرۈش ۋاقتىڭدا، ئۇ، بىرەر نەرسە دېمىگەنمۇ؟

— دېگەندەك قىلغانىدى.

— نېمە دېگەنىدى؟

— «ئەي، بەختىيار، ئالقىشقا بىر پالاكەت كېلۈركى، ئۇ چاغدا مەن بولمىسام، ئالقىش باشلىق تۆت يۈز ھۆكۈمانىڭ بېشى ئۆلۈمگە كېتىدۇ» دېگەنىدى. سىز مېنى ئازاد قىلاي دېگەچكە، مۇرادىمغا يېتىدىغان ئوخشايمەن، دەپ ھۆكۈمىڭىزنى بەجا كەلتۈرگەنىدىم.

ئالقىش باشلىق ھەممە ھۆكۈمالار ئەپسۇس يېيىشىپ:

— ئۇ شۇنچىلىك دانا ئىكەندۇق. ئۇنىڭ ئۆلۈكىنى بولسىمۇ تېپىپ، تىلەپ باقساق، — دەپ يىغلىنىشتى.

— مەن، — دېدى بەختىيار، — ئالقىش ۋەزىرىنىڭ قىزىغا ئاشىقتۇرمەن، ئەگەر ئۇ قىزنى ماڭا بەرسە، مەيلى، ئۇرۇنۇپ باقاي، تىرىلىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس.

— ناۋادا ئۇ تىرىلىپلا قالسا، ساڭا قىزىمنى بېرەي، — دېدى ئالقىش. بەختىيار بۇنىڭ سۆزىنىڭ يالغان بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. بۇنى سەزگەن ئالقىش ئۆز سۆزىنىڭ راستلىقى ئۈچۈن بېشىدىكى تاجىنى ئېلىپ بەختىيارغا بەردى. بەختىيار چىقىپ خوجا جۇمـ

ھۇرنىڭ قىشىغا كەلدى. خوجا ئۇنىڭغا:

— سەن ئالقىشنىڭ ئالدىغا بېرىپ، «سىزنىڭ ھۆكۈمىڭىزنى ئېيتىپ تۇگۈرگەنىدىم، تىرىلدى» دېگىن — دېدى.

بەختىيار كېلىپ شۇنداق دېگەنىدى، ھۆكۈمالار ناھايىتى خۇشال بولۇشتى. ئۇلارغا باشقىدىن جان كىردى. ئالقىش ئىككى ھۆكۈمانى بەختىيارغا قوشۇپ، خوجىنى ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتتى، خوجا يېتىپ كەلدى. ھۆكۈمالارنىڭ بەزىلىرى ئۇنى كىچىك كۆرۈپ كۆزىگە ئىلمايتتى. ئەمما، ئالقىش ئۇنى كۆرۈپلا ئورنىدىن چاچراپ قوپتى ۋە ئىززەت - ئىكرام بىلەن سالام قىلىپ قارشى ئالدى. يۇقىرىغا ئۆتكۈزۈپ، ئۆز ئورنىدا ئولتۇرغۇزدى ۋە:

— ئەي، بالام، بېشىمىزغا بىر قارا تاغ يىقىلدى. جېنىمىز ھەلقۇمغا كېلىپ قالدى. شاھنىڭ چۈشىنى تېپىپ، جېنىمىزغا ئارا تۇرسىڭىز، دېدى.

— پادىشاھنىڭ چۈشىنىمۇ، تەبىرىنىمۇ بىلىمەن، — دېدى خوجا جۇمھۇر، — شەرتىم شۇكى، ۋەدىگە تۇرسىڭىز ئېيتىپ بېرىمەن، بولمىسا، يوق، ئالقىش ئۇنىڭدىن:

— ئەي، جان غوجام، نېمە شەرت - نېمە ۋەدە ئۇ؟ — دەپ سورىدى.

— قىزىڭىزنى بەختىيارغا بېرىسىز.

ئالقىش بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، ئويغا چۆمدى. ھۆكۈمالار بولسا «ھەممىمىزنىڭ ئۆلگىنى ياخشىمۇ، يا تىرىك قالغىنىمىزمۇ؟» دەپ غۇلغۇلا قىلىشقا باشلىدى. ئالقىش ئاخىر قىزنى چاقىرىپ، خوجىغا تاپشۇردى. خوجا قىزنى بەختىيارغا تۇتقۇزدى. بەختىيار ئۈچ يىلدىن بېرى بۇ قىزغا ئاشىقى بىقارار ئىدى. ئۇ قىزنى يېتىلگىنىچە باغنىڭ بۇلۇڭىدىكى تامنىڭ كەينىگە ئاپىرىپ ھوشىنى يوقاتقان ھالدا قىزغا يېپىشتى، بارلىق دىۋە - پەرىلەر ھەيران بولۇپ قاراشتى، قىزنىڭ نالىسىنى ئاڭلىغان باغدىكى قول يۈگۈرۈپ كېلىپ بەختىيارنىڭ ساغرىسىدىن چىمداپ 4 سەر گۆشىنى ئۈزۈۋالدى. ئەمما بەختىيارغا چىۋىن چاققانچە تۇيۇلماي، ئىشنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى. شۇ كۈنىلا «بەختەك» ئىسىملىك پىتنىخور هارامزادە قىزنىڭ بويىدا قالدى.

ئەلقىسسە، ئەبۇزەر جۇمھۇر ئالقىشقا:

— ھەممىڭلار پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئولتۇرۇڭلار ۋە ئۇنىڭغا: «مەن چۈشلىرىنى بىلەتتىم. ھازىرغىچە ھايال قىلىشىمدىكى سەۋەب، مېنىڭ ھۆكۈمالار بىلەن ئارىمىزدا پەرق بارمۇ يوق، دەپ ئويلايتتىم. ئوچىقىمغا ئوت قالايدىغان بىر يېتىم بالا بار. شۇمۇ بۇ سىرنى بىلەتتى. شۇ ئېيتىپ باقسۇنمىكىن.» دەڭ، — دېدى.

ئالقىش خۇشال بولۇپ، ھۆكۈمالار بىلەن يولغا رىۋان بولدى. ئۇلار بېرىپ پادىشاھقا خوجىنىڭ ئۆگەتكەنلىرىنى دېيىشتى پادىشاھ خۇشال بولۇپ» خوجىغا ئىككى ياساۋۇل ئەۋەتتى. ياساۋۇللار كېلىپ يارلىقنى يەتكۈزدى. ئەمما، خوجا:

— ھەي ئەخمەقلەر، شاھنىڭ ھاجىتى ماڭا چۈشۈپتىمۇ، ياكى مېنىڭ ھاجىتىم شاھقا چۈشۈپتىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— پادىشاھنىڭ ھاجىتى سىزگە چۈشۈپتۇ، — دېيىشتى ياساۋۇللار.

— ئۇنداق بولسا، ماڭا مۇناسىپ ئات ئەۋەتمەي نېمە قىلغىنى؟ يا مېنى سىلەر ھەيدەپ بارامدىكەنسىلەر؟ يا سىلەردە، يا پادىشاھىڭلاردا ئەقىل يوقمۇ؟ — دېدى خوجا، ياساۋۇللار ئارقىسىغا ياندى. ئۇلار: «بۇ ئۆزى كىچىك بولغىنى بىلەن ئاجايىپ ئەقىللىقكەن» دېيىشىپ، ئەھۋالىنى شاھقا ئېيتىشتى. پادىشاھ دەرھال ئۆزى مىنىدىغان توپچاقى ئىراقىنى ئېگەرلەپ

ئەۋەتتى. خوجا بۇنى كۆرۈپ:

— نېمە بۇ؟ — دېدى.

— ئات، — دېيىشتى ياساۋۇللار.

— بۇ ئاتنىڭ ئەسلى نېمە؟ — سورىدى يەنە خوجا.

— بۇنىڭ ئەسلى يەلدۇر.

— بۇنىڭ ئەسلى يەل ئىكەن، — دېدى خوجا، — مېنىڭ ئەسلىم تۇپراقتىن، مەن بۇنىڭغا مىنسەم بولمايدۇ. پادشاھنىڭ چۇشى يەردە قالىدۇ، — دەپ ئۇنىمىدى.

ياساۋۇللار شاھقا كېلىپ يەتكۈزدى. پادشاھ:

— ئۇلۇغلارمۇ خېچىرغا مىنگەن. مېنىڭ خېچىرىمنى ئېلىپ بېرىڭلار، — دېدى.

خوجا بۇنى كۆرۈپ يەنە سورىدى:

— بۇ نېمە؟ ئەسلى نېمىدىن؟

— بۇ خېچىر، ئانىسى - ئېشەك، دادىسى ئات، دېيىشتى.

— بۇ بىر ھارام نەسلى. مەن بولسام ھالال نەسلى. ھارامزادە بىلەن ھالالزادە قاچان قاملاشقان؟ — دېدى. ئۇلار يەنە پادشاھقا كېلىپ ئېيتتى. پادشا ئۇنى - بۇنى ئەۋەتىپ باقتى، خوجا ھەممىسىگە بىر سەۋەب كۆرسىتىپ مىنىپ كېلىشكە ئۇنىمىدى. ئاخىرى پادشاھ:

— بېرىپ سوراڭلار، ئۇنىڭغا نېمە مۇناسىپكەن؟ نېمىگە مىنىمەن دېسە شۇنى ئەۋەتىپ بېرەي، — دېدى.

— مېنىڭ جىنسىم ئادەم، — دېدى خوجا كەلگەنلەرگە، — ماڭا ئالقىش ۋەزىرىنى ئەۋەتسۇن، شۇنىڭغا مىنىپ باراي، بولمىسا بارمايمەن، — دېدى.

ئۇلار كېلىپ بۇ سۆزنى پادشاھقا ئېيتتى. پادشاھ «ھەرقانچە بولسىمۇ، دۈمبىسىگە ھاپاشلاپ كېلەر» دەپ ئالقىش ۋەزىرنى ياساۋۇللارغا قوشۇپ ئەۋەتتى، ئالقىش كېلىپ:

— ئەي بالا، مېنىڭ ئاق ساقىلىمغا ھۆرمەت قىلمامسىز، مېنى ئەمدى ئەمىرلەر ۋە ھۆكۈمالار ئارىسىدا شەرمەندە قىلامسىز؟ — دېدى. خوجا پەرۋا قىلماستىن، بىر قاتتىق ئېگەرنى ئەكېلىپ ئالقىشنىڭ دۈمبىسىگە توقۇدى. ئېغىزىغا يۈگەن سېلىپ، تۆشىنى تارتىپ، قوشقۇنىنى سېلىپ، ئالقىشقا مىندى. تۆمۈرچىلەرنىڭ بازىرىغا ئەكېلىپ، پۇتلىرىغا تاقا قاقتۇردى. ئالقىش پەرياد ئۇراتتى. لېكىن، شاھنىڭ يارلىقىغا چارە يوق ئىدى.

خوجا قولىغا قامچا ئېلىپ ئالقىشنى مىنگەن پېتى كەيقۇبادنىڭ ئوردىسىغا كىرىپ كەلدى. بۇنى كۆرگەن پادشاھنىڭ بېشىدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى. لېكىن ئۇ: «بۇ بالىنى قاتتىق جازالاپ، چوقۇم ئالقىشنىڭ ئەتتىنى ئېلىپ بېرىمەن» دەپ ئويلىدى. خوجا ئوردىغا كىرىپ كۆردىكى، پادشاھ كەيقۇباد بېشىغا شاھانە تاج، ئۇچىسىغا قىزىل يىپەكتىن توقۇلغان سەرۇپاي كىيىپ، فىروزە تەختتە ئولتۇراتتى. پادشاھنىڭ ئوڭ قول، سول قوللىرىدىكى ئۈمىرالارمۇ ئالتۇن بىلەن نەقىشلەنگەن، قارۇننىڭ تاجىسىدىن قېلىشمايدىغان دوپپا ۋە سەرۇپايلارنى كىيىشكەن بولۇپ، رەت - رېتى بىلەن تۇرۇشاتتى. تەختنىڭ كەينىدە تەخمىنەن توقسان ئالتە لەك لەشكەر قوراللىنىپ تۇراتتى. خوجا سالام بەجا كەلتۇرگەندىن كېيىن شاھنىڭ ئوڭ تەرىپىگە بېرىپ ئولتۇردى.

— ئەسلىم كۇفەدىن، — دېدى خوجا، — جاماست ھەكىمنىڭ نەۋرىسى، خوجا بەختنىڭ ئوغلىمەن، ئىسمىم خوجا ئەبۇزەر جۇمھۇر.

— مەن بىر چۈش كۆرگەنىدىم، — دېدى پادشاھ، — چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم.

لېكىن، چۈشۈمنى ئۇنتۇدۇم، بۇ ھۆكۈمالار ئاجىز كەلدى. سىز تاپالامسىز؟

— تاپىمەن، — دېدى خوجا.

— ئۇ، قانداق چۈش ئىدى؟ — سورىدى پادىشاھ،

— كۆرگەن چۈشلىرىنى ئاشكارا ئېيتايمۇ، ياكى پىنھانمۇ؟

— ئاشكارا ئېيتىڭ.

— سىز شۇنداق چۈش كۆردىڭىزكى، — دېدى خوجا، چۈشىڭىزدە قىرىق تاۋاقتا ئاش كەلدى. ئوتتۇز توققۇزى ياغاچ تاۋاق، بىرى ئالتۇن تاۋاق ئىدى. سىز ئاشۇ ئالتۇن تاۋاقتىكى ئاشقا مەيىل قىلدىڭىز، ئۇنىڭدىكى بىر پارچە ئۇستىخانلىق گۆشنى ئېلىپ يەۋاتاتتىڭىز. شۇ ئەسنادا بىر ئاق ئىت كېلىپ، قولىڭىزدىكى ئۇستىخاننى ئېلىپ قاچتى. سىز «چاغ، چاغ!» دەپ توۋلاپ، چۆچۈپ ئويغاندىڭىز.

— ھا - ھا - ھا! شۇ، شۇ ئىدى! — دېدى كەيقۇباد ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، خوجىنىڭ بېشىدىن بىر ئايلىنىپ كېلىپ ئولتۇردى.

كىشىلەر ھەيران قېلىشتى. پادىشاھ خۇشال بولۇپ، تەبىرىنى سورىدى.

— ئاشكارا ئېيتايمۇ، يا مەخپىيمۇ؟ — سورىدى خوجا.

— ئاشكارا ئېيتىڭ!

— سىزنىڭ قىرىق خوتۇنىڭىز بار، ئوتتۇز توققۇزى توقال، بىرى خانىش سىز خانىشقا مەيىل قىلاتتىڭىز. ئەمما، ئۇنىڭ بىر قارا زەڭگىدىن ئوينىشى بولۇپ خانىش ئاۋۋال زەڭگىنى رازى قىلىدۇ. ئاندىن، سىز بىلەن بىللە بولىدۇ. — دېدى، بۇنى ئىشىتكەن پادىشاھنىڭ بېشىدىن تۈتۈپ چىقتى. ۋە بېشى تۆۋەن چۈشۈپ كەتتى. خوجىنىڭ بۇ سۆزى باشقا ئۆمىرالارغا ياقمىدى.

— ھەي . . . ، — دېيىشتى ئۇلار، — بۇنداق سۆزنى پادىشاھنىڭ يۈزىچە ئېيتماسلىق كېرەك ئىدى. ئەمدى، بۇ يىگىتنىڭ مىڭ جېنىدىن بىرىمۇ قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان بولدى. ئۇ دېگەن سۆزىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالامدۇ يوق.

پادىشاھ بىر ھازادىن كېيىن، بېشىنى كۆتۈرۈپ، خوجىغا قارىدى:

— ئەي يىگىت، شۇ خانىش بىلەن زەڭگىنى تونۇمسىز؟

— تەخت، ئورۇندۇق ۋە سەندەللەرنى راۋاقنىڭ ئالدىغا قويسۇن. شاھ باشلىق ھەممە ئۆمىرالار شۇ يەردە ئولتۇرسۇن، خانىشلار مەپە بىلەن بىردىن - بىردىن ئۆتسۇن، شۇ ۋاقىتتا كۆرستىپ بېرەي، — دېدى خوجا.

— ھەرقايسى خانىشلار، — دەپ ھۆكۈم قىلدى پادىشاھ، — ئۆز خىزمەتكارلىرى ۋە ئۆز مەپىسى بىلەن بىر - بىرلەپ ئۆتسۇن!

مەپىلەر بىر - بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى. يىگىرمە بىرىنچى مەپىگە كەلگەندە يىگىت:

— زەڭگى بىلەن ئويناش بولغان خانىش ئەنە شۇ مەپىدە. — دېدى. پادىشاھ «تۇتۇڭلار!» دېدى. ياساۋۇللار تۇتتى. قارىسا، خانىشنىڭ يېنىدا دورداي كالپۇك، ئاغزىدىن شال ئېقىپ تۇرغان، قارا چوقۇر تۆگە تىزلىك بىر ھىندى ئولتۇرۇپتۇ.

زەڭگى بىلەن خانىشنى پادىشاھنىڭ قېشىغا ئېلىپ كېلىشتى.

— ئەي بەتبەخت! — دېدى پادىشاھ خوتۇنىغا، — مېنىڭدەك بىر شاھنىڭ ئۈستىگە موشۇنداق بىر بەتبەشىرە زەڭگىنى ئاداش تۇتقىلى ئۇيالمىدىڭمۇ؟!

— ئەي پادىشاھ، — دېدى خوتۇنى، — مېنىڭ پادىشاھلىقىڭىزدىن كۆرە ماڭا ھەر كېچىسى زەڭگى بىلەن كۆڭلۈمنى خۇش قىلغىنىم ياخشى. ئۇنىڭ بىلەن بىر سۆھبەتتە

بولغىنىم يۈز مىڭ پادىشاھلىقتىن ئوبدانراق. سېنىڭ قىرىق خوتۇنۇڭ بار. مېنىڭ نەپسىم سەندىن قانائەت تاپمايدۇ. بۇ گۇيىنىشىمدىن ھەرگىزمۇ ئۆزمەيمەن.

پادىشاھ ھەر ئىككىلىسىنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇدى. جاللاتلار دەرھال بەجا كەلتۈردى. پادىشاھ بۇ ئىشلارنى ئەمدىلا تاماملاپ بولۇپ، ئالقىشنىڭ ئەتىنى ئېلىپ بېرىشنى ئويلاپ تۇراتتى. خوجا ئەبۇزەر جۇمھۇرشاھنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ «داد پادىشاھىم» دېدى.

— نېمە دەردىڭ بار؟ — سورىدى شاھ.

— بىر كىشى باركى، — دېدى يىگىت. — ئۇ سېنىڭ مۈلكىڭنىڭ ئوغرىسى، مېنىڭ قاتىلىمدۇر، شۇنى تىلەيمەن.

— بەردىم، ئۇ كىم؟

— ئۇ بولسىمۇ ئالقىش.

— بۇ زادى نېمە ئىش؟

— دادام رەھىمسىز پەلەكنىڭ ۋە تۇترۇقسىز زامانىنىڭ تۈپەيلىدىن مەدىكارچىلىققا چىققانىكەن. ئالقىش دادامنى مەدىكارلىققا ئەكىلىپ ئىشلىتىپتۇ. دادا ئىشلەۋېتىپ ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ خەزىنىسىنى تېپىۋېلىپ بۇ ئىشنى ئالقىشقا ئېيتىپتۇ. ئالقىش، دادامنى بايلىق ئۈستىدە خار - زار ھالدا ئۆلتۈرۈپ ئۇنى شۇ يەرگە كۆمۈۋېتىپتۇ. ئەسلىدە خەزىنە پادىشاھقا تەئەللۇق ئىدى. لېكىن ئۇنى ئالقىش ئېلىۋالدى. دېمەك، ئۇ سىلىنىڭ ئوغرىلىرى مېنىڭ قاتىلىم بولىدۇ. — ئەي پادىشاھ، دەرھال ئاتلانسىلا، بارلىق ئۆمرالارمۇ بارسۇن، مەن سىلىگە بۇ بايلىقلارنى تېپىپ بېرەي، — دېدى.

ئەلقىسسە، پادىشاھ باشلىق ھەممە ئۆمىرالار ئاتلاندى. خوجا بولسا ئالقىش ۋەزىرگە مىندى. ئۇنى پادىشاھنىڭ ئالدىدا يورغىلىتىپ يۈگۈرتەتتى ۋە توختىماي شۇنداق ئۆراتتىكى، بىچارە ئالقىشنىڭ نالىسى كۆككە يېتەتتى. خوجا پادىشاھنى باشلاپ بېرىپ، بايلىقنى كۆرسەتتى. ئاندىن، دادىسىنىڭ كۆمۈلگەن جايىنى ئېچىپ كۆرسەتتى. ئۇ دادىسىنىڭ جەسىدىتى كۆرۈپ، باھار يامغۇرىدەك ياش تۆكۈپ يىغلايتتى. پادىشاھ ئۇنىڭغا ئالقىشنى تاپشۇردى ۋە بايلىقنىڭ يېرىمىنى بەردى. خوجا دادىسىنىڭ قەبرىسىنى ئوبدان ياساپ تۇپراق بېشىدا نەزىر - چىراغ قىلدى. ئالقىشقا بولسا ھېچ نەرسە يېگۈزمەي ھالىدىن كەتكۈزۈپ ئۆلتۈردى. ئاخىردا، پادىشاھ خوجىنى ئالقىشنىڭ ئورنىغا ۋەزىر قىلدى. خوجا ۋەزىرلىك ئورنىدا ئولتۇرۇپ، مەدايىندە ئۈچ ئاي تۇردى. ئاندىن، پادىشاھتىن ئىجازەت سوراپ، خەزىنە - دەپىنىلىرى بىلەن ئانىسىنىڭ قېشىغا راۋان بولدى. كۇفە خەلقى داغدۇغا بىلەن خوجىنىڭ ئالدىغا چىقىپ، شەھەرگە ئېلىپ كىردى. ھېلىقى شەمئۇن جوھۇتنىڭ كوچىسىنىڭ بېشىغا كەلگەندە، خوجىنىڭ ھارۋىلىرى بۇ كوچىغا پاتمىدى. شەمئۇننى تېپىپ «تېمىڭنى بۇزغىن، بۇ پادىشاھنىڭ يارلىقى» دېدى. شەمئۇن خوجىنى تونۇپ، قورقتى، ئۇن - تىن چىقارماي، دەرھال مەدىكار تېپىپ تامنى بۇزدى. شۇنىڭدىن كېيىن، خوجا ئانىسىنىڭ ئىشىكىگە كەلدى. ئانىسىنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ تاۋاپ قىلدى. كۇفە خەلقىگىمۇ نۇرغۇن سوۋغات بەردى. ئاخىردا كاللىپەز، ناۋاي، كاۋاپچىلارنى چاقىرتىپ ئۇلارنىڭ پۇللىرىنى بەردى. قول - دېمەك، يەر - سۇ، ھويلا - ھەرەملەرنى سېتىۋالدى. ئانىسىغا ھەممە نەرسىنى تەقلەپ بېرىپ، ئاندىن يەنە پادىشاھنىڭ يېنىغا قايتىپ كەيقۇبادنىڭ مۇلازىمىتىدە بولدى.

پادىشاھنىڭ بىر خوتۇنىدىن نوشىرۋان، كاۋۇس كامران ۋە مىرزەبان شاھ دەپ ئۈچ ئوغلى بار ئىدى. پادىشاھ بىر كۈنى خوجا بۇزەرگە ئېيتتى:

— ئەي خوجا، مەن بولسام قېرىدىم، تىرىكلىكىمدە بىر ئوغلۇمنى تەختىمگە ئولتۇرغۇ-

زايمىكىن دەيمەن. چۈنكى مەن ئۆلگەندىن كېيىن تەختنى تالىشىپ ئوغۇللىرىم ئارىسىدا نىزا پەيدا بولۇپ قالمىسۇن دەيمەن، — دېدى.

— خوپ بولغاي، — دېدى خوجا، — ئوبدان خىيال قىلىپسىز. مېنىڭچە، نۇشىرۋان-نى پادىشاھ قىلىڭ. ئۇنىڭ يۈزىدىن دۆلەت نىشانىسى چىقىپ تۇرىدۇ.

— ئۇ، ھەممىدىن كىچىك تۇرسا، ئاغىلىرى يامانلىماسمۇ؟

— سىز ئەتە بىر باھانە بىلەن ئۇنى بىرنەچچە تاياق ئۇرۇڭ. ئاندىن، بىر كېچە زىندانغا سالدۇرۇڭ، زىنداندىن چىقىرىپ ئېتىڭىزنى يېتىلەپ پىيادە يۈگۈرگۈزۈڭ، ئۇ راسا ھارسۇن، ئاندىن سورۇندا ھەممىدىن تۆۋەن ئولتۇرغۇزۇڭ ۋە ئۇنىڭغا ھەممىدىن ناچار - تەمسىز، قوۋۇۋەتسىز ئاش بېرىڭ چۈنكى بۇنىڭدا بىر ھېكمەت بار، بۇنى كېيىن سىزگە ۋە نۇشىرۋانغا ئېيتىمەن، — دېدى.

پادىشاھ ھەممىنى قىلدى. ئاندىن چوڭ توي قىلىپ خوجا ئەبۇزەر جۇمھۇرنىڭ دېگىنى بويىچە نۇشىرۋاننى تەخت سەلتەنىتىگە ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭ نامىغا خۇتبە ئوقۇتتى. تويدىن كېيىن، كاۋۇس كامراننى كابۇلغا، مىرزەبان شاھنى ھەلەب ھېسارىغە تەيىنلەپ ئەۋەتتى. پادىشاھ نۇشىرۋاننىڭ قولىنى خوجىنىڭ قولىغا بېرىپ:

— ئەي بالام، مەن ئەسلىدە كاۋۇس كامراننى پادىشاھ قىلماقچى ئىدىم. ئەمما خوجا شاھلىققا سېنى مۇناسىپ كۆردى. خوجىنىڭ تەكلىپى بىلەن سېنى پادىشاھ قىلدىم. ھەر ۋاقىت، ھەرقانداق ئىشتا خوجىنىڭ گېپىدىن چىقمىغىن، دېدى. ئاندىن خوجىغا قاراپ:

ئەي خوجا، بالا مېنىڭ ئەمەس سىزنىڭ، بۇ بالا مېنىڭ ئېقىمۇ - قارىسىمۇ سىزنىڭدۇر، — دېدى. ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتكەندىن كېيىن كەيقۇبادقا ئەجەل يەتتى. ئۇ بارلىق ئەمىرلەر ۋە ئەھلى - ئەۋلادلىرى بىلەن ۋىدالىشىپ، جان ئۈزدى. ئاخىر پادىشاھلىق نۇشىرۋانغا قالدى. كەيقۇبادنىڭ نەزىرىسىنى ناھايىتى چوڭ ئۆتكۈزۈپ، ئۇنى ئىززەت - ھۆرمەت بىلەن ئۇزىتىشتى.

بىر كۈنى خوجا نۇشىرۋانغا:

— ئەي پادىشاھىم، سىز ئەمدى يۇرت چوڭى بولدىڭىز. چۈنكى، تەخت ئاتىڭىزدىن سىزگە قالدى. سىزدىن يەنە پەرزەنتلىرىڭىزگە قالىدۇ. باشقا دۈشمەنلەر تەخت تەمەسىگە قەدىمىنى قويمىغاي، خىتا پادىشاھى چوڭ بىر خاقاندۇر. ئۇنىڭ قىزى سىزگە ئەڭ مۇناسىپ - دۇر. — دېدى ۋە خىتا خاقانىغا ئەلچى ئەۋەتتى. ئۇنىڭ قىزىنى ئەكەلدۈرگەندىن كېيىن مۇسۇلمانلارنىڭ قائىدىسى بويىچە نىكاھىنى ئوقۇپ نۇشىرۋانغا قوشۇپ قويىدى. شۇ تويدا بىرەيلەن چىرايلىق بىر ئوغۇلنى يېتىلەپ كىرىپ دېدى:

— بۇ بالا ئالقىشنىڭ نەۋرىسى بولىدۇ، بوۋىسى بۇ دەرگاھنىڭ دۆلەتمىنى ئىدى. ئەمدى. بۇ بالا يېتىم قاپتۇ. بۇنىڭغىمۇ ئىنايەت كۆزلىرى بىلەن قاراپ قويسىلا، ئۇنى خوجىغا تاپشۇرسىلا، ئىلىم ئۆگەنسە سول قول ۋەزىر بولسا..

نۇشىرۋان بالىغا قارىدى. ئۇنىڭ رەڭگى سېرىق، كۆزلىرى كۆك بولۇپ، چىرايىدىن ھارامزادىلىك ۋە بەتبەختلىك چىقىپ تۇراتتى. نۇشىرۋان ئەتراپىدىكى ئەمىرلەرنىڭ يۈزىنى قىلىپ ئۇنى قوبۇل قىلدى. قولىنى خوجىنىڭ قولىغا تاپشۇردى. خوجا ئۇنى پادىشاھنىڭ يۈز - خاتىرى تۈپەيلىدىن قوبۇل قىلدى. كۆپ ئۆتمەي بۇ ھارامزادە ھەممە بىلىملەرنى ئۆگەندى. ئۇ، كېچە - كۈندۈز پادىشاھقا ھەمراھ ئىدى. بىر قېتىم ئۇ ئۈچ كۈنگىچە پادىشاھنىڭ يېنىغا كەلمىدى. پادىشاھ: «بەختەك قېنى» دەپ سۈرۈشتۈردى. ئۆيىگە ئۇنى ئىزدەپ بارغانلار ئۇنى بىر گەمىدىكەن، دەپ كېلىشتى. پادىشاھ بېرىپ قارىسا، بەختەك

گەمىدە بىر پۇتىنى ئالدىغا قويۇپ، يۈكۈنۈپ ئولتۇرغىنىچە يىغلاۋاتقانىكەن.

— ئەي بەختەك، — دېدى پادىشاھ، — بۇ نېمە؟

— بۇ بىر خەزىنىدۇركى ئاتا - بوۋىمىز بۇنىڭغا بەندىچىلىك قىلاتتى. بۇ خوجا جۇمھۇر سىزنى يولدىن ئازدۇرۇپ غەيرىي دىنغا باشلىماقچى. ھېلىھەم ياخشىسى، سىزمۇ بۇنىڭغا باش ئۇرۇڭ، ئاتا - بوۋىڭىزنىڭ دىنىدا بولۇڭ، — دەپ، پادىشاھقا ۋەسۋەسە قىلىپ ئۇنى بۇتپەرەسلىك يولىغا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھنى زۇلۇم ۋادىسىغا ئېلىپ كەلدى. ئالەم ۋەيران بولۇشقا يۈزلەندى. خوجا ئادىللىقا ناھايىتى كۆپ دالالەت قىلدى. بەختەك بولسا، زۇلۇمغا زورلىدى. ئۇ ھەممە ۋاقىت پادىشاھقا ھەمراھ بولغاچقا، ئۇنىڭ سۆزى بەكرەك تەسىر قىلاتتى. شۇنداق قىلىپ شەھەر ۋەيران بولدى. خەلقلەر تاغۇ - باياۋانلارغا قېچىشقا باشلىدى.

### ئەلقىسسە، نۇشىرىۋاننىڭ ئادالەت زەنجىرىنى ئورناتقانلىقى

بىر كۈنى، پادىشاھنىڭ قېشىغا بىر گۇناھكارنى ئېلىپ كىردى. پادىشاھ ئۇنى ئۆلۈمگە بۇيرۇدى. ئۇ گۇناھكار خوجىغا قاراپ:

— ھەي خوجا، ئەپسۇسكى، ھۈنىرىمنى ھېچكىمگە ئۆگەتمىگەنىدىم. ئۆزۈمغۇ ئۆلىدىغان بولدۇم. ئىسىت، ھۈنىرىممۇ ئۆلىدىغان بولدى، — دېدى.

— نېمە ھۈنىرىڭ بار؟ — دەپ سورىدى خوجا.

— قۇشلارنىڭ تىلىنى بىلەتتىم.

بۇنى ئاڭلىغان بەختەك:

— بىر كىشىنى ئۆلتۈرگەندىن نېمە چىقىدۇ؛ ئۇنى خوجا جۇمھۇرغا تاپشۇرايلى. ئۇ قۇشلارنىڭ تىلىنى ئۆگەنسۇن، كېيىن ئۇنىڭدىن بىز ئۆگىنەرمىز، — دەپ گۇناھكارنى خوجىغاغا تاپشۇردى. خوجا ئۇنى ئۆيگە ئەكىلىپ «ئەمىسە ئۆگەت» دېدى. ئۇ، بولسا يىغلاشقا باشلىدى:

— ئاتام شۇنداق نامرات تۇرۇپ، مېنىڭ ئۈچۈن جاھاندا ئاۋارە بولۇپ ئۆتكەن. ماڭا قۇشلارنىڭ تىلىنى ئۆگەتتۈرۈش ئۈچۈن ئۇستازىمغا ھەر كۈنى مىڭ دىنار پۇل ۋە بىر قىزنى بېرەتتى. ئۇستازىم مىڭ دىنارنى كۈندۈزى يېمەك - ئىچمەك ۋە نەغمىچىلەرگە خەجلىسە، كېچىسى قىز بىلەن ئەيش - ئىشرەت سۈرەتتى.

قىرىق كۈنگە يەتكەندە ئاتامنىڭ قولىدا بىر تىيىن قالمىدى. ئەي خوجام، ئاتام شۇنداق نامراتچىلىقى بىلەن ئۇستازىمغا خىزمەت قىلغانىدى. سىزمۇ ئاتام قىلغاندەك قىلمىسىڭىز، قانداق ئۆگىتىمەن؟

خوجا ئۇنىڭغا ماقۇل بولۇپ، قىرىق كۈنگىچە ھەر كۈنى مىڭ دىنار ۋە كېچىلىكىگە بىردىن قىز بەردى. قىرىق بىرىنچى كۈنى بولغاندا، خوجا «ئەمدى ئۆگەتكىن» دېگەنىدى. گۇناھكار كۈلۈپ كېتىپ:

— ئەي خوجا، دۇنيادا بىردىنبىر ئارمىنىم مۇشۇ ئىدى. مۇرادىمغا يەتتىم. ئۆزىڭىز بىر دانا كىشى، ھەزرىتى سۇلايماندىن كېيىن ھېچقانداق كىشىنىڭ قۇشلارنىڭ تىلىنى بىلىدىغانلىقىنى ئاڭلىمىدىم. مەن نەدىن بىلەي؟ ئەمدى، مەيلى ئۆلتۈرۈڭ، مەيلى قويۇپ بېرىڭ ئىختىيار سىزدە، — دېدى. خوجا كۈلۈپ كەتتى ۋە:

— سەن ئەييارلارنىڭ پەيلاسوپى ئىكەنسەن - دە — دېدى.

بىر كۈنى، پادىشاھ، خوجا بەختەك ۋە بارلىق ئۆمىرالار شىكارغا چىقتى بىر ۋەيرانلىققا

يەتتى. بۇ ۋەيرانىلىقتا ئىككى چۈغدەك [1] سايراۋاتاتتى. بۇنى كۆرگەن پادىشاھ:

— ئادەم قۇشلارنىڭ تىلىنى بىلسە قانداق ياخشى بولاتتى - ھە؟ — دېدى. بەختەك دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئېسىڭىزدە بارمىكىن، بىر گۇناھكارنى ئۆلۈمگە بۇيرۇغاندا ئۇ: «مەن قۇشلارنىڭ تىلىنى بىلەتتىم.» دېگەنىدى. بىز ئۇنى خوجا بۇزەرجۇمھۇرغا تاپشۇرۇپ بەرگەنىدۇق. خوجا ئۆگىنىۋالغان بولۇشى مۇمكىن، — دېدى.

— ئەلۋەتتە بىلىۋالدىم، — دېدى خوجا.

— بېرىپ قۇلاق سېلىڭ، — دېدى پادىشاھ، — بۇ قۇشلار نېمە دېيىشىۋاتىدىكىن.

خوجا باردى. قايتىپ كېلىپ، بېشىنى ئىرغىتىپ «ئەستەغپۇرۇللاھ» دېدى.

— نېمە دەيدۇ؟ — سورىدى شاھ.

— ئەي پادىشاھى ئالەم، — دېدى جۇمھۇر، — ماڭا ھۆكۈمەت ئۈزۈكىنى بەرسىڭىز، ئاندىن ئېيتسام.

پادىشاھ ئۈزۈكنى بەردى. خوجا قولىغا سېلىپ دېدى:

— ئەي، شەھرىيار ئالەم، بۇ چۈغدەكنىڭ بىر قىزى بار ئىكەن. يەنە بىرىنىڭ بىر ئوغلى بار ئىكەن. ئۇ، يەنە بىرىگە «قىزىڭنى بەر» دەيدۇ. ئۇ بولسا: «بەرسەم بېرەي. مېنىڭ ئەسلىمدىن سېنىڭ ئەسلىڭ كەم ئەمەس. ئەمما، قىزىمنىڭ ھەققىگە نېمە بېرىسەن؟» دەيدۇ. ئوغلى بار چۈغدەك: «مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بىر ۋەيرانەنى بېرەي» دەيدۇ. قىزى بار چۈغدەك ۋەيرانىدىن تولا نېمە يوق. ئەگەر، نۇشىرۋان پادىشاھ، بەختەك ۋەزىرلا بولىدىغان ۋە ئۇلار بۇنداق زۇلۇم قىلىۋېرىدىغان بولسا، بىر يىلدا بۇنداق ۋەيرانىدىن يۈز مىڭى پەيدا بولىدۇ» دەۋاتىدۇ، — دېدى.

پادىشاھ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ پەرىشان ھالدا شىكاردىن ياندى. ئوردىغا كىرىپ ئۈچ كۈنگىچە ئۆيدىن چىقمىدى. ئۈچ كۈندىن كېيىن تەختكە چىقتى، شۇ كۈندىن باشلاپ خوجا بەختەككە ئىلتىپات قىلمىدى. ئەكسىچە، خوجا ئەبۇزەرگە يېقىنلاشتى.

— مەن يامان قىلىپتىمەن، — دېدى ئۇ خوجىغا، — سىزنىڭ سۆزىڭىزگە كىرمەپتىمەن. ئالەم خارابلىشىپتۇ. ئەمدى سىزنىڭ سۆزىڭىزگە ئەمەل قىلاي، — دەپ خەزىنىنىڭ ئاچقۇچىنى خوجىغا بەردى ۋە — سىز شۇنداق قىلىڭكى، ئالەم ئاۋات بولسۇن، مەن بۇ بەتنامىدىن خالاس تاپاي.

خوجا ئاچقۇچنى ئېلىپ، خەزىنىدىن قىرىق پاتمان ئالتۇن ئالدى. تۆت يۈز غۇلاچ زەنجىر ياساتتى. ئۈچ يەرگە قوڭغۇراق ئاستى. زەنجىرنىڭ بىر ئۇچىنى راۋاقنىڭ ئىچىدىكى تەختكە؛ يەنە بىر ئۇچىنى تۆگلۈكتىن چىقىرىپ، ساراي ئالدىدىكى خادىغا باغلىدى.

قىرىق ياساۋۇل تەيىنلەپ، «دادخاھ كەلسە، زەنجىرنى ئىرغاتسۇن، پادىشاھ ئۇنىڭ دادىغا يېتىدۇ» دەپ ئوقتۇردى. ئاندىن كوچا - كوچىدا «تاكى ئۈچ يىلغىچە ھېچقانداق كىشىدىن ئالۋاڭ - ياساق ئېلىنمىسۇن! «دەپ جار سالدۇردى. بۇ خەۋەر ئەتراپ - ئالەمگە يېتىپ، قاچقان خەلقنىڭ ھەممىسى قايتىپ كېلىشتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئادالەت ئاخىرغىچە داۋاملىشىپ يۇرت ئاۋاتلاشتى.

## ئەلقىسسە، نۇشىرۋانغا ئېشەكنىڭ داد ئېيتىشى

---

[1] چۈغدەك — ھۇۋقۇش.

رىۋايەتچىلەر شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كۈنى، پادىشاھ ئۆمىرالىرى بىلەن تاماق يەپ ئولتۇراتتى، زەنجىر تەۋرەندى. پادىشاھ ئەمدىلا قولىغا بىرلوقما تاماق ئالغانىدى. دەرھال تاۋاققا ياندۇرۇپ قويىدى. چۈنكى پادىشاھ شۇ كۈنلەردە دادخاھنىڭ ھالىنى سورىمىغىدچە غىزا يېمەيتتى. ياساۋۇللار بىر زاماندىن كېيىن كىرىپ مەلۇم قىلدى:

— ئەي پادىشاھىم، ھېچكىم يوق، پەقەت بىر توكۇر ئېشەك يېغىرىنى خادىغا سۈركىگەلى تۇرۇپتۇ.

خوجا، بۇزەر دەرھال قويۇپ شاھ ئالدىدا يۈكۈندى:

— ئەي شاھىم، خۇدايىتائالا زۇلۇمنى ھايۋانلارغىمۇ بىلىندۇرۇپتۇ. بۇ ئېشەك دەردىنى ئېيتىپ كەلدى، — دېدى. ياساۋۇللار ئېشەكنى ئېلىپ كەلدى. خوجا:

— بۇ ئېشەك «مەن ياش ۋە بىجىرىم ئىدىم. ئىگەم ماڭا يۈك ئارتاتتى، مىنەتتى. ئەمدى، قېرىپ ھالىمدىن كەتكەندە، مېنى ھەيدىۋەتتى. ھازىر مەن ئاچلىقتىن ئۆلەي دېدىم. سەن ئادىل پادىشاھ بولغاندىكىن دادىمغا يەتكەيسەن» دەۋاتىدۇ، — دېدى.

شاھقا بۇ سۆز بەكمۇ خوپ كەلدى. «بۇ ئېشەكنىڭ ئىگىسىنى تېپىڭلار» دەپ ئادەم بۇيرۇدى. ياساۋۇللار ئىزدەپ تاپتى.

— بۇرۇن بۇ قانداق ئېشەك ئىدى؟ — دەپ سورىدى شاھ ئېشەك ئىگىسىدىن.

— پېشىن نامىزىنى كوفەدە ئوقۇپ بۇ ئېشەككە مىنسەم، نامازدىگەرنى يولدا، ناماز شامنى مەدىنىدە ئوقۇيتتىم، — دېدى ئېشەكنىڭ ئىگىسى.

— ئۇنداقتا، — دەپ بۇيرۇدى شاھ، — مەن ئۈچۈن بۇ ئېشەكنى ئۆيۈڭگە ئېلىپ بار. ھەر كۈنى بەش سەر كېپەك بېرىسەن، بىر يىلدىن كېيىن مېنىڭ قېشىمغا ئېلىپ كېلىسەن.

بىر يىلدىن كېيىن ئېشەكنى ئېلىپ كەلدى. ئۇنى زەنجىر بىلەن باغلاپ، باشقۇر الماي قالغانىدى. پادىشاھ «ئەمدى ئۇنىڭ ھالىغا يارىشا ئوت - سامان بەر» دەپ قايتۇرۇۋەتتى.

ئەلقىسسە، ئالەم ئادالەت بىلەن گۈللەندى. خوجا ئۈچ كۈنگىچە پادىشاھنىڭ قېشىغا كەلمىدى. پادىشاھ سۈرۈشتۈرگەندى. ئۇنى «ئاغرىپ قاپتۇ» دېيىشتى. پادىشاھ ئۆمىرالىرى بىلەن خوجىنى كۆرگىلى كەلدى. خوجىدىن:

— ئۆزىڭىز بىر دانا تۇرۇپ، نېمىشقا كېسىلىڭىزگە ئىلاج قىلمايسىز؟ — دەپ سورىدى. خوجا بولسا:

— قىلالمايمەن. ئەمما، بىرنەرسە داۋا ئىدى. ئۇ يوق، — دېدى.

— نېمە ئۇ؟

— بىر دانە كونا كېسەكتۇر.

پادىشاھ تۆت تەرەپكە تۆت ئادەم بۇيرۇدى. ئۈچ كىشى تاپالماي يېنىپ كەلدى. بىرى مەشرىق تەرەپكە بارغانىدى. ئۇ تەرەپتىكى بىر كەنتتىن بىر كونا ئىمارەتنى تېپىپ، بىر پارچە كونا كېسەك ئېلىپ كەلدى. خوجا ئورنىدىن قوپۇپ پادىشاھنىڭ قېشىغا كەلدى:

— ئەي پادىشاھى ئادىل، مەن ئاغرىق ئەمەس ئىدىم. ئادالەتنىڭ خاسىيىتىنى كۆرسىتەي دەپ شۇنداق قىلدىم. شۇ ئىمارەتنىڭ كونا بولۇشى نېمىدىن؟ — دەپ سوئال قويدى. كېسەك ئېلىپ كەلگەن كىشى:

— ئۇ تەرەپتە ئۇلۇغ خاقانىنىڭ بەھرام گورخاقان دەپ بىر ئوغلى بار ئىكەن. ئۇنىڭ جامائىتى ئىش - مائاشسىز، خانىۋەيران ئىكەن. ئەل ئۇنىڭدىن نارازى ئىكەن. ھېلىقى

ئۆينىڭ ئىگىسىمۇ قېچىپ يۈرگەنىكەن، ئۆي ۋەيران بوپتۇ، — دېدى. شاھ ئۇ يەرگە ئادەم ئەۋەتتى. شۇ زامان خاقاندىن ئەلەم بىلەن نامە كەلدى. نامەدە:

«بەھرامنىڭ خەلقى ئىچىدە ئىش، مائاشسىز ۋەيرانىلەر كۆپىيىپ كەتتى. ئۇ، ماڭا (دادىسىغا) تولا ئەدەپسىزلىك قىلىدۇ. ئۇنىڭ بىر ئامالىنى قىلساق بولاتتى. نامە تامام ۋەسسەلام» دەپ يېزىلغانىدى.

نۇشىرىۋاننىڭ بىر پەھلىۋانى بار ئىدى. ئۇ، رۇستەمنىڭ نەۋرىسى بولۇپ، گۇستەھەم مۇشىك ساسانى زەررىنسە كەپش دەپ ئاتىلاتتى. پادىشاھ ئۇنىڭغا بەھرام گورغا قارشى ئاتلىنىشقا يارلىق چۈشۈردى. پەھلىۋان ئاتمىش مىڭ كىشى بىلەن بەھرام گورغا قاراپ راۋان بولدى. بەھرام گور خەۋەر تېپىپ دەرھال ئالدىغا چىقتى. ئۇلار مەيدانغا چۈشۈپ نەيزىۋازلىق قىلىشقا باشلىدى. ئاۋۋال بەھرام گۇستەھەمنىڭ نەيزىسىنى تارتىۋېلىپ، ئۆزىنى بىر ئۇرۇپلا ئاتتىن ئۈچۈرۋەتتى. ئۆلتۈرەي دېگەندە ئۆمرالىرى قويمىدى. بويىنىغا زەنجىر سېلىپ ئەكېتىپ پادا باققىلى سالدى. گۇستەھەمنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ ھەممىسى تاغ - جاڭگاللارغا تاراپ كەتتى. بۇ ئەھۋالدىن شاھقىمۇ ھېچقانداق خەۋەر يەتمىدى.

## پەسلى داستان، ئادىيە بانۇنىڭ بېشارەت تېپىپ، مەككىگە بارغانلىقى

شۇ يوسۇندا بىرنەچچە كۈن ئۆتتى. بىر كۈنى تۇساتتىنلا، بىرمۇنچە سودىگەرلەرنىڭ ماللىرى بۇلاپ - تالىنىپ، باش - كۆزى يېرىلىپ، شاھنىڭ ئالدىغا كېلىشتى ۋە:

— داد، پادىشاھى ئالەم! بىزنى رەۋاھىلدىكى مەئدە كەرەب قاراقچى بۇلىدى، — دەپ دادلىدى.

گۇستەھەمنىڭ قۇباد ۋە ئەردەشىر دەپ ئىككى ئوغلى بار ئىدى. پادىشاھ ئۇلارنى ئوتتۇز مىڭ لەشكەر بىلەن ئەۋەتتى. ئۇلار بېرىپ رەۋاھىلنى ئالدى. مەئدەكەرەب قاراقچىمۇ ئۆلدى. ئۇنىڭ ئۆمەر مەئدەكەرەب ئاتلىق كىچىككىنە ئوغلى بار ئىدى. ئۇنىڭ تاغىسى ئۇنى ئېلىپ تاغقا قېچىپ چىقىپ كەتتى. مەئدەكەرەبنىڭ ئادىيە بانۇ دەپ بىر خوتۇنى بار ئىدى. ئۇ ناھايىتى خۇشخۇي، چىرايلىق ئىدى. قولغا چۈشۈپ قالدى. قۇباد بىلەن ئەردەشىرنىڭ كۆڭلىگە ۋەسۋەسە چۈشتى. راۋاھىل شەھىرىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ بولغاندىن كېيىن باشقىلار مەدايىنگە قايتىشتى. ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەن ئادىيە بانۇنى تالىشىپ قېپقالدى. ئاخىرى ئۇ خوتۇن بىر كېچىسى خۇداغا نالە قىلىپ، «ئەي، باراخۇدايا! ئەگەر مېنى موشۇ زالىملارنىڭ زۇلمىدىن خالاس قىلساڭ، قالغان ئۆمرۈمنى مەككىنىڭ ئۇلۇغلىرىغا خىزمەت قىلىش بىلەن ئۆتكۈزسەم. . . » دەپ مۇناجات قىلدى. ئۇنىڭ تىلىكى ئاللاغا يېتىپ بېشارەت بولدىكى، پۇت - قولى يېشىلدى. ئۇ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ مەككە تەرەپكە راۋان بولدى.

ئەتىسى قۇباد بىلەن ئەردەشىر قوپۇپ، ئادىيە بانۇنى ئىزدەپ ھېچيەردىن تاپالمىدى. ئادىيە ئاخىرى، خەزىنە - دەپىنلىرىنى ئېلىپ مەككىگە يېتىپ بېرىپ، مەككە چوڭلىرىغا خىزمەت قىلىشقا باشلىدى.

## پەسلى داستان، مەككىدە ھەزرىتى ئەمىر، خوجا مۇقبىل بىلەن ئۆمرى خوجىنىڭ ۋۇجۇدقا كەلگەنلىكى

پادىشاھ بىر كۈنى چۈش كۆردى. چۈشىدە: خەيبەر قەلئەسى تەرىپىدىن بىر ئۇلۇغ ئوت پەيدا بولۇپ مەدايىن شەھرى ۋە ئۆزىنىڭ تاجۇ - تەختلىرىگە تۇتىشىپ كەتكەنمىش، شۇ چاغدا، مەككە تەرەپتىن ئۈچ پارچە ئاق بۇلۇت پەيدا بولۇپ، قار - يامغۇر يېغىپ ئوت ئۆچۈپتۇ. نۇشىرىۋاننىڭ تاجۇ - تەختىگە ھېچ نۇقسان يەتمىگەنمىش پادىشاھ ئويغىنىپ ئەتىسى بۇ چۈشنى خوجا ئەبۇزەرگە بايان قىلدى.

— مەن بۇ چۈشنى «جاماستنامە» دە كۆرگەنىدىم، — دېدى خوجا، — بۇنىڭ تەبىرى شۇكى، سىزگە خەيبەر قەلئەسى تەرىپىدىن دۈشمەن كېلىدۇ. ئۇ، شەھىرىڭىز ۋە تاجۇ - تەختىڭىزنى ئالىدۇ، شەھەرنى تالان - تاراج قىلىدۇ. ئەمما، مەككە تەرىپىدىن ئۈچ يىگىت پەيدا بولۇپ، دۈشمەنلىرىڭىزنى ئۆلتۈرىدۇ ۋە تاجۇ - تەختىڭىزنى بېشىدا كۆتۈرۈپ ئالدىڭىزغا ئەكېلىدۇ، — دېدى.

— ئۇ دوستلىرىم ھېلىمۇ بارمۇ؟

— تېخى، بۇ يىل ۋۇجۇدقا كېلىدۇ.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى نۇشىرىۋان، — سىز بېرىپ، ئاشۇ ئوغۇللارنى تېپىڭ ئۇلار مېنىڭ نامىمدا پەرۋىرىش تېپىلسۇن.

خوجا ئۈچ ساندۇق ئالتۇن يۈكلەپ مەككىگە راۋان بولدى. پادىشاھ تۆت شەھەرگە نامە يېزىپ خوجىدىن بۇرۇن ماڭدۇردى ۋە مەككىنىڭ ئۇلۇغلىرىغا مۇناسىپ سەرۇپايلارنى تەييارلاپ خوجىدىن ئۇلارغا ئەۋەتتى. مەككىنىڭ چوڭ - كىچىكلىرى خوجىنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ ھەممىسى ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى. ئۇ ۋاقىتتا، مەككىنىڭ چوڭى خوجا ئابدۇل مۇتەللىپ ئىدى. ئۇ خوجا ئەبۇزەر جۇمھۇرنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئىززەت ئىكراملار بىلەن ئۇنى ئىبراھىم سارىيىغا چۈشۈردى. بۇ تېخى ھەج ۋاقتى بولمىغاچقا خوجىنىڭ بۇ يەرگە كېلىش سەۋەبىنى سورىدى.

— مەككىنىڭ تۇپرىقىدا ئۈچ ساھىبقىران دۇنياغا كېلىدىكەن. مەن شۇلارنى كۈتۈۋالغىلى كەلدىم. ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرىغا تارتۇق قىلغىلى ئالتۇن ئېلىپ كەلدىم. پادىشاھ «مەككىدە تۇغۇلغان ھەرقانداق پەرزەنتنى ماڭا كۆرسىتىلسۇن» دەپ ھۆكۈم قىلدى، — دېدى. ئۈچ كۈن ئىچىدە يەتتە مىڭ بوۋاقنى ئەكېلىپ كۆرسەتتى. خوجا كۆرۈپ «بۇلار ئەمەس» دەپ، ھەممىسىنى كەتكۈزۈۋەتتى. ئاخىرقى كۈنى خوجا ئابدۇلمۇتەللىپنىڭ قۇلى كىرىپ ئابدۇلمۇتەللىپكە پىچىرلىدى. ئۇ، ئۆيىگە چىقسا، خۇدايىتائالا بىر ئوغۇل پەرزەنت بېرىپتۇ. ئابدۇلمۇتەللىپ ئەبۇزەر جۇمھۇرنىڭ قېشىغا كىرىپ ئۇنىڭغا خەۋەر قىلدى. ۋە بالىنى ئەكىرىپ خوجىنىڭ ئالدىغا قويدى. خوجا «تەختىيەئى زەربۇلقەلەم» نى ئالدىغا قويۇپ، بوۋاقنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈردى ۋە دەرھال پەگاغا چۈشۈپ:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئەي قۇدرەتۇللاھ! يەر يۈزىگە خۇش كەپسىز! قەدىمىڭىز مۇبارەك بولسۇن! — دەپ بالىنىڭ ئاياغلىرىغا سۆيدى. «مەن دېگەن بالىلارنىڭ بىرى مۇشۇ بوۋاقتۇر» دەپ ئابدۇلمۇتەللىپكە بىر ساندۇق ئالتۇن بەردى. بۇ بوۋاققا «ئەبۇلئالى» دەپ ئات قويدى. كېيىن ئەمىر ھەمزە دەپ ئاتالدى. ئەتىسى مۇبەششىرە: «خۇدايىتائالا ماڭىمۇ

بىر پەرزەنت بېرىپتۇ» دەپ خوجا ئەبۇزەر جۇمھۇرغا خەۋەر قىلدى. ئەبۇزەر جۇمھۇر ئۇنىڭ ئەھۋالىنى تەپتىش قىلىپ «بىرى شۇ ئىكەن» دەپ بۇۋاقنى يېنىغا ئەكەلدۇردى. بالا ناھايىتى لاتاپەتلىك ۋە سۇزۇك ئىدى. بىر ساندۇق ئالتۇننى مۇبەششىرەگە بەردى. بوۋاققا «خوجا مۇقبىل ۋاپادار» دەپ ئات قويدى.

شۇ ئەسنادا، سارۋان ئۇمەييە سەھرادىن كەلدى. ئاڭلىسا، ئالدىنقى كۈنى خوجىسىنىڭ ئايالى ئوغۇل تۇغۇپ، بىر ساندۇق ئالتۇن ئاپتۇ. بۈگۈن مۇبەششىرەنىڭ خوتۇنى ئوغۇل تۇغۇپ، بىر ساندۇق ئالتۇن ئاپتۇ. ئۇ، كۆزلىرىدىن ھەسرەت ياشلىرىنى ئاققۇزۇپ يىغلىدى. ئۇنىڭمۇ خوتۇنى ئېغىر بوي ئىدى. «ئەگەر، مېنىڭمۇ ئوغۇل تۇغقان بولسا، مەنمۇ بىر ساندۇق ئالتۇن ئالماسمىدىم؟» دەپ، ئەھۋالىنى خوتۇنىغا دېدى. ۋە:

— خوجىنىڭ خوتۇنى بىلەن مۇبەششىرەنىڭ خوتۇنلىرى ئوغۇل تۇغۇپ ھەربىرى بىر ساندۇقتىن ئالتۇن ئاپتۇ. سەنمۇ ئوغۇل تۇغقان بولساڭ قالغان بىر ساندۇق ئالتۇننى مەن ئالغان بولاتتىم، — دېدى.

— سەن ساراڭ بولدۇڭمۇ؟ دېدى خوتۇنى، — قورسىقىمدىكىنىڭ ئوغۇل، قىزلىقىنى خۇدا بىلىدۇ. يەنە تېخى، تۇغۇشۇمغا يەتتە ئاي بار. ئۇمەييەنىڭ ئاچچىقى كېلىپ:

— ئۇ چاغدا تۇغقىنىڭنىڭ ماڭا نېمە پايدىسى؟! — دەپ، خوتۇنىنىڭ بېلىگە بىرنى تەپتى. خوتۇنى يىقىلدى. داد - پەريادىغا قارىماي، قولىنى تىقىپ، بالىنى سۇغۇرۇۋالدى. ئايال بىھوش بولدى. ئۇمەييە بالىنى ئېلىپ قارىسا، ئوغۇل. ئۇ، بالىنى ھېچ نەرسە تاپالماي، ئۆتۈكنى سېلىپ، پايتىمىسىغا يۆگەپ، ئۆتۈكگە سولاپ خوجا ئابدۇلمۇتەللىپنىڭ قېشىغا ئېلىپ كىردى. خوجا ئابدۇلمۇتەللىپ بالىنى خوجا ئەبۇزەر جۇمھۇرغا يەتكۈزدى.

— بۇ كىم؟ — دەپ سورىدى جۇمھۇر ئابدۇلمۇتەللىپتىن.

— بۇ مېنىڭ تۆگىچىم، ئۇنىڭ ئايالىمۇ بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. — دېدى. ئەبۇزەر جۇمھۇر كۆرەي دېۋىدى. ئۇ، بالىنى ئۆتۈكتىن پۇتىچە تارتىپ ئالدى. ۋە ئېتىكىگە يۆگەپ يېنىدا قويدى. بۇنىڭغا سورۇن ئەھلى قاتتىق كۈلۈشتى. ئۇ، گويا جوز ھىندىدەك قورۇق ئىدى. قاشلىرى ساماندەك سېرىق، كۆزلىرى كىچىك، ئاغزى يوغان بويى ۋە پاچاقلىرى ئۇزۇن ئاجايىپلا بىر ئوغۇل ئىدى. جۇمھۇر بۇ بالىنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، ئىززىتراپ بىلەن پەگاغا چۈشۈپ، قول قوشتۇرۇپ سالام قىلدى ۋە:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، موللايى مۇئەززەم ۋە مۇجتەبايى خوجا ئۆمرى، — دېدى ۋە: — ئەي، سورۇن ئەھلى، بۇ ئوغۇلغا ھازىر كۈلىسىلەر. ئەگەر ئۇ چوڭ بولغاندا» سەن تۇغۇلغاندا بۇ خەلق ساڭا كۈلۈشكەنىدى» دەپ ئېيتسا، سىلەرنىڭ نەسلى - زاتىڭلارنى قۇرۇتۇۋېتىدۇ، — دېدى ۋە ئۇنىڭغا خوجا ئۆمرى دەپ ئات قويۇپ، ئۇمەييەگە بىر ساندۇق ئالتۇننى بەردى. مۇبەششىرە كىرىپ، خوجا ئابدۇلمۇتەللىپكە:

— سىزنى ئىشىك تۈۋىدە بىر جۇۋان چاقىرىدۇ، — دېدى. ئابدۇلمۇتەللىپ چىقىپ قارىسا ئېگىز بويلۇق، ئوچۇق پېشانىلىك چىرايلىق بىر جۇۋان تۇرغان. خوجا ھال سوراپ سالاملاشقاندىن كېيىن جۇۋان:

— مەن مەئىدەكەرەب قاراقچىنىڭ خوتۇنى ئىدىم. ئۇ، راۋاھىلغا پادىشاھ ئىدى. قۇباد، ئەردەشىرلەر كېلىپ ئېرىمنى ئۆلتۈردى. مەن ئەسىرگە چۈشتۈم. «ھايات قالسام مەككىنىڭ ئۇلۇغلىرىغا خىزمەت قىلىمەن» دەپ نىيەت قىلغانىدىم. خۇدايىتائالا مېنى ئۇلاردىن قۇتقۇزدى. بىر ئايلىق بولغان كىچىك بالام بار ئىدى، ئۇنى تاغىسى ئېلىپ قاچتى. مەن سورا - سورا بۇ يەرگە يېتىپ كەلدىم. ئەمدى مەن خوجىنىڭ خىزمىتىنى قىلسام دەيمەن، —

دېدى. خوجا خۇشال بولدى. خوجا ئابدۇلمۇتەللىپ بۇ جۇۋاننى خوجا بۈزەر جۇمھۇرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىردى. ئابدۇلمۇتەللىپنىڭ ئوغلى ئۈچ كۈندىن بۇيان ئاغزىغا ئەمچەك سالمىغانىدى. خوجا ئەبۇلئالىنى جۇۋاننىڭ قۇچىقىغا سېلىپ بەردى. جۇۋاننىڭ بىر ئەمچىكى قۇرۇق (سۈتسىز) ئىدى. ئەبۇلئالى ئاشۇ قۇرۇپ قالغان ئەمچەكنى ئېغىزىغا سالدى. جۇۋان ئادىيە بانۇ قانچە مەنئى قىلسىمۇ ئۇنىماي ئەمدى. ئىمىش بىلەن تەڭ، ئۇنىڭ قۇرۇق ئەمچىكىگە سۈت كىرىپ، ئېقىشقا باشلىدى. جۇۋان:

مۇبارەك بولسۇن، نەچچە يىلدىن بۇيان قۇرۇپ چاپلىشىپ قالغان ئەمچىكىم، بۇ بالا ئىمىش بىلەنلا سۈت كىردى، — دەپ خۇش بولدى. خوجا بۈزەر جۇمھۇر ئادىيە بانۇنى ئەبۇلئالىغا ۋە خوجا ئۆمرىگە ئىنىكئانا قىلدى ۋە ئەبۇلئالى بىلەن ئۆمرىنى ئۇنىڭغا تاپشۇردى. مۇقبىلغا باشقا ئىنىكئانا تاپتى.

بىر كۈنى ئادىيە بانۇ مۇقبىلنى ئېمىتتى. چۈنكى، ئۇ كېچە ئەبۇلئالىنى پەرىلەر بۆشۈكى بىلەن ئېلىپ كەتكەنىدى. ئادىيە بانۇ پەرياد سېلىپ، ئەبۈزەر جۇمھۇرنىڭ قېشىغا چىقتى.

— ھېچقىسى يوق، — دېدى خوجا، — ئۇنى بىرەر ئىش بىلەن ئېلىپ — كەتكەندۇر، پەيدا بولۇپ قالار. . . .

تاڭلا كېچىسى پەرىلەر ئەبۇلئالىنى بۆشۈكى بىلەن ئادىيە بانۇنىڭ يېنىغا ئەكېلىپ قويدى.

خوجا ئەبۈزەر جۇمھۇر ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ، نۇشىرىۋاننىڭ قېشىغا باردى ۋە باللار-نىڭ ۋەقەسىنى بايان قىلىپ بەردى.

باللار تۇغۇلغىلى بىر يېرىم يىل بولۇپ قالدى. بىر كېچىسى ئادىيە بانۇ ئويغىنىپ قارىسا تاڭ ئېتىپتۇ. كۆڭلىكىدىن بىر ئالتۇن تۈگمىسى يوق. ئادىيەبانۇ خوجا ئابدۇلمۇتەل-ىپكە ئەرز قىلدى. خوجا تەكشۈرۈپ تاپالمىدى. ئىككىنچى كېچىسى يەنە بىر تۈگمىسى يوقالدى. ئۈچىنچى كۈنى كېچىسى يەنە بىر تۈگمىسىنى ئۈزۈۋالدى. خوجا تېخىمۇ قاتتىقراق تەكشۈرۈشكە چۈشتى. تۆتىنچى كېچىسى يەنە بىر تۈگمىسى يوقالدى. ئادىيەبانۇ كېچىسى ئۇخلىغان بولۇپ قاراپ ياتسا، خوجا ئۆمرى بۆشۈكىدىن بوشىنىپ ئاستاغىنە قوپۇپ، ئادىيەبا-نۇنىڭ ياقىسىدىن يەنە بىر تۈگمىسىنى چىشىدا غاجاپ ئۈزدى. پەگاغا چۈشۈپ ئىككى خىشنى كۆتۈرۈپ، ئاستىغا تىقىپ قويدى. قايتىپ كېلىپ بۆشۈككە ئۆزى بۆلىنىپ، يىغلاشقا باشلىدى. ئادىيە بانۇ سەكرەپ ئورنىدىن قوپۇپ خىشنى كۆتۈرۈپ قارىسا، بەش تۈگمىسىنىڭ ھەممىسى تۇرۇپتۇ. ئادىيەبانۇ ھەيران قالدى.

باللار تۆت ياشقا كىردى. سۈننەتىنى قىلىشتى ۋە ئوقۇغىلى موللىغا بەردى. موللىسى خوجا ئۆمرىنى ئالدىغا چاقىرىپ:

— ئەلىف، دېگىن، — دېدى.

— ئەلىف، — دېدى ئۆمرى. موللىسى:

— «بە» دېگىن، — ئۆمرى شۈك تۇردى.

— نېمىشقا دېمەيسەن؟! — دېدى موللا ئۆمرى.

— ئەگەر مەن «بە» دېسەم، سىز نېمە دەيسىز؟ بۇ ساۋاقلارنى ئوقۇمايمەن، — دەپ، موللىسىغا ئەيىبارلىق قىلىشقا باشلىدى. لېكىن، خوجا ئۆمرى موللىسى ئۆگەتكەن ساۋاقلارنى ھەممىنى تولۇق بىلىۋالاتتى.

ئەلقىسسە، خوجا ئۆمرىنىڭ ئاۋۋالقى موللىسىنى ئۆلتۈرگەنلىكى

بىر كۈنى باللار چۈشلۈككە قويۇپ بېرىلگەنىدى. خوجا ئۆمرى بىر باققالنىڭ ئالدىغا بېرىپ قارىسا، ناھايىتى چىرايلىق خورمىلار تۇرغان. خوجا ئۆمرى مەكتەپكە كېلىپ، ئاستاغىنە موللىسىنىڭ كىتابىنى ئوغرىلاپ چىقىپ باققالنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— موللامنىڭ ئۆيىگە مېھمان كەلگەنىدى، سىزنى خورما بەرسۇن، دەپ بۇ كىتابنى ئەۋەتتى، — دېدى.

باققال بىر سەر خورما بەردى. ئۆمرى خورمىنى قوينىغا تىقىپ باللارنىڭ قېشىغا كەلدى. ۋە قوينىدىن خورما ئېلىپ يېيىشكە باشلىدى. باللار ئۇنىڭدىن خورما سورىسا، ئۆمرى:

— مەن ھەر نېمە دېسەم ئۇنامسىلەر؟ — دېدى.

— ئۇنايمىز! — دېدى باللار، ئۆمرى ئۇلارغا خورما بەردى.

ئەتىسى، راستىنلا موللىنىڭكىگە مېھمان كەلدى. ئۇنىڭ ھويلىسىدا بىر چوڭقۇر قۇدۇق بار ئىدى. شۇ قۇدۇقتىن سۇ ئىچەتتى. موللا باللارغا سۇ تارتىشنى بۇيرۇدى. باللار سۇ تارتقىچە، ئۆمرى ئارغامچىنى كېسىۋەتتى. سوغا قودۇق ئاستىغا چۈشۈپ كەتتى. ئۆمرى دەرھال كىرىپ موللىغا خەۋەر قىلدى. موللا ئالدىراپ، قۇدۇققا ئۆزى چۈشتى ۋە سوغىنى ئارغامچىغا باغلاپ باللارغا «تارتىڭلار دېدى. باللار تارتتى. ئۇ، قۇدۇقنىڭ لېۋىگە چىققاندا، ئۆمرى باللارغا «چاۋاك چېلىڭلار!» دەپ بۇيرۇدى. باللار ئارغامچىنى قويۇپ بېرىپ، چاۋاك چېلىشقا باشلىدى. موللا سوغا بىلەن بىللە قۇدۇق ئاستىغا چۈشۈپ كېتىپ، بېلى سۇندى. ئۇنى تارتىپ چىقارغان بولسىمۇ، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ساقىيالماي ئۆلۈپ قالدى. موللىنىڭ خوتۇنى خوجىنىڭ قېشىغا كەلدى ۋە ئۆمرىنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلدى. خوجا ئۆمرىگە سىياسەت قىلدى ۋە موللىنىڭ خوتۇنىغا پۇل مال بېرىپ، يولغا سالدى. ئۆمرى ئويۇننى ئويناۋەردى. ئۇ باللار بىلەن ئۇرۇشۇپ، بىرىنىڭ بېشىنى يارسا، بىرىنىڭ كۆزىنى قۇياتتى. بىرىنىڭ قولىنى سۇندۇراتتى. باللارنىڭ ئاتا - ئانىسى تولا ئەرز قىلىپ، ئاۋارە قىلاتتى. خوجا بۇلارنىڭ بەزىسىنى پۇل بىلەن، بەزىسىنى ياخشى گەپ بىلەن يولغا سالاتتى.

**ئەلقىسسە، خوجا ئۆمرىنىڭ ئىككىنچى موللىسىنى ئۆلتۈرگەنلىكى**

ئۆمرىنى يەنە باشقا بىر موللىغا بەردى. ئۇنىڭ يەنە ئىچى پۇشتى. خوجا ئۆمرى بىر كۈنى بازارغا چىقىپ بىر سودىگەرنىڭ بىرمۇنچە يىڭنىسىنى ئوغرىلاپ كېلىپ، موللىسى ئولتۇرىدىغان ئورۇندۇققا قاداپ ئۈستىگە يوپۇقنى يېپىپ قويىدى. موللا كىرىپ ئولتۇرۇشىغا ساغرىسىغا يىڭنىلەر قادىلىپ، ۋايۋايلاپ كاتتى. ئورنىدىن تۇرماقچى بولۇپ، تايىنىشىغا يىڭنىلەر ئالىقانلىرىغا سانچىلدى. خوجا ئۆمرى پىياز سۈيىگە چىلىغان قولياغلىقنى كۆزىگە سۈركەپ يالغاندىن يىغلاپ:

— ئەي موللام، ئاتام مەلھەم ياسايتتى. ئېلىپ كېلەيمۇ؟ — دېدى. موللا ماقۇل بولدى. خوجا ئۆمرى ئۆيىگە بېرىپ زەرنىخ، شاخار، ھاك ۋە مەرگىمۇچنى سوقۇپ، ئۇلارنى زەھەرلىك چۆپنىڭ سۈيىدە يۇغۇرۇپ ئېلىپ كەلدى. ئۇ موللىسىنىڭ ساغرىسى ۋە ئالىقانلىرىدىن يىڭنىلەرنى ئالىمەن دەپ، سۇندۇرۇپ ئالدى. يىڭنىنىڭ سۇنۇقى ئىچىدە قالدى. ئاندىن مەلھەمنى چاپتى. بىچارە موللا زەھەرلىنىپ ھەم بەدىنىدە قېپقالغان يىڭنىلەر تۇپەيلى بەدىنىدىن قان - يىرىڭ ئېقىپ ئۆلدى. موللىنىڭ خوتۇنى بۇنى خوجا ئۆمرىدىن كۆرۈپ، باللىرىنى يېتىلەپ، خوجىنىڭ قېشىغا كەلدى. خوجا ئۇنى بىر ئامال لاپ يولغا سالدى.

### ئەلقىسسە، ئۆمرىنىڭ ئۈچىنچى موللىسىنى ئۆلتۈرگەنلىكى

خوجا ئۆمرىنى يەنە بىر مەكتەپكە ئاپىرىپ بەردى. ئۆمرى موللىسىغا «كۆپتە ئادەم بار ئىكەن» دەپ يالغان ئېيتتى. موللا كۆپكە قاراش ئۈچۈن ئېڭىشىشىگە موللىنىڭ بېشىنى كۆپكە تىقىپ تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈردى. ئۇنىڭ خوتۇنىمۇ خوجىغا ئەرز قىلدى. خوجا ئۇخۇتۇن-نىمۇ رازى قىلىپ قايتۇردى.

### ئەلقىسسە، ئۆمرىنىڭ تۆتىنچى موللىسىنى ئۆلتۈرگەنلىكى

ئاتىسى ئۆمرىگە نۇرغۇن نەسىھەت قىلدى، قاتتىقمۇ تەگدى، ئاخىر ئۇنى باشقا بىر مەكتەپكە ئەۋەتتى. ئۆمرى بۇ يەردىمۇ شوخلۇقىنى تاشلىمىدى. بىر كۈنى، ئۇ، بالىلارغا: «ئەتە موللام كەلگەندە، ئەي موللام، چىرايلىرى باشقىچە تۇرىدىغۇ؟ دەڭلار» دەپ ئۆگىتىپ قويدى. ئەتىسى موللا كەلگەندە بالىلارنىڭ ھەممىسى شۇنداق دېيىشكىلى تۇردى. موللام: «راست ئاغرىپ قالغان ئوخشايمەن» دەپ، ئۆيىگە چىقىپ ياتتى. خوجا ئۆمرى «موللامغا كاللا دورا ئىمىش» دەپ كاللىپەزدىن كاللا ئالدى. كەلگۈچە كاللىنىڭ ئىچىگە يار يېلىمى تىقىپ ئېلىپ كەلدى ۋە موللىسىغا:

— دادام موللاڭ كاللىنىڭ مېڭىسىنى ئىسسىق - ئىسسىق ئېلىپ يېسۇن، پايدا قىلىدۇ» دەيدۇ، — دېدى.

موللا كاللىنىڭ مېڭىسىنى ئالىمەن دەپ، ئوتتۇرا بارمىقىنى تىققاندى. قولى يەملىشىپ قالدى.. شۇ ئەسنادا ئۆمرى خوجىنىڭ قېشىغا بېرىپ. يىغلاپ:

— موللام ئاغرىپ قاپتىكەن، ھەممە بالىلارنىڭ ئاتىسى بېرىپ يوقلاپتۇ. بىزنىڭلا ئاتىمىز يوق ئىكەن. ئاتىمىز بولغان بولسا، بېرىپ يوقلاپ كېلەتتى، — خوجا ئابدۇلمۇتەل-لىپ مەككىنىڭ بارلىق ئۇلۇغ - ئۇششاقلىرىنى ئېلىپ موللىنى كۆرگىلى كەلدى. موللا بۇلاردىن خەۋەر تېپىپ، قولىنى كاللا بىلەن بىللە ئىككى پۇتىنىڭ ئارىسىغا تىقىپ يوشۇردى. خوجا ئۆمرى دادىسىغا موللىنىڭ تومۇرنى تۇتۇپ كۆرۈشنى ئۆتۈندى. خوجا، موللىنىڭ سول قولىنىڭ تومۇرىنى تۇتتى. ئوڭ قولىنى پۇتىنىڭ ئارىسىدىن چىقارمىدى. خوجا ئۆمرى كېلىپ:

— موللامنىڭ ماغدۇرى يوق. مەن قولىنى تارتىپ قوياي، — دەپ، تارتتى. موللىنىڭ قولى كاللىنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ ئىششىپ كۆپۈشۈپ، قاپلىشىپ قالغانىدى. بۇنى كۆرگەن كىشىلەر كۈلۈشۈپ كەتتى. ئۆمرى كاللىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ قويىمەن» دەپ، موللىنىڭ ئوتتۇرا قولىنى يۇلۇۋەتتى. ئورۇن - كۆرپىلەر غەرق قان بولۇپ كەتتى. مەككە چوڭلىرى تېخىمۇ كۈلۈشتى. ئۆمرى موللىنىڭ قولىغا مەلھەم قويدى. ئۇ موللىمۇ زەھەرلى-نىپ ئۆلدى. موللىنىڭ خوتۇنى دادخاھلىق قىلدى. ئەمما، خوجا:

— مەن قانداق قىلاي؟ بۇ، پادىشاھنىڭ ئوغلى، بۇنىڭ بىلەن مېنىڭ كارىم يوق، — دەپ قۇتۇلدى.

## پەسلى داستان، ئۆمرىنىڭ بەشىنچى موللىسىنى ئۆلتۈرگەنلىكى، ئەمىرنىڭ سەپەرگە چىققانلىقى

ئاخىر بالىلارنى خورمىلىق بوستان باغقا ئاپىرىپ قويدى. ئۆمرى باغدا شاختىن- شاخقا

سەكرەپ يۈرۈپ خورما ئېلىپ يەيتتى. ئەمىر ھەمزىگە ئىرغىتىپ بەرمەيتتى. خوجا مۇقبىل بولسا، ئۇقيا بىلەن قايسى مېۋە پىششىق بولسا، شۇنى ئۈزۈپ چۈشۈرۈپ يەيتتى. ئەمىر ھەمزە تېرىكىپ، بەزى ياش خورمىلارنى يىقىتىپ، بەزىسىنىڭ شاخلىرىنى يىرىپ، ئېلىپ يەيتتى. باغۋەنلەر كېلىپ خوجا ئابدۇلمۇتەللىپكە دادخاھلىق قىلدى. خوجا پەرىشان بولۇپ، ئۇلارنى قايتۇرۇپ كەلدى ۋە ئۆز ھويلىسىدا ئوقۇتىدىغان بولدى. موللىغا خوجا ئۆمرىنى بەكرەك تۇتۇشنى تاپىلىدى. بىر كۈنى موللا خوجا ئۆمرىنى پالاققا تارتىپ تازا ئەدەپلىدى. خوجا ئۆمرى ئەمىر ھەمزىگە يىغلاپ:

— ھەي ئەمىر، ئۆيۈڭنى بىللە ئۆينىغاندۇق، تاياقنى مەن يالغۇز يەيمەنمۇ؟ — دېدى.

ئەمىر ئۇنى ئاجرىتىپ «ئۇرماڭ» دېدى. ئەمما، موللىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ: «ساڭىمۇ لازىممىدى؟» دەپ، ئەمىرگە بىر تاياق سالدى. ئەمىر ھەمزە ئاچچىقىدا ئۆزىنى توختىتالماي خەت يازىدىغان تاختىنىڭ قۇلىقىدىن تۇتۇپ، موللىنىڭ بېشىغا شۇنداق ئۇردىكى، موللىنىڭ مېڭىسى چۇۋۇلۇپ، ئۆلدى. ئۇچەيلەن شۇ قاچقىنىچە ئەبۇ قۇبەيس تېغىغا چىقتى. خوجىنىڭ قويلىرىدىن بىر پاقلاننى ئۆلتۈرۈپ يېدى. ئەتىسى ئەمىر ھەمزە:

— ئەي، باللار، موللىنى ئۆلتۈرۈپ ناھەق قان تۆكتۇق. ئەمدى، مەككىدە تۇرالمايمىز. تۇرۇڭلار، ئاتىمىزنىڭ قېشىغا بارايلى، ئاتىمىز ئادىل پادىشاھتۇر، — دېدى.

ئۇلار يەتتە كۈن يول يۈرۈپ بىر چاھار باغقا يېتىپ باردى. بۇ، خوجا ئەبۇ سەئىدسالۇكىنىڭ بېغى ئىدى، ئۇ، شۇنداق ئەييار ئىدى ھەم غايەت كاتتا پەيلاسوپ ئىدى. ئۇ، باللارنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. ئۇلارنىڭ مەككە بۇزرۇكۋارلىرىنىڭ باللىرى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئىككى كۈن مېھمان قىلدى. قايتارىدا، خوجا ئۆمرى ئەمىرنىڭ رۇخسىتى بىلەن ئەبۇسەئىدگە شاگىرت بولدى.

— ئەي، بۇزرۇكزادىلەر، دېدى ئەبۇسەئىد، — ئادىل شاھ نۇشىرۋان مېنى مەدايىندىن قوغلىۋەتتى. ئەگەر مېنى تېپىۋالسا، پارە - پارە قىلىۋېتەتتى. ئەمدى مەن سىلەرنىڭ خىزمىتىڭلارنى قىلغاچ مەدايىنگە باراي. ئۇ يەردىمۇ ئەبۇتاھىر خۇنرىزى دەيدىغان بىر شاگىرتىم بار. ئۇ، كۈندۈزى گەزمال ساتىدۇ، كېچىسى ئەييارلىق قىلىدۇ، — دېدى. ئۇلار مەدايىنگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئۆيىگە باردى. ئەتىسى خوجا ئەبۇزەر جۇمھۇرنىڭ ئىشىكىگە كەلدى. مۇلازىملار كىرىپ:

— ئۈچ يىگىت كەپتۇ. ئاجايىپ ھۆسن - لاتاپەتلىك، غۇنچىدەك چىرايلىق ئىكەن، ئۇلارغا ئىككى چوڭ كىشى ھەمراھ ئىكەن. سىلىنى چاقىرىدۇ، — دەپ مەلۇم قىلدى. ئەبۇزەر جۇمھۇر ئۇلارنى چاقىرتىپ، مېھمانخانىغا باشلىدى. تائام - مەزە كەلتۈرۈپ ئۇلارنى مېھمان قىلغاندىن كېيىن:

— ئەي يىگىتلەر، قەيەردىن كەلدىڭلار؟ نەگە بارىسىلەر، كىمنىڭ باللىرى سىلەر؟ ئېتىڭلار نېمە؟ — دەپ سورىدى. باللار جىم ئولتۇرۇشتى.

— ئېتىڭلارنى مەن ئېيتاي، — دېدى. خوجا ئاخىر، — سىزنىڭ ئېتىڭىز ئەبۇلئالى، سىزنىڭ خوجا ئۆمرى، سىزنىڭكى خوجا مۇقبىل. ئەمما، بۇ ئىككى كىشىنى تونۇمايدىكەنمەن، بۇلار كىم بولىدۇ؟

— مېنى ئەبۇسەئىدسالۇك دەيدۇ، — دېدى ئەبۇسەئىد، — بۇ ئادەم ئەبۇ تاھىر خۇنرىز بولىدۇ.

ئەبۇزەر جۇمھۇر ئۇلارغا سەرۇپاي بېرىپ دېدى:

— سىلەر ھازىرچە بۇ باللارغا قوشۇلماڭلار، ۋاقتى يەتكەندە، كەلگەيسىلەر.

ئۇلار چىقىپ كەتتى. خوجا بالىلارغا خۇش مۇئامىلىدە بولۇپ، مىڭ تەڭگە خىراجەت بەردى ۋە:

— ھەي بالىلىرىم، بىمەھەل كېلىپ قاپسىلەر. ھازىرچە پادىشاھ بىلەن كۆرۈشۈشكە بولمايدۇ. — دېدى.

ئەمىر كەچكىچە بۇزەر جۇمھۇرنىڭ قېشىدا بولدى. ناماز خۇپتەننى ئادا قىلغاندىن كېيىن يېرىم كېچە بولغاندا ئۇمرى بىلەن خوجا مۇقبىلنى باشلاپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

## پەسلى داستان، ھەزرىتى ئەمىرنىڭ سەئىد يەمەننى بويسۇندۇرغانلىقى

ئۇلار بىر مەنزىلگە يەتتى ۋە بىر چوڭ تاغنى كۆردى. تاغنىڭ ئۈستىدە بىر قەلئە بار ئىدى. قەلئە ئالدىدا كارۋانلار باغلاقلىق تۇراتتى. بۇ يەردە سەئىد يەمەنى ۋە ئۇنىڭ ئىككى پالۋىنى بار ئىدى. پالۋانلارنىڭ بىرىنى بەرق يەمەنى، يەنە بىرىنى رەئد يەمەنى دەپ ئاتايتتى. بۇ ئىككىسى پادىشاھلارغا بويسۇنماي، بۇ يەرگە كېلىپ لەنگەرگە چۈشكەن ئادەملەرنى بۇلاپ قاراقچى بولۇۋالغانىدى. ئۇلارنىڭ كۆزى ئەمىرگە چۈشتى. «كارۋانلارنىڭ قالغانلىرى كەلدى بولغاي» دەپ ئويلىدى ئۇ ۋە:

— بېرىپ، ئاۋۋا يىگىتنىڭ ئېتىنى بۇلاپ كەل، كىيىم - كېچەكلىرىنى ساڭا بەردىم، ئۆلۈمىدىن ئۆتتۈم، — دەپ بۇيرۇدى ئادەملىرىدىن بىرىگە. ئۇ، ئەمىرنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— ئەي يىگىت، ئاتتىن چۈشۈپ، كىيىملىرىڭنى سال شۇنداق قىلساڭ ئۆزۈڭ ھايات قالىسەن، — دېدى. ئەمىر ئۇنىڭغا ئىشارەت قىلىپ:

— مەن گاسمەن، قۇلىقىم ئاڭلىمايدۇ، يېقىنراق كېلىپ سۆزلىگىن، — دېدى، ئۇ كەلدى. ئەمىر ئۇنىڭ قۇلىقىنى يۇلۇپ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى. ئۇ، پەرياد قىلغىنىچە قۇلىقىنى كۆتۈرۈپ بەرق يەمەنىنىڭ قېشىغا كەلدى. بەرق بىلەن رەئد ئەمىرنىڭ ئالدىغا كېلىپ، نەيزىلىرىنى تەڭلەشتى. ئەمىر بۇ ئىككىسىنىڭ قولىدىن نەيزىسىنى تارتىۋېلىپ، ئاتتىن يىقىتتى. ئاغا ئىنى ئىككىسى ئەمىرگە بەيئەت قىلىپ، ئەل بولدى. ھەم ئەمىرنىڭ مەككە بۇزرۇكلىرىدىن ئىكەنلىكىنى، پادىشاھ ئادىل نۇشىرىۋاننىڭ سىپەرخانى ئىكەنلىكىنى، يەمەنگە بىر ئىشقا بارىدىغانلىقىنى بىلىشتى.

ئەمىر باغلاقتىكى كارۋانلارنى قۇتقۇزۇپ قويدى. رەئد بىلەن بەرقنى شەھەرگە ئېلىپ كىردى ۋە قەلەندەرنىڭ تاۋىقىنى بايلىققا توشقۇزۇپ بەردى. ئاندىن بەرق، بىلەن رەئدكە:

— سىلەر مۇشۇ يەردە تۇرۇڭلار. مېنىڭ سەپەر قىلغىنىمنى ئاڭلىغان ھامان، كېلەر - سىلەر، — دەپ قويۇپ، يەمەنگە راۋان بولدى. يەمەنگە يېتىپ بېرىپ كارۋان سارايغا كىرسە، خوجا ئۇمرى بىلەن مۇقبىل خوجىلار كېلىپ، ساندۇقلىرىنى ئايۋانغا تىزىپ قويۇپ، مۇبەششىرەنى ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، ئۆزلىرى پادىشاھنىڭ قېشىغا كەتكەنىدى.

**ئەلقىسسە**، پادىشاھقا خوجىلارنىڭ كەلگىنىنى خەۋەر قىلىشتى. خوجىلار ئىجازەت بىلەن شاھ ئالدىغا كىردى ۋە تەخت ئالدىغا بېرىپ ئولتۇردى. شۇ چاغدا بەدمەسىت پالۋان يېتىپ كەلدى ۋە خوجىلارنى تىللاپ چوڭچىلىق قىلىشقا باشلىدى. يەمەن شاھىمۇ غەزەپلىنىپ:

— ئەي خوجىلار، سىلەر يەتتە يىللىق باجنى بەرمىگىنىڭلارنى ئاز دەپ، ئەۋلىكەن ئادەمنى ئۇرۇۋېسىلەر، بۇ نېمە قىلغىنىڭلار؟ — دېدى.

خوجا ئابدۇلمۇتەللىپ دېدىكى:

— ئەي پادشاھى ئالەم، بىزنىڭ ئۇنداق قىلىشقا ھەددىمىزمۇ؟ پادشاھى ئادىل ئۈچ ئوغلىنى ئوقۇتۇپ، مەككىنىڭ خىراجىتىنى شۇلارغا بۇيرۇغانىدى. شۇڭا، بۇ يەتتە يىلدىن بېرى پۇل - مال ئەۋەتەلمىدۇق. بۇ قېتىم باج يىغقىلى ئادەم كەلگەندە مالنى يىغقانىدۇق. بېرەيلى دەپ تۇرساق پادشاھنىڭ سۇپەرخانلىرى كېلىپ، بەدمەسىت پالۋان بىلەن ئۇرۇشۇپ قالدى. پالۋان مالنى ئالماي كەتتى ئاخىرى مالنى ئۆزىمىز ئېلىپ كەلدۇق. كارۋان سارىيىغا ئادەم بېرىپ، ئەكېلىشۋالسۇن.

پادشاھ ئىككى ياساۋۇلىنى بۇيرۇدى. ياساۋۇللار سارايغا كېلىپ، ساندۇقلارنىڭ ئۈستىدە بىر يىگىتنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭ چېھرىسى كېچىنى كۈندۈز قىلاتتى. ئۇنىڭ ھەربىر چېچى گويا ئاشىقلارنىڭ قاراڭغۇ كېچىسىدەك قارا ئىدى. بۇ ئىككى ياساۋۇل ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئەمىرگە:

— يىگىت، تۇرۇڭ، بۇ ماللارنى پادشاھقا ئېلىپ بارىمىز، — دېدى. ئەمىر ئاڭلىماسقا سالدى. بىرى ئەمىرگە تايىقىنى تەڭلىگەنىدى، ئەمىر ئۇنىڭ بىر قولىنى تۇتۇۋېلىپ بىر قولى بىلەن بەلۋېغىدىن تۇتۇپ بېشىدىن كۆتۈرۈپ يەرگە بىر ئاتقانىدى، ئۇستىخانلىرى پارە - پارە بولۇپ كەتتى. يەنە بىر ياساۋۇل قېچىپ، پادشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ۋەقەنى بايان قىلدى. خوجىلار ئەبۇلئەلانىڭ كەلگىنىنى بىلىشتى.

— ئۇ، پادشاھى ئادىلنىڭ سۇپەرخانى مۇشۇ يىگىتمۇ؟ — دەپ سورىدى يەمەن شاھى، خوجىلار «شۇ» دېيىشتى.

سەئىد يەمەننىڭ دىۋە ھەراس دەپ بىر زەڭگىسى بار بولۇپ، ئۇ، ئادەم گۆشى يەيتتى. يەمەن شاھىنىڭ ئەمىرلىرى شۇ زەڭگىنى بۇيرۇيلى، دېيىشىپ، ئۇنى كارۋان سارىيىغا ئېلىپ كېلىشتى.

يەمەن خەلقى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ سارايىنىڭ ئالدىغا ھەممىسى يىغىلىشتى. ئۇلار:

— ھەي، ئىسسىت، بۇ زەڭگى ئۇ يىگىتنى ئۆلتۈرۈۋېتىدىغان بولدى، — دەپ غۇلغۇلا قىلىشقا باشلىدى. زەڭگى يېقىن كېلىپ ئاتمىش يەتتە گەز قەددىنى كۆز - كۆز قىلدى. ئۇنىڭ بېشى گۈمبەزدەك، ئاغزى غاردەك، چىشلىرى سەندەلدەك، قوللىرى چىنارنىڭ شېخىدەك ئىدى. ئۇ، كېلىپ ئەمىرگە ھۇجۇم قىلدى. ئەمىر ئۇنىڭ پېشانىسىگە بىر مۇشت ئۇرغانىدى. مېڭىسى چۇۋۇلۇپ كەتتى. ھەممە كىشى ئەمىرگە تەھسىن ئاپىرىنلار قىلىشىپ كەتتى. ياساۋۇللار دەرھال بېرىپ بولغان ئىشنى شاھقا يەتكۈزۈشتى. پادشاھ ۋە ئەمىرلەر ھاڭ - تاڭ قېلىشتى. ئاخىر ۋەزىر ئورنىدىن تۇرۇپ:

— مەن بېرىپ يۇمشاقلىق بىلەن ئېلىپ كېلەي، — دېدى. ئۇ كارۋان سارىيىغا يېتىپ باردى ۋە ئىشىكتىن كىرىپ، ئەمىرگە تەزىم بەجا كەلتۈردى. ئەمىرمۇ ئۇنىڭغا تەزىم قىلدى. ۋەزىر مۇلايىملىق بىلەن:

— ئەي بەرنا يىگىت، سېنىڭ يولۇڭغا جېنىم پىدادۇر، باشقىلار پادشاھقا سېنىڭ يامان گېپىڭنى قىلىۋاتىدۇ. پادشاھ سېنىڭ جامالىڭغا مۇنتەزىر بولۇپ قالدى. بارساڭ، ھاكىمدۇرسەن، بارمىساڭ، پادشاھ ئۆزى كەلسىمۇ بولىدۇ، — دېدى. ئەمىر بارىدىغان بولدى. شەھەر خەلقى ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ئوردا ئالدىغا كەلدى. ۋەزىر ئالدىدا ئوردىغا كىرىپ دېدى:

— ئەي سەئىد، لەشكىرىڭگە ئىشەنمە. بۇ يىگىتنىڭ ئالدىغا چىقىپ، كۈتۈۋالغايسەن.

شۇ ئەسنادا ئەمىر كىرىپ كەلدى. سەئىدنىڭ كۆزى ئەمىرگە چۈشتى ۋە دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، تەختتىن چۈشتى. ئەمىر بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇنى ئورنىغا تەكلىپ قىلدى. ئۇلارنىڭ ئالدىغا تائام تارتىلدى. تاماقتىن كېيىن سەئىد:

— سىز نېمىشقا مالنى بەرمەي، نەۋكىرىمنى تىللاپ ئىزا قىلىسىز؟ — دېدى. ئەمىر پادىشاھنىڭ نىشانىسىنى كۆرسىتىپ:

— مەن پادىشاھنىڭ ئوغلى بولىمەن، مال ماڭا تەئەللۇق، — دېدى.

پادىشاھ ئورنىدىن تۇرۇپ ئەمىرلىرى بىلەن بەيئەت قىلدى. ئاندىن، ئەمىر مالنى ئەكەلدۈرۈپ، پادىشاھقا تارتۇق قىلدى. پادىشاھ بۇنى خوجا ئۇمىرگە بەخش قىلدى. خوجا ئۇمرى ئۇنىڭغا تۆت يۈز قول سېتىۋالدى. ئاندىن خوجىلارغا (ئابدۇلمۇتەللىپلەرگە) ئىجازەت بەردى. ئۇلار مەككىگە كەتتى. ئەمىرگە سەئىدۇ سەئىد شەھىرىنىڭ سىرتىدا زىياپەت بەردى. ئەمىر بۇ سورۇندا بىر يىگىتنىڭ كىرىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭ چىرايى ساماندەك سارغايغان بولۇپ، تولا يىغلىغانلىقىدىن كۆزى ئاغرىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ تۇرقىدىن ئاشىقلىقىنىڭ ئەسىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئەمىر بۇ يىگىتنىڭ ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈردى. سەئىدۇ سەئىد جاۋاب بېرىپ:

— بۇ چىن شاھىنىڭ ئوغلى، ئۇنى كەبابەئى چىنى دەپ ئاتايدۇ بىزنىڭ مەنزۇرشاھ يەمەنى دەپ بىر تۇغقىنىمىز بار ئىدى. ئۇنىڭ گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق، ھۇمالى تالىشى ئاتلىق بىر قىزى بار. بۇ يىگىت ئۇزۇندىن بېرى شۇ قىزغا ئاشىق. ئۇ قىزنىڭ ئۈچ شەرتى بار ئىكەن. بىرىنچىسى، تۆت يۈز قەدەم يىراقلىقتا تۇرۇپ ئوق ئېتىپ قارشىدىكى كىشىنىڭ دۇبۇلغىسىنىڭ تۆشۈكىدىن ئۆتكۈزىدۇ. ئىككىنچىسى، چەۋگانبازلىق قىلىدۇ. ئۈچىنچىسى. ئەھراقى زەڭگى ئاتلىق بىر زەڭگىسى بار بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن چېلىشىدۇ. كىمكى بۇ ئۈچ شەرتنى ئورۇندىيالىسا، قىز ئۇنىڭغا تېگىدۇ. ئورۇندىيالمىسا، ئۇ يىگىتنى ئۆلتۈرىدۇ. ئۇ قىز بۇ شەرتنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن بۇيان ئون بىر يىگىتنى ئۆلتۈردى. ئون ئىككىنچىسى بۇ يىگىت ئىدى. مەن ئۇنى قۇتقۇزۇۋالدىم. ھازىر بۇ يىگىت شۇ قىزنىڭ پىراقىدا، بۇنىڭ ئون مىڭ نۆكىرى بار ئىدى. ئۇلار ھەممىسى جاڭگالدا تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ يىگىت بولسا قىزنى تاشلاپ ئۇ يەرگە كېتەلمەيدۇ. . . — دېدى.

— ئىنشائاللا، بۇ شەرتلەرنى مەن ئورۇنداپ بېرىمەن، — دېدى ئەمىر.

بىر كۈنى يەنە ناغرىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. مەغرىبتىن سۇلتان بەخت مەغرىبى دەپ ئاتىلىدىغان بىر يىگىت كەپتۇ. ئۇمۇ ئاشۇ قىزغا ئاشىق ئىكەن، دېگەن خەۋەر كەلدى. ئەتىسى خالايىق يىغىلدى. ئەمىر قارىسا، يۈزىگە نىقاب تارتقان بىر قىز تۇرۇپتۇ. ئۇ بېشىدا تاج، ئاتقا مىنگەن ھالدا مەيدانغا كىردى. يەنە بىر تەرەپتىن سۇلتان بەخت مەغرىبى مەيدانغا كىرىپ توختىدى. ئۇنىڭ تېخى بۇرۇتلىرىمۇ خەت تارتمىغانىدى.

ئەلقىسسە، قىز ئوقنى دۇبۇلغىنىڭ تۆشۈكىدىن ئۆتكۈزدى. ئۇ يىگىت ئۆتكۈزەلمىدى. چەۋگانبازلىقتىمۇ قىز چەۋگان بىلەن توپنى ئۇردى. يىگىت ئۇرالمىدى. ئاخىردا يىگىت زەڭگىنىمۇ يىقىتالماي، ئۆزى يىقىلدى. قىز يىگىتنىڭ بېشىنى كېسىشكە ھۆكۈم قىلدى. ئەمىر چېپىپ كېلىپ «بىردەم توختاڭلار!» دېگەنىدى، قىز بىر قاراپلا ئۇنىڭغا ئاشىق بولدى:

— ئەي يىگىت، — دېدى قىز، — سىز كىم بولسىڭىزمۇ مەيلى، سىزنىڭ

كېنىزىكىڭىز بولدۇم، — دېدى ئەمىر:

— توختاڭ، ئاۋۋال شەرتىڭىزنى ئورۇنداي، — دېدى ۋە شەرتلەرنىڭ ھەممىسىنى بەجا كەلتۈردى. ئاندىن:

— ئەي نازىنىن، يا، سۇلتان بەخت مەغرىبىنى، ياكى كەبابە چىنىنى قوبۇل قىلىڭ، — دېدى. قىز دېدىكى:

— ئەي يىگىت، مەن سىزدىن باشقىسىنى قوبۇل قىلمايمەن. ئەمىر قانچە دېسىمۇ قىز زادى ماقۇل بولمىدى. ئاخىرى ئەمىر:

— مەن تېخى بالاغەتكە يەتمىدىم. ئەگەر، مېنى دېسىڭىز نەچچە يىللار ئولتۇرۇڭ، بېشىڭىز ئاقارغاندا، ئاندىن مەن بالاغەتكە يېتىمەن. ئۇ چاغقىچە ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىدۇ. — دېدى. قىز ئىلاجىسىزلىقتىن يىغلاپ، تۇرۇپ رازى بولدى.

ئاندىن ئەمىر بارگاھىغا قايتتى. سۇلتان بەخت مەغرىبى بىلەن كەبابە چىنلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئەمىرگە تەسلىم بولۇپ، قىزدىن كەچتى ۋە ئەمىرنىڭ خىزمىتىگە بەل باغلاشتى. ئەمىر مەككىگە قايتماقچى بولۇۋىدى، سەئدۇ سەئىد:

— ئەتىياز ۋاقتىدا شادكام دەرياسىنىڭ ھاۋىسى بەك ياخشى بولىدۇ. شىكارگاھى تولىمۇ بەلەن، سەيلى قىلغاچ شۇ تەرەپتىن ماڭايلى، — دېدى. ئەمىر ماقۇل بولۇپ، شۇ يول بىلەن راۋان بولدى.

## پەسلى داستان، ئەمىرنىڭ نوئمان ئىبنى مەنزۇرنى بويسۇندۇرغانلىقى.

سەئىد يەمەنى، كەبابەچىنى، سۇلتان بەخت مەغرىبى، بەرق يەمەنى ۋە رەئد يەمەنىلەر ئەمرگە ھەمراھ بولۇپ كېلىۋاتاتتى، تۇيۇقسىز قويۇق چاڭ - توزان كۆرۈندى. چاڭ - توزان ئىچىدىن يىگىرمە بەش مىڭ كىشى پەيدا بولدى. ئىككى كىشى ئالدىدا كېلىۋاتاتتى. سەئدۇ سەئىد ئۇلارنى تونۇپ دېدى:

— بۇ بىزنىڭ تۇغقانلىرىمىزدىن بولىدۇ. لېكىن بۇلارنىڭ نېمە غەرىزى بارلىقىنى بىلمەيمىز، — دېدى.

ئەلقىسسە، ئۇ، نوئمان ئىبنى مەنزۇر بولۇپ شىكارغا كەتكەنىدى. ئۇ ئەمىرنىڭ «قىزنىڭ شەرتلىرىنى ئورۇنداپ، سىڭلىسىنى ئىگەللەپ ئالغانلىقى»نى ئاڭلاپ، يېنىپ كەلگەنىدى. بۇنىڭغا ئۇنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كەلدى. ئۇ، ئەمىرنى كۆرۈپلا:

— ئەي ئەرەپ بەچچە، مېنىڭ سىڭلىمغا چوڭچىلىق قىلغىلى نېمە ھەددىڭ؟ دېدى. ئەسلىدە ئاتىسى ئۇنى قانچە توسسىمۇ ئۇنىماي كەلگەنىدى. ئەمىر ئۇنىڭمۇ ئەدىپىنى بېرىپ، بويسۇندۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇمۇ بەيئەت قىلدى. ئۇلار يەنە يولىنى داۋاملاشتۇردى.

خوجا ئۇمرى بىلەن خوجا مۇقبىل ئالدىدا كېتىۋاتاتتى. بىر جاڭگالغا يېتىپ كەلدى. قارىسا، بىر ھارىمى سودىگەرلەرنى باغلاپ، بېشىنى كەسمەكچى بولۇۋېتىپتۇ. ئەمىر ئۇنىمۇ بويسۇندۇردى. خوجا ئۇمرى سودىگەرلەردىن:

— سىلەر كىم بولىسىلەر؟ نەدىن كەلدىڭلار؟ — دەپ سورىدى. ئۇلار:

— بىز خوجا ئەبۇزەر جۇمھۇرنىڭ ماللىرىنى ئېلىپ كېلىۋاتىمىز. — دېدى.

خوجا ئۈمىرى ئۇلارنىڭ ماللىرىنى قايتۇرۇۋېتىپ.

— خوجا بۇزەر جۇمھۇرغا بىزدىن سالام دەڭلار، — دېدى.

ئۈچ كۈندىن كېيىن بىر تاغقا يېتىپ باردى. تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قارىسا، تاغنىڭ ئاستىدا مۇقبىلغا ئوخشاش بىرسىنىڭ يەنە سودىگەرلەرنى باغلاپ قويغانلىقى كۆرۈندى. ئەمىر ئۇنىمۇ بويسۇندۇرۇپ، سودىگەرلەرنى ئازاد قىلدى ۋە:

— سىلەر كىمنىڭ ئادەملىرى؟ — دەپ سورىدى. ئۇلار:

— بىز خوجا بەختەكنىڭ سودىگەرلىرى بولىمىز، پۇلنى شېرىك ئالىمىز، — دېدى.

خوجا ئۈمىرى ئۇلارنىڭ ماللىرىنى تارتىۋېلىپ:

— بېرىپ، خوجا بەختەككە «مالالارنى پادشاھى ئادىلنىڭ ئوغۇللىرى تارتىۋالدى» دەڭلار، — دېدى. خوجا بەختەك بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، شۇنىڭدىن تارتىپ، خوجا ئۈمىرگە ئاداۋەت ساقلىدى.

## پەسلى داستان، ئەمىرنىڭ خەيبەر شەھىرىنى ئىشغال قىلغانلىقى.

ئەمىر بىرقانچە كۈنلەردىن كېيىن مۇقبىل بىلەن بۇ تاغنىڭ ئۈستىگە چىقتى. تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدە بىر قەلئەنى كۆردى. ئۇنىڭ بەھەيۋەن ئېگىزلىكى پەلەككە بوي تارتىپ تۇراتتى.

— بۇ، قايسى شەھەر؟ — دەپ سورىدى ئەمىر.

— بۇ يەرنى خەيبەر دەيدۇ، — دېدى. ئەمىر شەھەرگە كىردى.

بىر كۈنى، نۇشىرىۋاننىڭ ئالدىغا بىر قەلەندەر، كىرىپ كەلدى. نۇشىرىۋان بەختەككە «بۇ گادايغا مىڭ تەڭگە بەر» دەپ بۇيرۇدى.

— خەزىنىدە بىر تەڭگىمۇ بولمىسا، مىڭ تەڭگىنى نەدىن تاپىمەن؟ يەتتە يىل بولدى، خەيبەر شەھىرىدىكى ھىشام خەيبەرى، ئەلقەم خەيبەرى قاتارلىقلار باج تۆلىمىدى. — دېدى. پادشاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بەختەك خەيبەر شەھىرىگە خەت ئەۋەتتى. ھىشام شاھنىڭ يارلىقىنى قوبۇل قىلدى ۋە مالالارنى تەييارلاپ ۋەزىرى بىلەن كاتىپتىن ئەۋەتتى. پادشاھى ئادىل بەختەكنى «سەن ھېسابلاپ تاپشۇرۇۋال» دەپ چىقارتتى. ۋەزىرنىڭ كاتىپى مالنى ساق ئېلىپ كەلگەنىدى. ئەمما، بەختەككە بىرەر نەرسە ئالغاچ كەلمىگەنىدى. بەختەك:

— يۇمغاقسۇت، ئوسما، خېنىلەرنىڭ بىجى قېنى؟ — دەپ سورىدى.

— بىزنىڭ شەھەردە بۇنداق نەرسە يوق، — دېدى ۋەزىر. بەختەك ۋەزىرنى قىرىق تاياق ئۇرۇشقا بۇيرۇپ، ئات، تون، سەرۇپاي ۋە قورال - ياراغلىرىنى تارتىۋالدى. ۋەزىر يىغلاپ ھىشامنىڭ قېشىغا كەلدى. ۋە سەللىسىنى يەرگە ئۇردى. ئاندىن بەختەكنىڭ قىلغانلىرىنى بىرمۇبىر بايان قىلدى:

— ئەي ھىشام، باج بېرىدىغان پادشاھتىن خىراج ئالىدىغان خوتۇن ياخشىكەن. پەھلىۋانلىق ۋە باتۇرلۇقنى سىزدىن كۆرمىتىز. بىلمىدىم، نېمىشقا نۇشىرىۋانغا باج تۆلەيسىز؟ مانا يەتتە يىل بولدى. ئۇنىڭ سىپاھ سالارى گوستەھەم ئىدى. ئاڭلىسام خىتاغا بېرىپ يوق بوپتۇ. ئەگەر سىزدە ئىرادە بولسا، ۋاقتى مانا مۇشۇ، — دېدى.

ھىشام ۋەزىرنىڭ سۆزى بىلەن قىرىق مىڭ لەشكەرنى ئېلىپ، مەدايىنگە راۋان بولدى. ئۇنىڭ لەشكەر بېشى تەۋۇق ئىبنى ئىمران ئىسىملىك نەيزىۋاز باتۇر ئىدى.

پادشاھى ئادىل بولارنىڭ كېلىش خەۋىرىنى ئاڭلاپ، خوجا ئەبۇزەر جۇمھۇر بىلەن

مەسلىھەت قىلىشتى. جۇمھۇر دېدىكى:
گۇستەھەم يوق، ئۇلار بىلەن جەڭ قىلالمايمىز. ئەگەر، قەلئەنى ساقلاپ ياتساق، بۇنىڭدىن كېيىن بىزگە ھېچكىشى باج - خىراج بەرمەيدۇ. شۇڭا ئاتەشكەدە لەيلانغا كېتەيلى. خەلق: «پادىشاھ شەھەردە يوق چېغىدا ھىشام كېلىپ قىرغىنچىلىق قىلدى» دەپ بىلسۇن. ئاندىن، ئۇلار قايتىپ كەتكەندە بىز كېلەيلى.

پادىشاھ ئاتەشكەدە لەيلان تەرەپكە كەتتى. ھىشام كەلدى. مەدايىنگە كىردى. ماللارنى ئولجىغا ئالدى. ئوردىغا كىرىپ، كەيخۇسراۋنىڭ بارگاھىنى ئالدى. پادىشاھنىڭ تەخت - تاجىنى ۋە مال - دەپىنىلىرىنى ئېلىپ خەيبەرگە قايتتى. ئىككى يولنىڭ بېشىغا كەلگەندە ۋەزىر:
— ئەي ھىشام، خەيبەرگە بېرىش كېچىكمەيدۇ. كەيقۇباد جەڭ ئۈچۈن مەككىدە ئۈچ ئوغۇلنى تەربىيىلەۋېتىپتىمىش: ھازىر ئۇلار كىچىك، بىز مەككىگە بېرىپ، شۇ بالىلارنى ئۆلتۈرۈپ ئاندىن خاتىرجەم بولمامدۇق؟ — دېدى.
ھىشامغا بۇ سۆز ياقتى. ئۇ، سىپاھىلىرىغا:
— خۇسراۋ بارگاھىنى، نۇشىرۋاننىڭ تەختى - تاجىنى ھازىرچە خەيبەرگە ئېلىپ بارماي، بىز قايتقىچە موشۇ يەردە ساقلاپ تۇرۇڭلار، — دەپ قويۇپ، ئۆزلىرى مەككىگە قاراپ ماڭدى.

## پەسلى داستان، ئەمىرنىڭ خەيبەردە ئەيلات مۇشتى زەن بىلەن زەردەما كۈرسى نىشىننى بويسۇندۇرغانلىقى

ئەمىر يەتتە كىشى بىلەن خەيبەرگە يېتىپ كېلىپ، پادىشاھنىڭ قەسرىگە كەلدى. بىر كاتتا ئورۇندۇقتا بىرەيلەن ئولتۇراتتى. بۇ ھىشامنىڭ ئىنىسى بولۇپ، ھىشام ئۆز ئورنىدا ئىككى ئىنىسىنى ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ كەتكەندى. ئىنىلىرىنىڭ بىرىنىڭ ئېتى ئەيلات مۇشتى زەن، يەنە زەردەما كۈرسى نىشىن ئىدى. ئەيلات ئەمىرنى كۆرۈپلا قول تۇتۇشتى ۋە ئەمىرنىڭ قولىنى قايرىدى. ئەمىر بوي بەرمەي ئىنىسى بىلەن ئىككىلىسىنى يەرگە يىققىتتى. ئاخىرى ھەر ئىككىلىسى ئەمىرگە بەيئەت قىلىپ خىزمەتكار بولدى. ئەمىر خەيبەر-نىڭ خەزىنە - دەپىنىلىرىنى يۈكلەپ يولغا چىقتى. يولدا تەۋق ئىبنى ئىمران يولۇقۇپ قالدى. ئەمىر ئۇنىمۇ جەڭ بىلەن بويسۇندۇردى. نۇشىرۋاننىڭ تەخت، مال - مۈلۈكلىرىنى قايتۇرۇ-ۋالدى.

ئەمىر پۈتۈن لەشكەرلىرى بىلەن بىر يەرگە چۈشكۈن قىلدى ۋە خوجا ئۆمەرىنى كىيىك ئوغلىقىنىڭ گۆشىنى تېپىپ كېلىشكە بۇيرۇدى. خوجا ئۆمەرى بىر ئېگىزلىككە چىققانىدى. تاغ باغرىغا چۈشۈپ ياتقان بىر چوڭ لەشكەر توپىنى كۆردى. ئۇلارغا يېقىن بېرىپ قارىسا، چېدىرنىڭ ئالدىدا بىرمۇنچە ئادەملەرنى باغلاپ قويۇپتۇ. خوجا ئۆمەرى باشقىچە ياسىنىپ لەشكەرلەرنىڭ ئارىسىغا كىردى. بۇ ئەسىرلەر مەدايىن خەلقى ئىكەن. ئۇ، ھىشامنىڭ بارگاھىغا كەلدى. ھىشامنىڭ قەددى قىرىق بەش گەز، ئىككى كۆكسىنىڭ ئارىسى ئون يەتتە گەز بولۇپ، ساقاللىرى شالاڭ، يۈزىدە دېغى بار ئادەم ئىدى. خوجا ئۆمەرى: «كەيقۇباد مېنى موشۇ كاپىر بىلەن جەڭ قىلىشقا تەربىيىلەپتىكەن - دە» دەپ ئويلاپ، يېنىپ چىقتى ۋە: «ئەي باراخۇدايا، مەن ئۇنىڭ چىمچىلاق قولىچىلىكمۇ بولمىسام، نېمىشقا مېنى ئۇنىڭغا

قارىمۇقارشى قويغانسەن؟» دەپ نىدا قىلدى. كېلىۋېتىپ، ئوتلاپ يۈرگەن ئون ئىككى مىڭ ئاتنى كۆردى ۋە ئۇلارنىڭمۇ نۇشىرۋاننىڭ ئاتلىرى ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئۇ، ھالۋىچى سىياقىدا بولۇپ، مىراخورلارنىڭ ئالدىغا ھالۋا كۆتۈرۈپ كىردى. ھالۋىدا بىھوش قىلىدىغان دورا بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھالۋىدىن بىرەر قوشۇقتىن يەپلا يىقىلىپ قېلىشتى. خوجا ئۆمرى بىر ئاتنى تۇتۇپ مىنىپ، قالغانلىرىنى ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ ئېلىپ كەلدى.

ئەبۇ تاھىر خۇنرىزى ئەمىرگە: «ئاجايىپ بىر چاڭ - توزان پەيدا بولۇپ قالدىغۇ؟» دېۋىدى، ئەمىر پۈتۈن لەشكەرنى ئاتلىنىشقا بۇيرۇدى. توپا - چاڭ سۈزۈلۈپ، خوجا ئۆمرىنىڭ ئون ئىككى مىڭ سالتاڭ ئاتنى ئەكېلىۋاتقىنىنى كۆردى. ئەمىر: «كىمنىڭ ئېتى بولمىسا، بۇ ئاتلاردىن تۇتۇپ مىنسۇن» دەپ بۇيرۇدى.

خوجا ئۆمرى يېتىپ كېلىپ، ئەمىرنىڭ ئالدىغا كىردى:

— ئەي ئەمىر، — دېدى ئۇ كىرىپ، — مەن ھىشامنى كۆردۈم. ھەتتا سەنمۇ ئۇنىڭ بىر بارمىقىچىلىك يوق ئىكەنسەن. ھازىرچە جەڭ قىلمىغىن، مەككىگە بېرىپ يەنە تۆت - بەش يىلدىن كېيىن كېلەيلى، — دېدى. ئەمىر ماقۇل كۆرمىدى.

— ئۇنداق بولسا مېنىڭ سۆزۈمنى قوبۇل قىلىڭ، — دېدى ئۆمرى، — سىز بۇ ئۇرۇشتا قولىڭىزنى ناھايىتى چاققان قىلىڭ. ئەگەر ئۇ، قولىنى كۆتەرسە، سىز ئۇنىڭ تاپىنىغا چېپىڭ.

ئەمىر جەڭ تەييارلىقىغا چۈشتى. خەيبەرنىڭ جاسۇسى: «كەيقۇبادنىڭ جەڭگە تەربىيىلەنگەن ئوغلى شەھەرگە كېلىپ، ئىككى ئىنىڭنى ئۆزىگە قارىتىپ، شەھەرنى ئىگىلىدى. شەھەرگە ئۆزىدىن سەردار قويىدى. خەزىنە - دەپىنىلەرنى ئېلىپ كەتتى» دەپ خەۋەر ئېلىپ كەلدى. ھىشام بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، تىزىغا مۇشتىلىدى. شۇ چاغدا يەنە بىر جاسۇس كىرىپ: «ئەبۇلئالى تەۋق ئىبنى ئىمراننى بويسۇندۇردى. يەنە ئون ئىككى مىڭ ئاتنى ئۇنىڭ ئەييارى ئېلىپ قاچتى» دېدى. ھىشام شۇ زامان كامىيار خەيبەرنى «بېرىپ خەۋەر ئېلىپ كەل» دەپ بۇيرۇدى. يېرىم يولدا ئۇنى ئۆمەر تۇتۇۋېلىپ، ئەمىرنىڭ قېشىغا ئېلىپ كىردى. ئاندىن كېيىن، ھەر ئىككىلا قوشۇن جەڭ دۇمباقلىرىنى چالدى.

ئەلقىسسە، سەپلەر قايتىدىن تۈزۈلدى. ھىشام ئەلقەمە خەيبەرى مەيدانغا كىرىپ مەرد تەلەپ قىلدى. ئەمىر مەيدانغا كىردى. ھىشامنىڭ كۆزى ئەمىرگە چۈشتى. ئۇ كۆردىكى، بۇ بالا، ئەمدىلا 7 ياشتا بار ئىدى. ئۇنىڭ جامالى گويا ئاپتاپ كەبى ئىدى. قېشىنىڭ ئارىسىدا نۇر سىزىقلىرى بار ئىدى. ھىشام ئەلقەمە ئۇنداق چىرايىنى كۆرمىگەنىدى. ئەمىر:

— ئەي پالۋان، مەن مۇلكى ئادىلنىڭ سۇپەرخانى، مەككە مۇئەززەمەنىڭ بۇزۇكرادىسىدۇرمەن. ئىسمىم ئەبۇلئالىدۇر، — دېدى، ھىشام قاھقاھلاپ كۈلۈپ دېدى:

— ئەي ئوغۇل، نادان ئىكەنسەن. ماڭا ئوخشاش يەر يۈزىدە تەڭدىشى يوق بىر پالۋاننىڭ ئالدىغا سېنى ئەۋەتكىلى مۇلكى ئادىلنىڭ يۈرىكى قانداق چىدىغاندۇ، ۋاي ئىسىت، ۋاي ئىسىت!

ئەمىر غەزەپ بىلەن ئېيتتىكى:

— مېنىڭ كىچىكلىكىمگە قارىما، ئەقىل كۆزۈڭنى ئېچىپ تونۇۋال! تەڭرى ئاسمان - زېمىننى تۈۋرۈك ۋە تاناپسىز تۇرغۇزۇپتۇ ۋە ئاپتاپ قەندىلىنى ھەر سۇبھى ياغ - پىلىكسىز يورۇتۇپ، قاراڭغۇ كېچىنى روشەن قىلىدۇ. تامام مېۋىلەرگە، يەردىن چىققان بوستانلارغا ئۇنىڭ نۇرىدىن رەڭ ۋە لەززەت بېرىدۇ. بىر كىشىنىڭ باي - گاداي بولۇشى، پادىشاھ يا پېقىر بولۇشى تەقدىرنىڭ قىسمىتىسىز بولامدۇ؟

— ئەي ئوغۇل، — دېدى ھىشام، — سېنىڭ ئەپسۇنلىرىڭغا ھەرگىز باغلانمايمەن. بۇ ئۇرۇش مەيدانىدۇر. نەسىھەت قىلىدىغان يەر ئەمەس. كېلە، مەيداندا بىر ئېلىشايلى. مېھنەت بىلەن دۆلەت كىمگە يار بولىدىكىن، كۆرۈپ باقايلى. . .

ھىشام قولىغا نەيزە ئېلىپ، ھەزرىتى ئەمىرنىڭ يۈرىكىنى نىشانلاپ ئېتىلدى. ئەمىرمۇ نەيزىسىنى قولىغا ئالدى. گويا، مەھبۇب ئىشق ئەھلىگە بېقىپ زۇلپىنى (چېچىنى) قولىغا ئالغاندا ئىشق ئەھلىدىن قۇۋۋەت كەتكەندەك، ھىشامنىڭ قۇۋۋىتى كەتتى. ئۇلار شۇنداق نەيزىۋازلىق قىلىشىپ كەتتىكى، ساداسى ئاسمان گۈمبىزىگە يەتتى. ئىككىلىسى تەڭ چىقىشتى. ئاندىن ئۇلار گۈرزىۋازلىقتا ئۆتۈشتى. بۇنىڭدىمۇ يېڭىش - يېڭىلىش مەلۇم بولمىدى. ھىشام قولىغا شەمشىرىنى ئالدى. ئەمما، ئەمىر ئۇنىڭ قولىنى شەمشىرى بىلەن بىللە تۇتۇۋېلىپ، بېلىگە شۇنداق چاپتىكى، ھىشام ئىككى پارەت بولۇپ يەرگە يىقىلدى. ئۇستادلار ئۇنىڭ تەرىپىنى مۇنداق ئېيتىدۇ:

قولىغا ئالىپ ئېردى شەمشەرى كىن،
كى تىترەشكە ئالدى زەمانۇ زەمىن.
مۇجەررەب تۇتۇپ چاپتى قىلماي دەرەڭ،
ئەدۇۋ قانىدا يەرنى ئەيلەدى رەڭ.
يىقىلدى بۇ كاپىر بىمىسلى چىنار،
نىجىس جانى دەۋزەختە تاپتى قەرار.

بۇ ھالنى كۆرگەن ھىشامنىڭ لەشكەرلىرى ياقىلىرىنى يىرتىپ، ئاتلىرىنىڭ يايلى - قۇيرۇقلىرىنى قىرقىپ ئەمىرنىڭ بېشىغا ئات سېلىشتى. ئەمىرنىڭ لەشكىرىمۇ ئۇلارغا ئېتىلدى. گويا، شىر كالىغا چاپقاندەك، قومۇشقا ئوت تۇتاشقاندەك، مەستلەر شارابقا مەيل قىلغاندەك، ساراڭلار ئاغزىغا كەلگەننى سۆزلىگەندەك جەڭ بولۇپ، ئوقيا، شەمشەرلەرنىڭ ئاۋازى ۋە پالۋانلارنىڭ قىيا - چىيالىرى، ئەسىرگە چۈشكەنلەرنىڭ نالە - زارلىرى يەتتىنچى ئاسماندىن ئېشىپ كەتتى. قانلار ئېرىق سۇيىدەك ئاقتى. ئەمىرگە يولۇققانلارنىڭ كىيىملىرى لالە رەڭدە بويىلىپ جان بېرەتتى. نەيزىلەر يۈرەك - بېغىرنى تېشىپ ئۆتسە، تەگكەن خەنجەرلەر ھەرە چاققاندەك بىئارام قىلىپ، تەنلىرىدىن يوچۇقلارنى ئاچاتتى.

قىلىپ بىر - بىرىگە بۇ لەشكەر ھۇجۇم،
بۇ جەڭ گەردىدىن بولدى خۇرشىد گۇم.
ئۇرۇپ نەئرىلەر ھاي - ھۇيى بەدەر،
سەدادىن تولۇپ گۈنبەزى لاجەۋەر.
چىقىپ بادھالار بولۇپ غەرقى قان.
يانا چايقالىپ قالدى دەستى جەھان.

شۇنچىلىك قاتتىق جەڭ بولدىكى، رۇستەم مازاندەران ئۇستىدە، ئىسپەندىيار رۇيىنتەن ھەفتىخانە ختادا، ئەمىرھەمزە ئىقابەندە، ئەمىرئەبا مۇسلىم نەسەپ مەرۋاندا بۇنچىلىك جەڭ قىلمىغانىدى. ئاخىر ئىقبال دۆلىتى ئەمىرھەمزە ساھىبقىراننىڭ يۈزلىرىگە ئېچىلدى. غەلىبە شامىلى ئۇلار تەرىپىگە يۈزلەندى. قارشى كەلگەن لەشكەرلەرنى ھەيران ۋە سەرگەردان

قىلىپ، زەربە بېرىپ بەزىسىنى قاچتى، بەزىسىنى ئەسىرگە ئالدى. بارگاھنى خەزىنە - دەپىنىلىرى بىلەن ئېلىپ چۈشۈپ ئولجا قىلدى، مەيدانلارنى تازىلىغاندىن كېيىن، ئەمىر مەككىگە يېتىپ باردى. ئۇ مەككە بۇزرۇكۆرىغا سوۋغات، كەمبەغەل پېقىرلارغا سەدىقىلەرنى بېرىپ، ئۆزى ئارام ئېلىشقا باشلىدى.

## پەسلى داستان، ھەزرىتى ئەمىردىن نۇشىرىۋانغا خوش خەۋەر كەلگەنلىكى

رىۋايەتچىلەر شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ، پادشاھ ئادىل «ھىشام مەدىنىگە كېلىپ، بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ خۇسرەۋنىڭ بارگاھىنىڭ خەزىنە - دەپىنىلىرىنى بۇلاپ كەتتى» دەپ خەۋەر تاپتى. نۇشىرىۋان يېتىپ كېلىپ، شەھەرنىڭ خارابىلىقتا ئايلانغانلىقىنى كۆردى. ئۇ، قولىنى تىزىغا ئۇرۇپ ئېيتتىكى: «ئەي خوجا، بۇ نومۇسسىزلىقلارنى كىمگە دەرمەن! ؟ كىمگە ئېيتارمەن؟ ! بىر نۆكىرىم مۇشۇنداق قىلسا، باشقا نۆكەرلىرىم قانداق قىلار؟»

— ھېچ ۋەقەسى يوق، بۇ جاراھەت پات پۈرسەتتە ساقىيىدۇ، دەردكە داۋا تېپىلىدۇ، — دەپ تۇراتتى. شۇ چاغ سارايىنىڭ ئىشىكىدىن بىر ئادەم كىرىپ كەلدى.

— ئەي، شەھرىيار، — دېدى ئۇ، — سىزگە خوش خەۋەر ئېلىپ كەلدىم. ھېلىقى ئۈچ ئوغلىنى مەككىدە پەرۋىش قىلىۋىدىڭىز، ئۇلار مەككىنىڭ ئەتراپىدا ھىشامنىڭ يولىنى توسۇپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈپتۇ، ھىشامنىڭ مەدايىندىن ئالغان ئولجىلىرىنى تارتىۋېلىپ، ئەسىرلەرنى قويۇپ بېرىپتۇ. ئۇلار ھەممىسى يېتىپ كەلگەن ئوخشايدۇ. بازار بېشىدىكى خوجا شەھاب ئەرباب ئۆتكەن - كەچكەنگە سۆزلەپ بېرىۋاتىدۇ، — دېدى.

پادشاھ خۇشال بولدى. خوجىغا ئىنئام بەردى. چۈنكى خوجىنىڭ سۆزلىرى توغرا چىققانىدى. ئاندىن ئەربابنى چاقىرتىپ سورىدى. ئەرباب باشتىن - ئاياغ بايان قىلىپ بەردى:

— پادشاھ ھىشام بىزنى ئەسىر ئېلىپ خار - زار ھالدا ئېلىپ كېتىۋاتاتتى، — دېدى ئۇ، — تۇيۇقسىز بىر يىگىت پەيدا بولدى. ئۇ بالا يەتتە ياشلاردا بار ئىكەن. مەيدانغا چۈشۈپ ھىشامنىڭ شەمشىرىنى تارتىۋېلىپ ئۇنى ئىككى پارە قىلىپ تاشلىدى. لەشكەرلەرنى ئۆلتۈرۈپ، بىزنى قۇتقازدى. ئۆزى مەككە مۇئەززەمە تەرەپكە كەتتى.

پادشاھ خۇشاللىقىدىن ناغرا - سۇناي چېلىشقا بۇيرۇدى. پۈتۈن شەھەر خەلقى بۇ ئىشنى سۆيەرخانى مۆلكى ئادىل قىلغانلىقىنى بىلدى. ئەمما، بەختەكتە تۇيۇقسىز قورساق ئاغرىقى پەيدا بولدى:

— ئەي شەھرىيار ئالەم، — دېدى ئۇ، — ئۇنىڭ سىزگە دوستلۇقى بولغان بولسا، بارگاھ ۋە تاجۇ - تەختىنى يېرىم يولدىن بۇ يەرگە ئەۋەتمەسمىدى؟ نېمىدەپ مەككىگە ئېلىپ كېتىدۇ؟

پادشاھ خوجىغا قارىدى. خوجا دېدى:

ھازىرقى زامان ئۇلارنىڭ زامانىدۇر. بەلكىم، سىزدىن ئەلچى تەمە قىلدى بولغاي.

پادشاھ بەختەككە ئەلچى ئەۋەتىشنى بۇيرۇدى. بەختەكنىڭ بەھمەن سەگان، بەھمەن خەران دەپ ئىككى ئادىمى بار ئىدى. شۇلارنى ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. ئۇلار ئىسلام لەشكەرلىرىگە يېقىنلاشقاندا، خوجا ئۆمەرگە ئۇچرىدى. ئۇ، ئەمىرنىڭ قېشىغا كىرىپ:

— پادشاھنىڭ يېنىدىن ئەلچى كەپتۇ. بۇلار بىلەن مەن كۆرۈشەي، سىز بۈگۈن پادشاھلىقنى ماڭا بەرسىڭىز.

ئەمىر ماقۇل بولدى. خۇسرەۋ بارگاھى تىكلەندى. بارگاھقا تەختنى قويۇپ، خوجا ئۆمرى بېشىغا شاھلىق تاجنى كىيىپ، تەختكە چىقتى. ئەمما، شاھلىق تاجىسى خوجا ئۆمرىگە ياراشمىدى. چۈنكى، تاج ئۇنىڭغا دەل كەلمەيتتى. تاجنى بارگاھنىڭ تېمىغا ئېسىپ، خوجا ئۆمرى بېشىنى ئۇنىڭغا تىقتى. ئاندىن ئەلچىلەرگە رۇخسەت بەردى. ئەلچىلەر كىرىپ كەلدى. ئۇلار سوۋغا ـ سالامسىز كەلگەنىدى. ئۇلار كۆردىكى، تېخى ئاغزىدىن ئانا سۈتىنىڭ تەمى كەتمىگەن 7 ياشلاردىكى بىر گۆدەك پادىشاھلىقنى تەسەررۇپ قىلىپتۇ. ئەلچىلەر تەكەببۇر ئىدى. ئۇلار بىپەرۋا ھالدا تۇرۇشتى. ئەمما، بايا لەشكەرنىڭ چېتىدە يولۇققان ئوغۇل تەختتە ئولتۇراتتى. ئۇلار بۇ بالىغا ئەدەپسىزلىك قىلىشقانىدى. مانا دەل شۇ ئوغۇل خەتنى ئالدى. ئوقۇپ تىزى ئۈستىدە قويدى. ھېچ نەرسە دېمەستىن ئەلچىلەرگە تاماق تارتتى. ئەلچىلەرنىڭ ئالدىغا قاپقىلىق (تۇۋاقلىق) چىنى تاۋاقلاردا ئاش قويۇلغانىدى. ئۇلار تاۋاقنى ئاچتى. بىرىدە كېپەكتە ئەتكەن ئۇماچ، يەنە بىرىدە غاجاپ تاشلىۋەتكەن سۆڭەك بار ئىدى. ئۇلار تاۋاقلارنىڭ ئېغىزىنى يېپىپ قويدى.

— ئەي ئەلچىلەر، — دېدى ئەمىر، — نېمىشقا يېمەيسىلەر؟ — دەپ، تاۋاقنىڭ ئۈستىنى ئاچتى ۋە خىجالەت بولۇپ قالدى.

— ئەي سۇلتانى ئەرەب، — دېدى خوجا ئۆمرى، — ئۇلارنىڭ نېسىۋىسىنى بەردىم. بۇ نامەنى كۆرۈپ باقسىلا، — دېدى.

ئەمىر نامىنى ئېلىپ كۆردى. ئۇنىڭدا: «ئەي ئەرەب بەچچىلەر، ياخشى ئىش قىلىپسىز-لەر، تا ئۈچ ئايغىچە ۋاخان بولۇڭلار. بەھمان سەگان ۋە بەھمەن خەران دېگەن ئىككى ئەلچىنى ئەۋەتتۇق» دېيىلگەنىدى.

— ئېبەرگەن نامىسىنى ئوقۇدۇم، — دېدى ئۆمرى، — بۇ ئەلچىلەرنىڭ بىرى سەگ (ئىت)، يەنە بىرى خەر (ئېشەك) ئىكەن. شۇڭا يەيدىغان تائامنى ئەلۋەتتە مۇشۇ بولۇشى كېرەك.

نامىگە يەنە مۇنۇلار يېزىلغانىدى. : «شۇنچە ئىشلارنى قىلىپسىلەر، تولا مەغرۇرلىنىپ كەتمەڭلار. پادىشاھىڭلارنى ئالدىمىغا ئەۋەتىڭلار، بولمىسا، بىز بېرىپ ھەممىڭلارنى توپىغا كۆمۈۋېتىمىز»

خوجا ئۆمرىنىڭ ئاچچىقى مۇشۇ يەردە ئىدى. ئۇ دېدىكى:

— ئەي ھارامزادىلەر، لەشكىرىڭلار كۆپ ئىكەن. ھىشامدىن نېمىشقا قاچتىڭلار؟ شەھەرنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدۇرۇپ ئۆزۈڭلار قېچىپسىلەر. ئەمىرى ئەرەب ھىشامنى ئۆلتۈ-رۈپ، مەدايىنىدىن ئالغان ئولجا، ئەسىرلەرنى تارتىۋالدى. كۈچلۈك دۈشمەننى ئۆلتۈرۈپ، سىلەرنى قۇتقازساق، تېخى ئاتا ئات، سەرۋىپاي بېرىپ خۇش قىلماي، ئەكسىچە قىلىپ، پوپوزا قىلماقچىمۇسىلەر؟ دەپ، ھەر ئىككى ئەلچىنى ئۇرۇپ، ئات، ياراغلىرىنى تارتىۋېلىپ قويۇپ بەردى. ئۇلار پادىشاھنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— بىز ئۇلارنى كۆرۈپ قويدۇق. سىلەرگە دوستلۇق قىلىدىغاندەك ئەمەس، — دېدى ۋە خوجا ئۆمرىنىڭ قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئېيتىپ بېرىشتى.

پادىشاھ خوجىغا قارىدى. خوجا:

— بەختەكنىڭ ئەۋەتكەن نامىسىگە قاراپ باقايلى، — دېدى.

پادىشاھ دەرھال بەختەكنىڭ نامىسىگە قارىدى ۋە:

— ئەي ئىت! سەن بالىلىرىمنى ماڭا دۈشمەن قىلىپ مۇشۇنداق خەتنى ئەۋەتىپسەن. خەزىنىنىڭ ئاچقۇچىنى خوجىغا بەر، — دېدى ۋە خوجىغا قاراپ، — نېمە قىلىشنى

خالىسىڭىز، شۇنداق قىلىڭ، — دېدى.

خوجا بولسا:

— ھالا، ھازىرقى ۋاقىت ياشلارنىڭ دەۋرى. ئۇلارنى شۇنداق مۇلايىم قىلايكى، ئەبۇلئالىمغا سىزنىڭ تەخت تاجىڭىزنى بېشىدا كۆتەرتىپ، ئالدىڭىزغا ئەكەلدۇرەي، — دېدى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ، خەزىنىگە كىردى.

بۇ يەردە ئىسكەندەردىن قالغان بىر ناغرا بار ئىدى، ئۇنى، جەمشىدنىڭ كانىيى، كەيۇمەرس ئادەمنىڭ زىرىھىنى، تەھمۇرەس دىۋە بەندىنىڭ سۇنايىنى، ھۇشەڭنىڭ سەفىر مۇھرەسىنى ① ئۇنىڭ ئاۋازى 20 پەرسەڭ يەرگە يېتەتتى، نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېگىزلىكى ئاتمىش گەز كېلىدىغان زەيتۇن ياغىچىدىن ياسالغان ساغداقىنى، ۋە 40 پاتمان ئالتۇن ئالدى. ئۇلارنى ئۆيىگە ئاپىرىپ، ھېكمەت بىلەن يەرنى كولاپ، ئالتۇننى ئېرىتىپ كولىغان يەرگە قۇيدى. ئۇن ئىككى بۇرجەكلىك بىر ئەلەم پەيدا بولدى. بىر ئەجدىھا زەيتۇن ياغىچىدەك ئۇزۇن، چىرايلىق ساپ ياساپ، ئۇنىمۇ ئالتۇن بىلەن قاپلاپ، شەددىنى ئۇنىڭغا بېكىتتى. ئاندىن ئەمىرگە مۇناسىپ كىيىم - كېچەكلەرنى ئالدى. خوجا ئۇمرىگىمۇ بېزەلگەن بىر دانە تاج ۋە شۇنداق بىر خىل كىيىم تەقدىم قىلدىكى، ئۇنىڭدا 44 خىل رەڭلىك جىلۋە بېرىدىغان قۇش پېيىدە ياسالغان بىر تىزىق بار ئىدى. يەنە كۆتۈرۈشكە ئادەم بالىسى ئاجىزلىق قىلىدىغان مۇناردەك ئۇزۇن دەستىلىك، بىر خەنجەر تەييار قىلدى، مۇقبىلغىمۇ سەرۇرباي، ئوق - ساغداق تەييارلىدى، ئاندىن، ئەمىرنىڭ بارلىق ئۇمەرالىرىغا مۇناسىپ نەرسىلەرنى تەييار قىلىپ، مەككىگە قاراپ يولغا چىقتى. لەشكەرگاھقا يېقىنلاشقاندا، خوجا ئۇمرىنى كۆرۈپ ئاتتىن چۈشتى. ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتى. خوجا ئۇمرى:

— قانداق بولۇپ بۇ يەرگە كەلدىلە؟ — دەپ سورىدى.

— ئەمىرنى كۆرگىلى كەلدىم، — دېدى خوجا.

— ئەي خوجا، — دېدى ئۇمرى، — ئۇ ئىككى ئەلچىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتمىگىنىمگە ناھايىتى كۆپ پۇشايمىنىم بار. سىلى قايتىپ كەتسىلە، بولمىسا، ئەمىر ئاچچىقلىنىپ قالىدۇ، — دېدى. خوجا:

— ئەي، ئۇمرى، سىز سوۋغاتلارنى قوبۇل قىلىپ ئېلىڭ. ئاندىن قايتاي، — دەپ، كىيىم - كېچەك ۋە جەڭ ئەسۋابلىرىنى خوجا ئۇمرىنىڭ ئالدىغا قويدى.

— ئەي خوجا، — دېدى ئۇمرى — سىلەر بۇ يەردە تۇرۇپ تۇرۇڭلار. مەن ئەمىردىن سوراپ كېلەي، — دەپ، ئەمىرنىڭ قېشىغا كىرىپ:

— ئەي، ئەمىر، خوجا ئەبۇزەرجۇمھۇر، سىزنىڭ نېمىڭىز بولىدۇ؟ — دېدى.

— ئۇ خوجا مېنىڭ ئاتام بولىدۇ.

— ئاتىڭىز لەشكەرگاھىنىڭ يېنىدا تۇرىدۇ. ئالدىغا چىقىشىمىز لازىم، — دېدى خوجا ئۇمرى ۋە خوجىنىڭ قېشىغا چىقتى. ئەمىر خوجا ئەبۇزەرجۇمھۇر بىلەن كۆرۈشتى ۋە بارگاھقا كىرگەندىن كېيىن، خوجا:

— ئەي، ئەمىر، سىلەر ئولتۇرۇڭلار، — دېدى ۋە سوۋغا - سالاملارنى ئەمىرنىڭ، ئۈمىرالار ۋە مەككە چوڭلىرىنىڭ ئالدىغا قويدى. بۇ نەرسىلەرگە ھەممەيلەن خۇش بولۇشتى. خوجا ئەبۇزەر جۇمھۇر بۇ يەردە بىرنەچچە كۈن تۇردى ۋە:

— ئەي بالام، پادىشاھ دىدارىڭىزغا مۇشتاق بولۇپ تۇرىدۇ. تېزراق بارارسىز، —

---

① سەفىر مۇھرە — بىر خىل سەدەپ قۇلۇلىسىنىڭ قېپى

دەپ قويۇپ قايتتى. ئۈچ كۈندىن كېيىن، ئەمىر مەدايىنغا بېرىشقا نىيەت قىلدى. ئەبۇ سەئىد سالۇك: «رەۋاھىل شەھىرىدىن يىگىرمە مىڭ پالۋان پەيدا بولدى. باشلىقىنى ئۆمەر مەئدە كەرەب دەيدۇ. سىز بىلەن جەڭ قىلماقچىكەن» دەپ خەۋەر ئېلىپ كەلدى. ئەمما، ئەمىر قىلچە غەم يەيدىغاندەك قىلمايتتى. دۈشمەن تەرەپ يېتىپ كەلدى. جەڭ دۇمباقلىرى چېلىنىپ، سەپلەر راسلاندى. ئۆمەر مەئدەكەرەب مەيدانغا كىرىپ مەرد تەلەپ قىلدى. ئەمىر مەيدانغا كىردى. ئۆمەرمەئدە كەرەب ئەمىرنىڭ ئاجايىپ بىر يىگىت ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى ۋە سورىدى:

— نېمە ئادەمسەن، ئېتىڭ نېمە؟

— مەن — دېدى ئەمىر، — ھىشام ئەلقەمە خەيبەرىنى ئۆلتۈرگەن ئەمىر ھەمزە بولىمەن. ئۆمەرمەئدە كەرەب كۈلدى:

— ئەي نادان، ئەخمەق يىگىت، سەن ئۆز ئالدىڭغا مەن مۇھەممەت مۇستاپانىڭ خىزمەتكارى، ئېتىقاد قىلغۇچىسىمەن دەمسەن، تېخى!؟ — دەپ ئەمىرگە نەيزە ئۇردى. ئەمىر ئۇنىڭ نەيزىسىنى تارتىۋېلىپ، بويىنغا شۇنداق ئۇردىكى، ئۇ، ئاتتىن موللاق ئېتىپ چۈشتى. لەشكەرلەر ئۇنىڭ پۇت - قولىنى باغلاپ، ئېلىپ كەلدى. ئەمىر ئۆز ئورنىغا قايتىپ كېلىپ ئولتۇردى. پۇت - قولى باغلانغان ئۆمەرمەئدە كەرەبنى ئەمىرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىرىشتى. ئۇنىڭغا تېخى گەپ قىلغۇچە بولمىغانىدى. بېشىغا چايشاپ ياپقان ئادىيە بانۇ يىغلىغىنىچە كىرىپ كەلدى ۋە ئۆمەر مەئدە كەرەبنىڭ بويىنىنى قۇچاقلاپ، يۈز - كۆزىگە سۆيۈپ كەتتى. بۇ ھال ئەمىرنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى. چۈنكى، ئۇ، ئادىيە بانۇنىڭ ئۇنىڭ بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بارلىقىنى بىلمەيتتى.

— ئەي بالام ئەبۇلئالى، — دېدى ئادىيە بانۇ، — بۇ مېنىڭ ئوغلۇمدۇر. ئۇنىڭ ئاتىسى ئۆلۈپ كەتكەن. بۇنى تاغىسى زەئىپ زەۋال باغلاپ ئېلىپ قاچقانىدى. شۇنىڭدىن بېرى ئۇنىڭ دېرىكىنى ئالالمىغانىدىم، ئۇنى چول باياۋاندا تەربىيە قىلىۋېتىپتىمىش، دەپ ئاڭلىغانىدىم. ئۇ، بىلمەستىن سىزنىڭ ئۈستىڭىزگە كەپتۇ. ئۇنىڭ گۇناھىدىن ئۆتۈڭ بۇ بالىنى ماڭا بېرىۋېتىڭ، — دېدى. ئەمىر دەرھال قويۇپ گۇناھكارنىڭ پۇت - قولىنى يەشتى. پاكىزە كىيىملەرنى كىيگۈزۈپ، يىغلاپ كۆرۈشتى. يېنىدا ئولتۇرغۇزدى. ئادىيەبانۇ ئۆمەرمەئدە كەرەبنىڭ قولىدىن تۇتۇپ ئەمىرگە تاپشۇرۇدى ۋە:

— ئەي ئەبۇلئالى، مەن بۇنىڭ سۈتىنى سىزگە ئېمىتكەن، ئەتە - ئۆگۈن ئالدىڭىزدا پالۋانلار كۆپىيىدۇ. ئەگەر، مېنىڭ پەرزەنتىمنى خار كۆرسىڭىز، مەندىن ئەمگەن ئاشۇ سۈتىڭىزگە قىيامەت كۈنى رازى بولمايمەن، — دېدى.

ئەمىر ئانىسىنىڭ سۆزى بويىچە ئۆمەر مەئدە كەرەبكە ئون ئىككى مەنسەپ بەردى. ئۇ ئەمىرنىڭ بارلىق لەشكەرلىرىنىڭ قوشبېگى بولدى. ئادىيە بانۇ سۆيۈنۈپ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. ئاندىن مەنسەپكە تەيىنلەش بولدى. تەۋق ئىبنى ئىمران گۈرزىلىك لەشكەرلەرگە ئەلەمدار بولدى. كەبابەچىنىنى ناغرىچى، سۇلتان بەخت مەغرىبى لەشكەر بېشى، مۇقبىل پاسىبان بولدى. خوجا ئۆمرى تۇتۇلغان لەشكەرلەرنى قوبۇل قىلدى. ئاندىن ئەمىر ئاتمىش مىڭ كىشى بىلەن مەدايىنگە يۈرۈپ كەتتى.

## پەسلى داستان، ئەمىرنىڭ پەيزئابادنى مۇسەخخەر قىلغانلىقى

ئۇلار ئىككى يولنىڭ بېشىغا يەتتى. قايسىسى بىلەن مېڭىشنى سورىغاندى. ھەر

ئىككىلىسى مەداينىگە بارىدىغان يول ئىكەنلىكىنى ئېيتىشتى. ئوڭ قولدىكىسى قەدىمىي يول بولۇپ، 12 يىلدىن بېرى سول تەرەپتىكى يول بىلەن ماڭاتتى. ئەمىر بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىۋىدى. بىر تاغلىق شەھەر بولۇپ، «پەيزىئاباد» دېيىلىدىكەن. بۇ يەرگە بىر يولۋاس پەيدا بولۇپ قالغىنىغا 12 يىل بوپتۇ. پادىشاھنىڭ يەتتە خادىمىنى ئۆلتۈرگەن بولۇپ، شۇنىڭ قورقۇنۇچىدا بۇ يولدىن ئادەم ماڭمايدىكەن. ئۇنىڭ يەنە بىر يېنى قەلئەيى پەيزىئاباد بولۇپ، نامازدىگەر بولسىلا ئۇنىڭ دەرۋازىلىرىنى ئەتتۇرۇۋېتىدىكەن. سىرتتا قالغان جانلىقلار يولۋاسقا يەم بولىدىكەن. تاڭ ئاتقۇچە ئۇنىڭ قورقۇنچىدىن سېپىل ئۈستىدە ئوت قالاپ ناغرا چېلىشىدىكەن. ئەگەر، بۇ جانىۋار ھۆركىرىسە ھامىلدار خوتۇنلارنىڭ بويىدىن ئاجراپ كېتىدىكەن. ئەمىر: «ئەمىسە مۇشۇ يول بىلەن ماڭايلى» دەپ مېڭىشتى ھەم ئەمىر يولۋاس بىلەن جەڭ قىلىشقا داغدۇغا قىلىپ ماڭدى. ھەرقانچە توسىسىمۇ ئۇنىمىدى. ئۇلار ئاخىرى بىر مۇنارنىڭ يېنىغا يەتتى. مۇنار ئۈستىدە بىر كىشى ناغرا چېلىۋاتاتتى. ئۇ، ئەمىرنى «بۇ يەرگە كېلىڭ»، دەپ چاقىردى. ئەمىر مۇنارغا چىقتى. ئۇ يەردە بىر بوۋاي ئولتۇراتتى، ئۇ ئەمىردىن ھال سورىدى. ئەمىر:

— مەن يولۋاس بىلەن ئۇرۇشقىلى كەلدىم، — دېدى.

— ئەي يىگىت، — دېدى بوۋاي، — ئۇ، پادىشاھنىڭ تۇيۇقسىز زەربە بەرگۈچىلىرىدىن يەتتە ئادىمىنى ئۆلتۈرگەن. ئۇنىڭغا قانداق تەڭ كېلەلەيسەن؟

ئەمىر ئۇنىمىدى، خوجا ئۆمرى يىغلاپ:

— سىز جاڭگالغا كىرسىڭىز، بىز ئۆلۈكىڭىزنى قەيەردىن تاپىمىز؟ — دېدى.

— مەن يولۋاسنى كۆرۈپلا نەرە تارتىمەن - دە، ئۇنىڭغا روبىرو تۇرىمەن. يەنە بىر نەرە تارتىمەن، ئاندىن، ئۇنى ئۆلتۈرىمەن. ئەگەر، ئۈچىنچى قېتىم ۋارقىرىغانلىقىمنى ئاڭلىساڭلار يولۋاسنى ئۆلتۈرۈپتۇ دەڭلار، ئاڭلىمىساڭلار مېنى ئۆلۈپتۇ دەڭلار، — دەپ مۇناردىن پەسكە چۈشتى. تەڭرىتائالاغا تەۋەككۇل قىلىپ، تاغ ئارىسىغا كىرىپ كەتتى.

ئەمىر بىر ئوچۇقچىلىققا يېتىپ باردى. بۇ يەردە گۈللەر ئېچىلىپ تۇراتتى. مېۋىلەر پىشىپ كەتكەنىدى. ئوتتۇرىدا بىر چىنار بولۇپ، چىنارنىڭ تۈۋىدە بىر بۇلاق بار ئىدى. ئەمىر بۇلاقتا تاھارەت ئېلىپ، ئىككى رەكەت ناماز ئوتىدى. ئاندىن ئۇ بىر نەرە تارتقانىدى. ئۇدۇل تەرەپتىن بىرنەرسە پەيدا بولۇپ كەلدى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 47 گەز، ئېگىزلىكى 17 گەز كېلەتتى. بېشى، گويا گۈمبەزدەك، ئاغزى غاردەك، چىشى سەندەلدەك، ھەربىر كۆزى مەشئەل ئوتىدەك تۇراتتى. يولۋاسمۇ ئەمىرنى كۆردى. ئەمىر ئۇنى كۆرۈپ بىر نەرە تارتقاندىدى، پەيزىئابادتىكى كىشىلەر ئىشىتىپ، خەلق ھەممىسى سېپىل ئۈستىگە چىقتى. ئۇلار جەننەتنىڭ گۈلىدەك بىر يىگىتنى (ئەمىرنى) كۆردى. يولۋاس ئەمىرگە غارقىراپ ئېتىلدى. ئۇنىڭ ئالدى پۇتلىرى ئەمىرنىڭ بېشىدىن ئېشىپ، ئەمىر ئۇنىڭ ئاستىدا قالدى. ئەمىر ئىككى قولى بىلەن يولۋاسنىڭ بېلىدىن قۇچاقلاپ، بىر كۈچىدى ۋە بىر نەرە بىلەن ئاسمانغا ئاتتى. يولۋاس ئاسمانغا چىقىپ كېتىپ، ئون سائەتتىن كېيىن چۈشتى. خوجا ئۆمرى ئەمىرنىڭ نەرە تارتقان ئاۋازىنى ئاڭلاپ يېتىپ كەلگەندە، ئەمىر ھالسىراپ يىقىلغانىدى. خېلىدىن كېيىن ئۆزىگە كەلدى. ئاندىن ئەمىرنىڭ لەشكەرلىرىمۇ يېتىپ كەلدى. پەيزىئابادتىكىلەرمۇ كېلىپ، ھەممىسى شۇ كۈنى بەيئەت قىلدى. خوجا ئۆمرى يولۋاسنىڭ تېرىسىنى تۇلۇمچە سويۇشنى بۇيرۇدى. يولۋاسنى سويۇپ، ئىچىگە سامان تىقتى. كۆزىنىڭ ئورنىغا ئەينەك بېكىتتى. ئىچىگە خىتاينىڭ پانۇسىنى بېكىتىپ، ئىككى ئاتەشباز قولىنى ئىچىگە كىرگۈزدى. پۇتىغا غالتەك باغلاپ، بوينىغا زەنجىر باغلىدى. ۋە قوڭغۇراق ئاستى، قۇيرۇقى-

غا خادا باغلىندى. شۇنداق دەبدەبە ۋە داغدۇغا بىلەن پەيزىئابات تەرەپكە قاراپ ماڭدى. بۇنى ھەركىم كۆرسە يۈرىكى ئورنىدىن قوزغىلاتتى. ئۇلار پەيزىئابات قەلئەسىگە كېلىپ توختىدى.

بۇ چاغدا مەدايىنگە ئۈچ مەنزىل قالغانىدى. ھىشامنىڭ بېشىنى نەيزىگە سانجىپ ئۇنى مۇقبىلدىن پادىشاھقا ئەۋەتتى. مۇقبىل شادكام كۆۋرۈكنىڭ بېشىغا يېتىپ كەلگەندە پادىشاھقا: «مۇقبىل كەلدى» دەپ خەۋەر قىلىشتى. ھەممە خەلق مۇقبىلنىڭ ئالدىغا چىقتى. ئۇنى شەھەرگە ئەكىرىپ، ئوردىنىڭ ئالدىغا يېتىپ بارغاندا، ئالدى بىلەن ھىشامنىڭ بېشىنى كىرگۈزدى. ئاندى، ئىجازەت بىلەن ئۆزى كىردى. پادىشاھ مۇقبىل بىلەن كۆرۈشۈپ، ئوبدان يەردە ئولتۇرغۇزدى. پادىشاھ توختىماي ئەمىر توغرىسىدا سوئال سورايتتى. مۇقبىل كەچكىچە پادىشاھنىڭ قېشىدا بولۇپ، كەچتە خوجىنىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئەتىسى يەنە پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كەلدى. ئۇلار تاماق يېيىشىۋاتاتتى. شۇ ئەسنادا زەنجىر تەۋرىدى، ياساۋۇللار يۈگۈردى. ھېچكىم يوق بولۇپ چىقتى. ئەمما، زەنجىرنىڭ ئۈستىدە بىر لەگلەك قۇش ئولتۇراتتى. لەگلەكنىڭ بوينىغا بىر يىلان چىرمىشىۋالغانىدى. لەگلەك پادىشاھقا قاراپ سايرايتتى. خوجا دەرھال قوپۇپ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا يۈكۈندى:

— ئەي، ئادىل شاھ، — دېدى ئۇ، — تەڭرىتائالا سېنىڭ ئادىللىقىڭنى جانىۋارلار ئارىسىدىمۇ زاھىر قىلىپتۇ. بۇ لەگلەك ساڭا ھال تىلى بىلەن داد قىلىۋاتىدۇ. چۈنكى، يىلان دۈشمەندۇر. ئۇ: «سەن ئادىل پادىشاھتۇرسەن، سېنىڭ دەرگاھىڭدا ئوق بىلەن بۇ يىلاننى ئۆلتۈرگۈدەك بىر باھادىر بارمىدۇ؟! ئۇ مېنى بۇ يىلاندىن قۇتقازغاي» دەۋاتىدۇ، — دېدى.

خوجىنىڭ بۇ سۆزلىرى پادىشاھقا خۇش كېلىپ، تەختىنى سىرتقا قويۇشنى بۇيرۇدى. پادىشاھنىڭ ئالدىدا ساسانى، مۇنشەرداكى، سىگانى ۋە كەرگانى قەبىلىلىرىنىڭ باشلىقلىرى ۋە تەخت ئىگىلىرىدىن تۆت مىڭ توققۇز يۈز قىرىق تۆت نەپەر ئادەم قول باغلاپ تۇرۇشتى. پادىشاھنىڭ ئوڭ قول تەرىپىدە خوجا، سول قول تەرىپىدە بەختەك ئولتۇراتتى. پادىشاھ: «بۇ لەگلەكنى يىلاندىن ئاجرىتىدىغان كىشى بارمۇ:» دەپ ئۈچ قېتىم سورىدى. ھېچكىمدىن ئۈن چىقمىدى. ئاخىرى، مۇقبىل قەددىنى كۆتۈرۈپ:

— ئەي شەھرىيارى ئالەم، ئەگەر سىزنىڭ ئىنايىتىڭىز بولسا، بۇ خىزمەتنى مەن بەجا كەلتۈرەي، — دەپ، ئوقيانى قولىغا ئالدى. ئوقنى بېسىپ، كۆڭلىدە: «ئەي بارا خۇدايا، مېنى بۇنچە كۆپ خەلقنىڭ ئالدىدا شەرمەندە، رەسۋا قىلمىغايسەن» دەپ مۇناجات قىلدى ۋە ئوقنى قويۇۋەتتى. ئوق يىلاننىڭ بوينىغا تېگىپ، بېشى ئۈچۈپ كەتتى. لەگلەك قۇش يىلاننى تاشلاپ، پادىشاھنىڭ بېشىدىن ئۈچ مەرتىۋە ئايلىنىپ، ئۆز يولىغا كەتتى. پادىشاھ مۇقبىلغا ئۆزى كىيگەن تون - سەرپايىنى بەردى. ئاندىن نۇرغۇن ئالتۇن ئىنئام قىلدى. مۇقبىل ئۇ يەردىن يېنىپ چىقتى. يولدا ئۇنىڭغا خوجا ئۆمرى ئۇچرىدى. مۇقبىل ئۇنىڭغا تەزىم قىلىشنى ئۇنۇتتى. خوجا ئۆمرىمۇ پالاقمان بىلەن ئۇرۇپ مۇقبىلنىڭ قولىنى سۇندۇرۇۋەتتى پادىشاھنىڭ بەرگەن نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسىنى سالدۇرۇۋالدى ھەم ئەمىرگە ئېيتماسلىققا قەسەم قىلدۇردى. مۇقبىل قولىنى تېڭىپ، ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى كىيىمىنى كىيىپ، ئەمىرنىڭ قېشىغا كىردى.

— پادىشاھ ساڭا دوستلۇق قىلماپتۇ - دە؟ — دېدى ئەمىر.

مۇقبىل يىغلاپ تۇرۇپ دېدى:

— ياخشى دوستلۇق قىلغانىدى، ئەمما خوجا ئۆمرى يولدا قولۇمنى سۇندۇردى. پاددىشاھنىڭ بەرگەن ئىنئاملىرىنى تارتىۋالدى، — دەپ، يىلاننى ئۆلتۈرۈگەنلىكىنى ھېكايە

قىلىپ بەردى.

ئەمىر خوجا ئۆمرىنى چاقىرتىپ:

— ئەي خوجا ئۆمرى، مېنىڭ قۇلۇم پادىشاھ قېشىغا بېرىپ ئالغان ئىنئامنى تارتىۋېلىپ، ئۇنىڭ قولىنى سۇندۇرۇپسىز، بۇ نېمە ئىش؟ — دېدى.

— ئەي ئەرەب بەچچە، — دېدى خوجا ئۆمرى، — مەن سىزگە كىم؟ مۇقبىل كىم بولىدۇ؟

— سىز مېنىڭ ئىنىم، مۇقبىل قۇلۇم، — دېدى ئەمىر.

— مۇقبىل قۇل تۇرۇپ، يولدا ماڭا تەكەببۇرلۇق قىلدى. سالامىمۇ قىلمىدى. شۇڭا ئەدەپلەپ قويدۇم، — دېدى خوجا ئۆمرى. ئەمىر دېدى:

— ئۇنداق قىلغان بولسا، مۇقبىلنى سىزگە بەردىم. نېمە قىلسىڭىز قىلىڭ.

خوجا ئۆمرى ئۇنى ئېلىپ چىقىپ ئۆلتۈرمەكچى بولغانىدى. خەلق ئارىغا كىرىپ، ياراشتۇرۇپ قويدى. ئاندى، خوجا ئۆمرى ئەمىرنىڭ قېشىغا كىرىپ دېدى:

— ئەي ئەرەب بەچچە، سىز «مېنىڭ قۇلۇم ئالغان ئىنئاملارنى تارتىۋاپسىز» دېدىڭىز. مەنمۇ بېرىپ جەڭ قىلىپ ئىنئام ئالاي دەپ، ھېلقى بەھەيۋەت يولۋاس بىلەن بىللە تۆت يۈز ئاتەشباز قۇلىنى ئېلىپ يۈرۈپ كەتتى. شادكام دەرياسى كۆۋرۈكىنىڭ بېشىغا يەتكەندە پادىشاھقا« خوجا ئۆمرى يولۋاسنى ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ» دېگەن خەۋەر يەتتى. پادىشاھ تامام خەلقكە «خوجا ئۆمرىنىڭ ئالدىغا چىقىڭلار»، دەپ ئەمىر قىلدى. پۈتۈن خەلق چىقتى. ئەمما يولۋاسنى كۆرۈپ، ئۈچ مىڭ ھامىلدار خوتۇننىڭ بويىدىن ئاجراپ كەتتى، يەتمىش كىشىنىڭ يۈرىكى يېرىلىپ ئۆلدى، كىشىلەر سېپى ئاخىرى تاقى كىسرىنىڭ ئىشىكىگە يېتىپ كەلدى. نۇشىرۋان يولۋاسنى كۆرۈپ، ئۇنى تىرىك دەپ ئويلىدى.

— ئەي پادىشاھ، — دېدى خوجا، — بۇ يولۋاس ئۆلۈككەن، خوجا ئۆمرى ھەيۋە قىلىۋاتىدۇ.

پادىشاھ خوجا ئۆمرى بىلەن كۆرۈشۈپ، خۇش مۇئامىلە قىلدى. ئاندى، خوجا ئۆمرى:

— ئەي پادىشاھ، تەختلىرىنى كۆلنىڭ لېۋىگە قويۇپ، ئەمىرلەر بىلەن تاماشا قىلىپ ئولتۇرسىلا، مەن سىلىنىڭ بۇ تۆت يۈز ئەييارلىرى بىلەن كۆل بويىدا نەيزىۋازلىق قىلاي، — دېدى. پادىشاھ قوبۇل قىلىپ كۆل بويىدا ئولتۇردى. خوجا ئۆمرى تۆت يۈز ئەييار بىلەن ئۈچ كېچە - كۈندۈز ئېلىشتى. ئاخىرى بارلىق ئەييارلار قىرىلىپ خوجا ئۆمرى يالغۇز قالدى. پادىشاھ ۋە ئۆمىرالار ئاپىرىن ئوقۇشتى. ئۆمرى يەنە دېدى.

— ئەي، پادىشاھ، ئالدىڭىزدا تۇرغان ئاۋۇ ئېسىل چەينەكنى مىخ بىلەن قەسىرنىڭ ئۈستىگە ئاساي، ئاندىن تۆت يۈز قەدەم يەردىن مىخنى سوقاي، ئاندىن چەينەك يەرگە چۈشكىچە مەن ئۇنى تۇتۇۋالاي.

پادىشاھ: «بۇ قىيىن» دەپ ئويلىدى. ئەمما بەختەك ۋە ئۆمىرالار بولسا: «خوجا ئۆمرى بۇ قېتىم شەرمەندە بولىدۇ» دېيىشتى. ئاخىرى خوجا ئۆمرى چەينەكنى مىخ بىلەن سارايىنىڭ تورۇسىغا ئاستى. تۆت يۈز قەدەم يەردىن مىخقا قارىتىپ ئوق ئاتتى. مىخ ئۈزۈلۈپ، چەينەك يەرگە چۈشكىچە خوجا ئۆمرى كېلىپ چەينەكنى تۇتۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھتىن مۇقبىلغا قارىغاندا ئىككى باراۋەر كۆپ ئىنئام ئالدى. ئاندى پادىشاھ:

— ئەي خوجا ئۆمرى، مەن ئەبۇلئالىنىڭ جامالىغا مۇشتاقمەن، پەرزەنتىمنى تېزراق

يەتكۈزگىن، — دېدى. خوجا ئۆمرى ئەمىرنىڭ قېشىغا بېرىپ، قىلغان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى ھېكايە قىلىپ بەردى. ئەمىرمۇ خۇشال بولۇپ، مەدايىنگە راۋان بولدى.

## پەسلى داستان، ئەمىرنىڭ نۇشىرىۋان قېشىغا كەلگەنلىكى

پادىشاھ:

— پەرزەنتلىرىم جاھاندا تەڭداشسىز بولۇپتۇ، — دەيتتى.

خوجا ئېيتتىكى:

— ئەي، شەھرىيار، ئەبۇلئەلا مەككىنىڭ بۇزرۇكزادىلىرىدىندۇر ۋە يەنە سىزنىڭ ئىككى دۇشمىنىڭىزنى يوقاتتى. ياخشىسى، سىز ئالدىغا چىققايسىز. سىزگە ھېچقانداق زىيىنى يوقتۇر.

— مەنغۇ بۇ ئىشقا ماقۇل بولىمەن، — دېدى پادىشاھ، — ئەمما ساسانى بىلەن شىراكى ماڭا تەنە قىلىشىدۇ، — دېدى. خوجا ئېيتتى:

— بىز دەرھال شىكارغا چىقىشىمىز كېرەك. ئۆمىرالار شىكار قىلىدۇ، ئەمما، ئەبۇلئالى سىزنى «مېنىڭ ئالدىمغا چىقىپتۇ» دەپ بىلىدۇ.

پادىشاھ بۇ سۆزگە ماقۇل بولدى.

ئەلقىسسە، پادىشاھ شىكارغا چىقىپ، ئېگىز تاغ ئۈستىدە تۇراتتى، يىراقتىن ئەمىر كۆرۈندى. پادىشاھ ئۇنى كۆرۈپ ئاتتىن چۈشتى. پادىشاھنىڭ تەخت - تاجىنى ئېلىپ كېلىشتى. پادىشاھ ھەم ئۆمىرالار ئەمىر بىلەن كۆرۈشۈپ قايتىشتى. ئەمما، بەختەك هارام-زادە نەچچىلىگەن سالمىچىنى كۆۋرۈكنىڭ ئاستىغا ئورۇنلاشتۇرغاندى. ئۇلارغا «كىمكى كۆۋرۈكتىن ئۆتسە سالما تاشلاپ باغلاڭلار» دېگەنىدى. ۋە قۇباد ئەردەشىرگە: «سەن ئەبۇلئا-لىنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئىككىمىز ئات چاپتۇرۇشايلى، دېگىن. ئۇنىڭ ئېتى ئاجىز، سېنىڭ ئېتىڭ ئېشىپ كەتسە ئۇ ئىزا تارتىدۇ» دېدى. قۇباد ئەمىرگە «ئات چاپتۇرۇشايلى» دېدى. پادىشاھ ئۇنىڭ غەرىزىنى بىلدى ۋە«بۇ ئات چاپتۇرىدىغان چاغمۇ؟» دەپ تىللىدى. ئەمىر بولسا:

— ئەي شەھرىيار، توسمىسىلا، ئۇلار بىلەن ئات سېلىشايلى، — دەپ، بىر يەرنى قارار قىلىشتى. ئۇ يەردىن يېنىپ، پادىشاھنىڭ ئالدىدىن ئۆتتى. كۆۋرۈكتىن ئۆتۈۋاتقىنىدا قۇبادنىڭ ئېتىدىن ئېشىپ كەتتى. شۇ ھامان سالمىچىلار سالما تاشلاپ ئەمىرنى باغلىۋالدى. ئەمىر بولسا سالمىنىڭ ئۇچىنى بېلىگە باغلىۋېلىپ، ھەممىسىنى سۆرەپ، پادىشاھنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلدى. سالمىچىلارنىڭ بەزىسى يېرىم جان، بەزىسى ئۆلگەن، بېشى يېرىق، پۇت-قولى سۇنۇق ئىدى.

— سىلەرنى بۇنداق قىلىشقا كىم بۇيرۇدى؟ — دەپ سورىدى پادىشاھ ئۇلاردىن.

ئۇلار بەختەكنى كۆرسەتتى. پادىشاھ بەختەكنى تويغىچە دۇمباللىدى.

ئەلقىسسە، ئەمىر شادكام كۆۋرۈكنىڭ بېشىدا چۈشتى، پادىشاھ شەھەرگە كىردى، كېينكى كۈنى پۈتۈن شەھەر خەلقى ئەمىرنىڭ ئالدىغا چىقتى. ئەمىر شادكام دەرۋازىسى بىلەن شەھەرگە كىرىپ، شەھەرنى كۆردى. پۈتكۈل بازار ۋە تۆت كوچىدىكى دۇكانلارنىڭ ھەممىسىدە-گە ئەينەك ئورنىتىلغان بولۇپ، تامام خەلق ئەمىرنىڭ جامالىنى كۆرۈپ غايەت شاد بولۇشتى.

ئەلقىسسە، ئەمىر شەھەرگە ئاتلىق كىرىپ كەلدى. خوجا ئۆمرى قىرىق ئەييار بىلەن ئەمىرنىڭ ئېتىنى يېتىلىگەن بولۇپ، ئۆمەرمەئدەكەرەب تۆت يۈز پاتمان كېلىدىغان بىر پارچە

قۇرام تاشنى بويىدا كۆتۈرۈپ، توق قىزىل داكىنى بويىنغا ئورىغان ھالدا ياساۋۇل بولۇپ، خەلقنى قوغدايتتى. شەھەرنىڭ ئاكابىر ئەشرەپلىرى مۇشۇنداق دەبدەبە بىلەن شەھەردىن گوردە-غىچىلىك ئارىلىقتا پاياندار سالدى.

مۇلازىملار ئەمىرنىڭ بېشىدىن تاۋاقلاپ ئالتۇن چاچاتتى. ئەمىرنى كۆرگەن شەھەر خەلقى تەنتەنە قىلاتتى. ئەمىر گوردا ئىشىكىدە ئاتتىن چۈشتى. ئۈمىرالار ئۇنىڭغا تەزىم قىلىشتى پادشاھ:

— ئەي ياخشى پەرزەنتىم، قەيەرنى خالىسىڭىز شۇ يەردە ئولتۇرۇڭ، — دېدى.

ھەممىدىن ئېگىز بىر سەندەل بار بولۇپ، ئۇ رۇستەمدىن قالغان ئىدى. بۇ چاغلاردا سەندەل گوستەھەم زەررىنە كەپشىكە تەئەللۇق ئىدى. ئۇ، رۇستەمنىڭ ئەۋلادى بولۇپ، خىتاغا كەتكىلى يەتتە يىل بولغانىدى. ھازىر بۇ سەندەل بوش ئىدى. ئەمىر خوجا ئۈمىرنىڭ پىكرى بىلەن شۇ سەندەلگە چىقىپ ئولتۇردى. ئۈمىرالارنىڭ ئارىسىدا غۇلغۇلا چىقتى. بۇ ئىش باشقىلارغا ياقمىدى. بەختەك قۇباد بىلەن ئەردەشىرنى بىر خىلۋەتكە چاقىرىپ دېدى:

— ئەي غەيرەتسىزلەر، سىلەرنىڭ ئەمدى قەدىر - قىممىتىڭلار قالمىدى. چۈنكى، بۇ ئەرەپ بەچچە ئاتا - بوۋاڭلارنىڭ ئورنىدا ئولتۇردى. سىلەر پادشاھ قېشىغا كىرىپ «پادشاھى ئادىل، بۈگۈن بىز ئەدلى قىل» دەپ ئېيتىڭلار، پادشاھ سورايدۇ. سىلەر يەنە: «بۇ، ئاتا - بوۋىمىزدىن قالغان سەندەل ئىدى. ھەر قانداق كىشى ئولتۇرسا، ئاۋۋال، دەۋا ياسىنى تارتىپ ئاندىن، بەش پارچە پولاتنى چاڭگاللاپ ئۈزۈۋالسا، ئاندىن ئولتۇراتتى، بۈگۈن، بۇ ئوغۇلنى ئولتۇرغۇزدىڭىز، ئۇمۇ بۇ ئىشلارنى قىلىپ ئاندىن ئولتۇرسۇن» دەڭلار، — دېدى.

ئۇلار پادشاھنىڭ قېشىغا كىرىپ، بەختەكنىڭ ئۆگەتكەنلىرىنى دېدى.

— ئەي بەد بەختلەر! — دەپ تىللىدى پادشاھ ئۇلارنى، — مېنىڭ قېشىمدا مۇنداق دېيىشكە قانداق پېتىندىڭلار؟

— ئەي شەھرىيار، — دېدى ئەمىر، — قانچىلىك دەستۇر بولسا قوبۇل قىلدىم. كەلتۈرسۇن — ئەمىر يانى قولىغا ئېلىپ دېدى، — بۇ يانىڭ قۇلۇپى بار، ئاۋۋال تارتاي، ئاندىن كۆرستەي، — دەپ يانى تارتتى. ئىككى بېشى بىر يەرگە كېلىپ، كەينىگە يانمىدى. ھەممەيلەن بۇ يانىڭ قۇلۇپى بارلىقىنى بىلدى. ئۇلار رەسۋا بولۇشتى. ئاندىن ئەمىر پەنجى پولاتنى پالۋانلىق سەرپەنجىسى بىلەن ياغاچتىن ئۈزۈپ ئالدى. دوستلار شاد، دۈشمەنلەر غەمكىن بولدى.

پادشاھ ئەمىرگە بارغانسېرى مېھرىبان بولۇپ كەتتى. ئەمىرنىڭ جامالىدىن باشقا يەرگە قارىمايتتى. ئەمىرنىڭ كەلگىنىگە بىرقانچە كۈن بولغانىدى. بىر كۈنى بارگاھ ئىشىكىدىن بىر كىشى كىرىپ كەلدى ۋە پادشاھنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ دېدى:

— ئەي، شەھرىيارى ئالەم، سىزگە بىر خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلدىم. گوستەھەم بەھرامنى ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ.

ئەسلى ۋەقە مۇنداق ئىدى. بەش يىلدىن بېرى بەھرام گوستەھەمنى پادا باقتۇرغان ئىدى. بەھرام بىر كۈنى شىكاردا نۆكەرلىرىدىن ئايرىلىپ گوستەھەمنىڭ قېشىغا كەلدى. گوستەھەم قېمىزغا بىھوش قىلىدىغان دورىنى سېلىپ ئىچكۈزدى. ئاندىن قول - پۇتىنى باغلىدى - دە، تاۋۇتقا سېلىپ، لەشكەرلىرى بىلەن مەدايىنگە كەلدى. ئالدى بىلەن بەختەك ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى. ئاندىن باشقىلارمۇ چىقىشتى. پادشاھ ئەمىرگە دېدىكى:

— بۇ پالۋان ئۇنىڭ خىزمىتىگە بېرىپ، ئىشنى پۈتتۈرۈپ كەپتۇ. سىلەرمۇ چىقىڭلار، — دېدى. ئەمىرمۇ ماڭدى. بەختەك بولسا گوستەھەمگە بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى باشتىن -

ئاياغ ھېكايە قىلىپ بەردى ۋە:

— ئۇ ھازىر سېنىڭ ئورنۇڭدا ئولتۇراتتى. ئالدىڭغا كۆرۈشكىلى كەلگەندە، بېلىنى قاتتىق قىسقىن، ئۇستىخانلىرى سۇنۇپ كەتسۇن. ئۆزۈڭ ۋە خەلقىڭنى ئۇنىڭ داغدۇغىسىدىن خالاس قىل. — دېدى. گۇستەھەم ماقۇل بولدى.

ئەمىر يېتىپ كېلىپ قارىسا، ھارۋىنىڭ ئۇستىدە بىر تاۋۇت تۇراتتى. چۆرىسىگە كىشىلەر يىغىلىشۋالغانىدى. ئەمىر بۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سورىۋىدى، تاۋۇتنى ساقلاۋاتقانلار:

— بۇنىڭ ئىچىدە خىتادا توپىلاڭ چىقارغان بىر يىگىت بار، — دېدى.

ئەمىر تاۋۇتنىڭ ئېغىزىنى ئېچىپ قارىدى. ئىچىدە، ساقىلى گويا ئوت - ئەنبەردەك، يۈزى لەئىلدەك، ماڭلىيى كەڭ، قوشما قاش، بېشى كىچىك، بىلەكلىرى توم، كۆكسى كەڭرى بىر يىگىت ياتاتتى.

ئەمىر ئۇنى كۆرۈپ خۇش بولدى ۋە:

— ئەي يىگىت، مۇشۇ بەستىڭ بىلەن پالۋانلىق دەۋاسىنى قىلماي، گۇستەھەمنىڭ نەيزە بىلەن ئۇرۇپ يىقىتىشىغا قاراپ تۇرۇشقا نومۇس قىلمىدىڭمۇ؟ — دېدى.

— ئەي ئاي يۈزلۈك يىگىت، — دېدى بەھرام، — جېنىم ساڭا پىدا بولسۇن، گۇستەھەمنى نەيزەم بىلەن ئۇرۇپ - يىقىتىپ بەش يىل پادا باققىلى سالغانىدىم. ئاخىردا، قېمىزغا بىھوش دورىسىنى سېلىپ ئىچكۈزۈپ مېنى تۇتتى. بولمىسا، گۇستەھەمنىڭ مېنىڭ ئالدىمغا كەلگىلى ھەددىمىدى؟

— غەم يېمىگىن، — دېدى ئەمىر ئۇنىڭغا، — تەندە جېنىملا بولىدىكەن، سېنىڭ بىر تال مويۇڭغا تەگكىلى قويمايمەن، - دەپ تاغقا چىقتى. تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدىن گۇستەھەم كەلدى. چىقىپ بىر - بىرلىرىنى تونۇدى ۋە ئاتتىن چۈشۈپ، ئەمىرنى قۇچاقلىشۋالدى. ئۈچ قېتىم زورۇقتى، ئەمما، ئەمىرنى ھېچنېمە قىلالمىدى. ئەمىر ئۇنىڭ غەرىزىنى بىلىپ، قولىنى ئۇنىڭ بېلىگە قويۇپ بىر قىسقانىدى، ئۇنىڭ ئوڭ - سول قوۋۇرغىلىرى غاراسلاپ سۇندى. چىرايى باشقىچە بولۇپ، ئېغىزىدىن لەختە - لەختە قان كەلدى. ئۆزىنى توختىتالماي ۋارقىراپ كەتتى. گۇستەھەم شەرمەندە بولۇپ دېدى:

— ئەي يىگىت، بۇ سىر سىز بىلەن مېنىڭ ئارىمىزدا پىنھان قالسۇن. مەن سورىمىغىچە كىشىگە ئېيتمىسىڭىز.

ئەمىر قوبۇل قىلدى. ھەر ئىككىلىسى ئېتىغا مىنىپ يۈرۈپ كەتتى. گۇستەھەم شەھەرگە كىرىپ، پادىشاھنىڭ خىزمىتىدە بولدى.

## پەسلى داستان، گۇستەھەم، پورشەك ساسانى زەررىن كەپىشنىڭ بەھرام گور خاقاننى ئېلىپ كەلگەنلىكى، ئەمىرنىڭ مېھىر نىگارنى كۆرۈپ، بىر - بىرىگە ئاشىق بولغانلىقى.

بەختەك گۇستەھەمگە ئەتە ئەتىگەن كېلىپ، ئۆز سەندىلىگىدە ئولتۇرۇۋال، ئەبۇلئالى كەلسە ئورۇن بەرمىگىن، ئىمزا تارتسۇن» دەپ ئۆگەتتى. ئەتىسى ئەمىر كېلىپ، گۇستەھەمنىڭ ئۆز ئورنىدا ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. ئەمىر خوجا ئۆمەرگە قارىدى. خوجا ئۆمەرى ئۇ

سەندەلدە بىر تىز پاتقىچە يەر تۈرغانلىقىنى كۆرۈپ:

— بىرىپ، تىزىڭىزنى قويۇپ جەينىكىڭىزدە باسسىڭىز گۈستەھەم يىقىلىدۇ، سىز ئورنىڭىزدا ئولتۇرسىڭىز، — دېدى. ئەمىر شۇنداق قىلدى. گۈستەھەم پەسكە چۈشۈپ كەتتى. ئەمىر ئورنىدا ئولتۇردى.

— ئەي پالۋان، — دېدى بەختەك، — سىزنى خىزمەتكە بۇيرۇغان ئىدۇق، كىش قەيەرگە يەتتى؟

— غەنىيمەتنى ئېلىپ كەلدىم، — دەپ، بەھرامنى ھازىر قىلدى. بەھرام قەسرىنىڭ ئىشىكىدىن كىرىپ، رۇستەمدەك تۇردى. پادشاھ:

— ئەي بەھرام، مۇشۇ بەستىڭ بىلەن يېگىلگىلى نومۇس قىلمىدىڭمۇ؟ گۈستەھەم سېنى بىر نەيزە بىلەن يىقىتىپ تاشلاپتىغۇ؟ — دېدى.

بەھرام قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە:

— ئەي پادشاھىم، گۈستەھەمنى مەن يىقىتىپ بەش يىل پادا باقىقلى سالغانىدىم. ئۇ مېنى ھىيلە بىلەن تۇتتى. ھازىرمۇ يېنىدا تۇرۇپتىمەن. مانا ماۋۇ يىگىتتىن باشقا گۈستەھەم بارلىق ئەمىرلىرى بىلەن مېنىڭ بىر قولۇمنى باغلاپ باقمىسۇنمۇ؟ مېنىڭ سۆزۈم راستمىكەن، يا ئۇلارنىڭمۇ، كۆرەيلى، — دېدى.

— ئەي پادشاھىم، — دېدى بەختەك، — بۇ سۆزلەر ئەقىلدىن يىراقدۇر. ئۆلتۈرۈشكە ھۆكۈم قىلغايلا!

جاللاتلار كېلىشتى. ئۇلارنىڭ بويىندا تەسۋى، قېلىچلىرىدىن قەترە - قەترە قان تېمىپ تۇراتتى. بەھرام يىغلاپ كەتتى. ئەمىر:

— ئەي يىگىت، قوچقار ھامان قۇربانلىققا تەييار دۇر. نېمىگە يىغلايسەن؟

— ئەي بەرنا يىگىت، مېنىڭ بۇ يىغلىشىم جان قورقۇنچىسىدىن ئەمەس، شۇنىڭغا يىغلايمەنكى، مېنى ئالەم پالۋانى بولغان كىشى مەغلۇپ قىلغان بولسا، مەن ئۇنىڭغا تەۋە بولغان بولسام، يا مېنى شۇ ئۆلتۈرگەن بولسا مەيلىدى. ئەمما مەن، نامەردلىك ئالدىدا ئۆلىدىغان بولدۇم — دېدى.

ئەمىر بۇنى ئاڭلاپ، دەرھال پەگاغا چۈشتى. يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ پادشاھقا دېدى:

— ئەي پادشاھى ئالەم، مېنى ئۇنىڭغا زەربە بېرىشكە تەيىنلىگەن ئىدىلە. دۈشمەنلىرىنىڭ بويىننى پادشاھلىققا باغلاپ بەرگەيمەن. ھازىر بۇنى ماڭا بەرسىلە. قاچان خالىسىلا شۇ چاغدا پۇت - قولىنى باغلاپ بېرەي. يەنە، ئانىلىرىنىڭ خاتىرىسىنىمۇ قىلالا.

نۇشىرۋان :

— بولىدۇ، بەردىم، — دېدى. ئەمىر ئۇنىڭ قول - ئايىغىنى يېشىپ، «قىرىق كۈندىن كېيىن سەن بىلەن تۇتۇشىمەن. ھازىر ياردار ئىكەنسەن» دېدى ۋە سۇلتانى بەخت مەغرىبكە بۇيرۇدى:

— بەھرامنى سارايغا ئېلىپ بېرىپ، بېشىنى چۈشۈرۈپ، سەرۇپاي بەر، ئاندىن قىرىق كۈنگىچە ياخشى باققىن.

ئۇنى قىرىق كۈن تەربىيەت قىلدى. بەھرام كىرىپ ئەمىرگە:

— ئەي، بۇزرۇكزادە، پادشاھلىقنى جەمشىدنىڭ ئەۋلادىغا بەرمەك، تەختتە سىز ئولتۇرۇۋۇڭ، مەن سىزنىڭ پايتەختىڭىزنىڭ پالۋانى بولۇپ، دۈشمەنلەرنى قىراي، — دېدى.

— ئەي، ئالىي ھىممەتلىك يىگىت، سەۋر قىل، ئىش نەگە بارىدۇ تېخى. — دېدى ئەمىر. ئۇ قىرىق بىرىنچى كۈنى پادشاھنىڭ ئالدىغا كىردى. بەھرام بىلەن تۇتۇشىدىغان

يەرنى تەيىنلىگەندىن كېيىن، كىسرى راۋىقىنىڭ ئالدىغا خالايىقنى يىغدى. پادىشاھنىڭ تەختىنى سىرتقا قويدى. ئەمىر بەھرام بىلەن بىر كېچە - كۈندۈز تۇتۇشتى. ئىككىنچى كۈنى ئەمىر «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ نەرە تارتىپ، بەھرامنى يەردىن ئۈزۈپ ئالدى. ئەمىرنىڭ يۈزى يۇقىرىغا باقتى. شۇ چاغدا، پادىشاھنىڭ ھەرەملىرى كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ چېلىشىنى كۆرۈۋاتاتتى. پادىشاھنىڭ قىزى مەلىكە مېھرىنىگار ئەمىرنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قالدى. ۋە شۇ ھامان ئەمىرنىڭ بېشىدىن بىر تاۋاق ئالتۇن چاچتى. يەنە ئاسماندىن ئەمىرنىڭ باشلىرىغا جاۋاھىر قۇيۇلدى. ئالتۇننىغۇ، مېھرىنىگار چاچقاندى. ئەمما جاۋاھىر كىمنىڭ چاچقانلىقىنى ھېچكىم بىلمىدى. ئەمىر بۇ نەرسىلەرگە قاراۋاتقاندا ئۇنىڭمۇ كۆزى مېھرىنىگارغا چۈشۈپ، ئۇمۇ مېھرىنىگارغا ئاشىق بولدى. ئۇنىڭ سۈپىتى مۇنداق ئىدى.

بىچارە يۈز كەرەشمەئى ناز ئىلە مېھرىنىگار،
پەيۋەستە قاشلارنى قىلىپ تۇرفە زۇلپىقار.
چىقتى سارايى ئالي ئۆزە جىلۋىگەر بولۇپ،
زۇلفى يۈزىدە ئايەتى ۋەللەيلى ۋەننەرھار.

ئەلقىسسە، ئەمىر بەھرامنىڭ قولىنى باغلىدى. بوينىغا ئارغامچىنى سېلىپ، پادىشاھتىن ئۇنىڭ گۇناھىنى تىلىمەكچى بولدى. بەختەك كېلىپ گۇستەھەمگە:

— بەھرام ئەمىرنىڭ دىنىغا كىرىپتۇ. پادىشاھ ئۇنى ھېچنېمە قىلالمىدى. سەن بەھرامنىڭ ئارقا تەرىپىدىن بېرىپ ئۇنىڭ بوينىغا چاپقىن، — دەپ ئۆگەتتى. گۇستەھەم بەھرامنىڭ بوينىغا چېپىپ ئۆلتۈردى. بۇ ھالنى كۆرگەن ئەمىر غەزەپكە كېلىپ گۇستەھەمنى تىللىدى. ئاندىن بەھرامنىڭ ئۆلۈكىنى يۇيۇپ، تاراپ، دەپنە قىلغاندىن كېيىن، بىرنەچچە كۈنكىچە ئاش - سۇيىنى بېرىش بىلەن ئۆتتى.

بىر كېچىسى ئەمىر بىر چۈش كۆرۈپ ئىنتايىن پەرىشان بولدى. ئەتىسى بىر پارچە نامە پۈتۈپ، خوجا ئۆمەردىن مەككىگە ئەۋەتتى. ئاردىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ، گۇستەھەم قىلىچىنى توغرا چىشلەپ، بوينىنى ئارغامچىدا باغلاپ، ئەمىرنىڭ ئىشىكىگە كەلدى. بېشىنى بوسۇغىغا ئۇرۇپ يىغلىغان ھالدا:

— ئەي سۇلتان، ئۇنىڭغا سىلىنىڭ كۆڭۈللىرى يېقىنلىقىنى بىلمەپتىمەن. نادانلىقىمدىن بۇ ئىشنى قىلىپتىمەن، — .دېدى.

ئەمىر بولسا:

— ئەي گۇستەھەم، بەھرام ياخشى ئەر ئىدى. ئاخىر ئۇنى سەن زايا قىلدىڭ، بوپتۇ، گۇناھىڭدىن ئۆتتۈم، — دېدى. گۇستەھەم يىغلاپ تۇرۇپ:

— مېنىڭ بىر بېغىم بار. شۇ يەرگە بارسىلا. مەن بىر خىزمەت قىلسام شۇ چاغدا گۇناھىمدىن ئۆتكەنلىكلىرىگە ئىشىنىمەن، — دېدى.

ئەمىر ماقۇل بولدى. ئۆمەر مەئدە كەرەب ۋە بىرمۇنچە كىشىنى لەشكەرگاھتا قالدۇرۇپ، گۇستەھەم بىلەن ئۇنىڭ بېغىغا كەلدى. باغنىڭ بىر تەرىپى مېۋىلىك، بىر تېمى دەريا بولۇپ، باغ ئوتتۇرىسىدا بىر ئايۋان بار ئىدى. ئەمىرنى شۇ يەرگە باشلاپ ئېلىپ كىرىپ، ئاندىن-مۇندىن گەپ قىلىپ ئولتۇردى. بۇ ھارامزادە شۇ يەرگە بەش مىڭ كىشىنى مۆكتۈرۈپ قويغانىدى. ئۇلارغا: «ۋاقتى كەلگەندە چاۋاك ئۇرىمەن، شۇ چاغدا ئىشنى جايلايسىلەر»، دەپ ئۆگەتكەنىدى.

دەل شۇ چاغدا خوجا ئۆمرى كېتىۋېتىپ، تاشقا پۈتلىشىپ كەتتى. پۈتىنىڭ تىرنىقى ئۈچۈپ كەتتى. ئۆزى ھوشسىزلىنىپ يىقىلدى. شۇ زامان خىزىر ئەلەيھىسسالام پەيدا بولۇپ: «ئەي، خوجا ئۆمرى، گۇستەھەم ئەمىرنى ئالداپ باغقا ئېلىپ كەتتى. دىدارلىشىش قىيامەتكە باقى قالمىغان بولدى. كەل، قولۇڭنى بەر» دېدى. ئۆمرى قولىنى بەردى. «قولۇڭنى قويۇۋەت» دەپ پۈتىنى ئۆمرىنىڭ پۈتىنىڭ ئۈستىگە قويدى. پۈتى ساقايدى.

خوجا ئۆمرى كۆزىنى ئېچىپ، ئۆزىنى بارگاھنىڭ ئىچىدە كۆردى. مۇقابىلدىن ئەمىرنىڭ قىلىچ - ياراغلىرىنى ئېلىپ، باغقا راۋان بولدى. بېرىپ، بەش مىڭ كىشىنىڭ ئەمىرگە ھۇجۇم قىلماقچى بولۇپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. خوجا ئۆمرى ئۆزىنى ئايۋانغا ئېلىپ، ئەمىرنىڭ جەڭ كىيىملىرىنى كىيگۈزدى. ئىككى ئىشىكنى مەھكەم ئېتىپ، بىر ئىشىكتىن ئەمىر، يەنە بىر ئىشىكتىن خوجا ئۆمرى كىرىپ، شۇنداق جەڭ قىلدىكى گويا قىيامەت قايىم بولدى. ئاتا ئوغۇلدىن، ئانا قىزىدىن بىخەۋەر بولغاندەك. ئۆزلىرىنى جەڭ دەرياسىغا ئېتىپ، ئۇلارنىڭ روھىنى باقى ئالەمگە يوللىۋەتتى.

ئەلقىسسە، مۇقابىلمۇ لەشكەرلىرى بىلەن يېتىپ كەلدى. گۇستەھەم ئىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى تۇيدى - دە، قېچىپ ئەخشام سەندىنىنىڭ قېشىغا باردى. ئەمىرى ئۆز بارگاھىغا يېنىپ كەلدى. ۋە بۇ ئىشنى پادىشاھ ئورۇنلاشتۇرغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ، جەڭ دۇمباقلىرىنى چالدۇردى. پادىشاھ ناغرا ئاۋازىنى ئىشىتكەندىن كېيىن، نېمە ئىش بولغاندۇ، دەپ خوجا جۇمھۇرنى ئەۋەتتى. خوجا، جۇمھۇر، خوجا ئۆمرىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۆزرىخاھلىق ئېيتقاندىن كېيىن، ئەمىرنى پادىشاھنىڭ قېشىغا ئېلىپ باردى.

— ئەي پەرزەنتىم، — دېدى پادىشاھ يىغلاپ، — نېمىشقا بۇنداق قىلىسىز؟

ئەمىر بۇ ئىشنىڭ پادىشاھدىن ئەمەسلىكىنى بىلدى. پادىشاھ ئەمىرنى باغقا ئېلىپ بارماقچى بولۇپ:

— ئەي بالام، سىزنىڭ لەشكەرلىرىڭىزدىن خوجا ئۆمرى، مېنىڭ لەشكەرلىرىمدىن بەختەك بارمىسۇن، خوجا ئۆمرىنىڭ ئاچچىقى يامان، بەختەك پىتنىخور ھارامزادە، سۆھبىتىمىزنى كۆڭۈلسىزلىككە ئايلاندۇرىدۇ، — دېدى.

خوجا ئۆمرى رازى بولمىدى. ئاخىرى، خوجا ئۆمرىنى يەتتە كۈنلۈك پادىشاھ قىلدى. بەختەك ۋەزىر بولدى. پادىشاھ، ئەمىر، ئۆمەر مەئدە كەرەب ۋە بىرمۇنچە كىشىلەر بىلەن باغقا كىردى. باغ ناھايىتى گۈزەل ئىدى. نۇشىرۋان بۇ باغقا بىر چوڭ يول ياساتقان بولۇپ، يولنىڭ ئىككى يېقى ئالتۇن - كۈمۈشتىن ياسالغان پەنجىرە ئىدى. ئۇ يەردە بىر كۆل بار ئىدى. ھەرقانچە مەرگەن ئادەم بولسىمۇ ئوقنى ئۇ كۆلنىڭ لېۋىگە يەتكۈزەلمەيتتى. ئەمىرنى كۆلنىڭ ياقىسىدا ئولتۇرغۇزدى. كۆلدە بىر شىرنىڭ ئاغزىدىن سۇ كىرىپ، قۇيرۇقىدىن چىقىپ تۇراتتى. ئۇ، ھېكمەت بىلەن بەرپا قىلىنغان كۆل ئىدى. كۆلگە قاراپ ئەمىر ھەيران بولۇپ ئولتۇرۇپ كەتتى.

مېھرىنىگارنىڭ باغدا بىر قەسرى بار ئىدى، ئۇ ئەمىرنىڭ باغقا سەيلىگە كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، شۇ قەسرىگە كەلدى ۋە مەجلىس تۈزۈپ، بىر كېنىزىكىدىن ئەمىرگە سالام ئەۋەتتى. ئەمىرنىڭ كۆزى مېھرىنىگارنىڭ قەسرىگە چۈشتى. مېھرىنىگار كېنىزەكلىرى بىلەن ئولتۇراتتى. ئەمىرمۇ بىر كېنىزەكنى ئېلىپ مېھرىنىگارنىڭ قەسرىگە ماڭدى. ئۇ، قەسرىگە يېتىپ بېرىشىغا مېھرىنىگار ئالاھىدە چىقىپ ئەمىرنى كۈتۈۋالدى. ئاندىن بىر - بىرلىرىنىڭ بويىنىغا قول سېلىشىپ، ئىشق - مۇھەببەتلىرىنى بايان قىلىشتى. ئۇلار ھەر كۈنى شۇ يوسۇندا مۇڭدىشاتتى. بىر ھەپتە ئۆتتى. سەككىزىنچى كۈنى ئەمىر باغدىن چىقىپ بارگاھقا كەلدى. ئەمما، ئۇنىڭ مېھرىنىگارنىڭ ئىشتىياقىدا كېچىلىرى كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەيتتى.

تۈن يېرىم بولغانىدى. ئۇ كىيىمىنى كىيىپ، مېھرىنىگارنىڭ ئوردىسىغا قاراپ ماڭدى. ئوردىغا قولىدا خەنجەر بىلەن سالىمىنى ئېلىپ كەلگەنىدى. راۋاق تۈۋىگە كېلىپ، ئۆگزىگە سالما تاشلاپ ئېسىلىپ چىقتى. قارىسا، مېھرىنىگار ھەرەمدە گۈلدەك ئۇخلاۋاتاتتى. ئەمىر ئاستا چۈشۈپ، ئۇنىڭ يېنىدا بىر سائەتتەك ئولتۇردى مېھرىنىگار ئويغانمىدى. ئۇ، چىقىپ كەتمەكچى بولدى. لېكىن، يەنە «بۇنداق نازىنىنىنىڭ قېشىغا كىرىپ، قۇرۇق چىقىپ كېتىش دۆتلۈك ئەمەسمۇ» دەپ ئويلىدى ـ دە، تەختىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ قىزغا يېقىن باردى ۋە لېۋىنى مېھرىنىگارنىڭ لېۋىگە قويۇپ لېۋىنى شوراۋاتاتتى، مەلىكىنىڭ دېمى تۇتۇلۇپ، كۆزىنى ئاچتى. قارىسا بىركىمنىڭ ئاغزى ئۆز ئېغىزىغا چاپلاشقانىدى. ئۇ، «ۋاي، ئوغرى!» دەپ ۋارقىرىدى. ئەمىر دەرھال مېھرىنىگارنى قويۇۋېتىپ، «ھەي دەردى يوق!» دېگىنىچە تەختىنىڭ ئاستىغا كىرىۋالدى. مەلىكە ئۇنىڭ ئوغرى ئەمەسلىكىنى بىلدى. ئەمما، ئاۋازىنى ئىشىتكەن كىشىلەر ئاللىقاچان مەلىكىنىڭ ئالدىغا كىرگەنىدى.

— بولدى كېتىڭلار، — دېدى مەلىكە، — چۈشۈمدە ئوغرى كۆرۈپ توۋلاپ ساپتىمەن.

كېنىزەكلەر قايتىپ كېتىپ يېتىپ قېلىشتى. ئاندىن مېھرىنىگار: — «ھەي، دەردى يوق» دېگەن كىم؟ بۇياققا چىقىڭ، — دېدى. ئەمىر تەخت ئاستىدىن چىقتى. مەلىكە كېچىلىك كىيىم كىيىۋالغان ئەمىرنى كۆردى. ئۇ دەرھال ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، ئەمىرنىڭ بويىنىغا گىرە سالدى. ئىككىسى دەرد ـ ئارمانلىرىنى ئېيتىشىپ، بىر ـ بىرىنىڭ شوق ـ زوقىدا گاھى يىغلاپ، گاھى كۈلۈشتى. گەپ ئاخىرىغا يەتكەندە، ئەمىر مېھرىنىگارنى قولىنى تۇتۇپ:

— ئەي مېھرىنىگار، دادىڭىز سىزنى ماڭا بەرسۇن، بەرمىسە پۈتۈن يەر يۈزىنى قانغا بويىۋېتىمەن، — دەپ قەسەم ئىچتى. مەلىكە:

— مەن سىزنىڭ ئايىغىڭىزدىكى تۇپراقنى تاجدار پادىشاھلاردىن ئارتۇق كۆرىمەن. مېنى ئاتام سىزگە بەرسە بەردى، بەرمىسە زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالىمەن، — دەپ ئەھدى پەيمان قىلىشتى.

ئەمىر تۇڭلۇككە قارىسا، تاڭ ئېتىشقا ئاز قاپتۇ. شۇ چاغدا ئەمىر ئون سەككىز ياشتا، مېھرىنىگار ئون بەش ياشتا ئىدى. قارۇن دىۋە ياستۇقتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىسا، مەشئەل ۋە پانۇسلار ئۆچكىلىۋاتقان ئىكەن. شۇ مەھەلدە ئەمىر تۇڭلۇككە سالما تاشلاپ يامىشىپ چىقىپ كېتىۋاتاتتى. قارۇن قارا كىيىملىك بىرىنىڭ چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. قىلىچنى ئېلىپ ئارغامچىنى كەستى ۋە ئارقىسىدىن قوغلىدى. ئەمىر قاچتى. ئەمىرنىڭ پېشانىسى خىشقا تېگىپ يارىلاندى. قارۇن ئۇنىڭ ئەمىر ئىكەنلىكىنى تونۇپ، باشقىلارنى «توختاڭلار، بۇ ئەبۇلئالى ئىكەن. ئۇنىڭ يېنىغا بارغىلى بولمايدۇ، ھەممىمىز ئۆلىمىز» دەپ، توختاپ قالدى. ئەمىر باغدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ، شادكام كۆۋرۈكىگە يەتكەندە خوجا ئۆمىرى پەيدا بولدى. ئۇنىڭ پېشانىسىنى كۆرۈپ، «سۆيگۈ دەردىگە دورا قىلغىلى بولمايدۇ، ئەمما پېشانە يارىسىغا داۋا قىلغىلى بولىدۇ» دەپ، دەرھال دورا ئاچىقىپ، ئەمىرنىڭ پېشانىسىگە چاپتى. جاراھەت ساقايدى.

— چىقار ۋاقتىمدا قارۇن كۆرۈپ قالدى، — دېدى ئەمىر، — مەن ئىكەنلىكىمنى تونۇدى. بىز مەككىگە يانايلى. خوجا ئۆمىرى يول كورسىتىپ:

— پادىشاھ سوراپ قالسا كېچە بىر چۈش كۆرۈپتىكەنمەن. رۇخسەت سورىسام بەرمىگەدەكلا، شۇڭا رۇخسەتسىز بېرىۋىدىم» دەڭ، — دېدى ۋە شۇ زامان كۆچۈپ، پەيزىئابات قەلئەسىگە باردى. ئۇماق بىر بالا دەرۋازىنىڭ بېشىدا تۇراتتى. ئەمىر ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشتى. ئەمما ئەمىر يەنىلا مېھرىنىگارنى ئويلاپ تاقەتسىزلىنىۋاتاتتى.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

# شېئىرلار

## سوپۇرگى سەنجەرى (غەرىبى)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەت چاۋار

مۇھەررىردىن: شائىر غەرىبىنىڭ تولۇق ئىسمى سوپۇرگى سەنجەرى بولۇپ، 1864- يىلى گۇما ناھىيىسىنىڭ سەنجەر كەنتىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن ئۇيغۇر دېموكراتىك ئەدەبىياتىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇ شېئىرىيەت ساھەسىدىلا ئەمەس، ئەدەبىي تەرجىمە، خەتتاتلىق، كىتاب توپلەش، مۇقاۋىلاش قاتارلىق ئىلىم ۋە كەسىپلەردىمۇ كۆپ ئەجىر سىڭدۈرۈپ، زور شۆھرەت قازانغان ۋە مول مىھنەت مېۋىلىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەن. ئۇنىڭ تەرجىمە قىلغان «فەتىۋائى قازى» ۋە «نەفەھاتۇل- ئۈنس» قاتارلىق كاتتا ئەسەرلەر تەرجىمانىنىڭ ئۆز قەلىمى بىلەن يېزىلغان خەت، ئۆزى ئىشلەپ توپلىگەن مۇقاۋا بىلەن دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن. ئۇنىڭ يەنە نۇرغۇن ئىلمى مىھنەت مېۋىلىرىنىڭ بارلىقى مەلۇم بولماقتا. بۇ قېتىم جامائەتچىلىككە سۇنۇلغان بۇ شېئىر- لار شائىر سوپۇرگى موللا سەنجەرىنىڭ «دىۋانى غەرىبى» ناملىق قول يازما ئەسىرىنىڭ فوتو سۈرەت نۇسخىسىغا ئاساسەن نەشرگە تەييارلانغان. بۇ شېئىرلار ئىدىيىۋى مەزمۇن، بەدىئىي ئۇسلۇب، تىل ۋە شەكىل جەھەتلەردە بىرمۇنچە ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە. ئۇنىڭدا تەتقىق قىلىپ ۋارىسلىق قىلىشقا تېگىشلىك بىرمۇنچە ئەۋزەللىكلەر بار. يەنە شۇنىمۇ ئەستە تۇتۇشىمىز زۆرۈركى، شائىر 1936 - يىلى ۋاپات بولغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى پۈتۈنلەي كونا جەمئىيەتتە يېزىلغان. شۇڭا بۇ ئەسەرلەرمۇ كونكرېت زامان ۋە ماكان چەكلىمىسىدىن چىقىپ كېتەلمىگەن. شائىرنىڭ ئىدىيىسىنى ئەينى دەۋر شارائىتىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمىغانلىق- تىن، ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى بەزى دىنىي، تەرىقەتكە ياتىدىغان مەزمۇنلارغا تەنقىدىي مۇئامىلە قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

*  *

ھەمدىڭ ئايەتى مەدھى بىسمىللاھدىن ئەيلەپ ئىبتىدا،
كاتتە زاتىڭ فىكر قىلماقىدىن بولۇپ ئەقلىم جۇدا.

قۇدرەتىڭدۇر بەر كەمالى پادىشاھى لايەزال،
ئالەمى يەكتا ئېرۇرسەن ھاكىمى مۇتلەق خۇدا.
يەتتە ئاسماننى ياراتىپسەن سىتۇنسىز بەرقەرار،
ھېچ مەخلۇق ئەقلى يەتمەس بولدىلار سۇنئۇڭ بەنا.
ئاسمانلاردا ياراتىپسەن ئاجايىب رەڭ - بەرەڭ،
تاغۇ تۇز دەرياۋۇ ئىقلىملەر قىلىپسەن جا - بەجا.
چەشمىلەر سانسىز زەمىن سەھنىدە جارى ھەر سارى،
ئىبتىداۋۇ ئىنتىھاسىغە ئۆزۈڭدۇرسەن بەقا.
قۇدرەتىڭدىن قىلدىڭ ئون سەككىز مىڭ ئالەم نامدار،
سىررى ئەسرارىڭنى فىكر ئەتمەكدە لائۇھسا سەنا.
قۇدرەتىڭنى كۆرسەتىپ قىلدىڭ خۇدالىق ئاشكار،
قەترەئى ئابى مەنىدىن قىلدىڭ ئادەمنى بەنا.
شول ئەزەل كۇندە ياراتىڭ كۇللى ئىنسان روھىنى،
نەسلى ئادەمنى ياراتىڭ ئەۋلىياۋۇ ئەنبىيا.
ئەنبىيالار ئەمرىڭ ئىچرە بولدى قايىم بەركەمال،
ئەمرۇ نەھيىڭنى خەلايىق ئىچرە ئەيلەپ رەۋشەنا.
دۇنيادىن ئۆتتى پەيغەمبەرلەر تەمام ئولدى بارى،
كۇللى ئىنسانغە ھىدايەت ئىچرە ئەيلەپ مۇقتەدا.
كۇفرلەرنى دىنىي ئىسلام ئىچرە دەئۋەت ئەيلەبان،
كۇفر زۇلماتنى ئۆچۇردى شەرئىنى ئەيلەپ بەنا.
بولماسە ئەردى رەسۇل ئەسلا جەھان بولماس ئىدى،
ھېچ مەخلۇقنىڭ نىشانى بولماغاي ئەردى بەنا.
رىشتەئى تەھرىرغە تىزدىڭ ئەجزى ئىدراكىڭ بىلە،
ئەي غەرىبى، فىسقى ئىسيان بىرلە ئۇمرۇڭدۇر فەنا.

*          *

مىڭ تۇمەنىمىڭ ئەجزى نەئت ئەي رەسۇلى كىبرىيا،
دەرگەھىڭغە باش قويۇپمەن، تۆت قولۇم رۇزى جەزا.
بارچە مەخلۇقاتدىن قىلدىڭ زۇھۇرى بىشتەر،
قىلدى پەيدا نۇرى پاكىڭدىن زۇھۇر ھەردۇ سەرا.
ھەق ياراتتى بارچە مەخلۇقنى تۇپەيلىڭدىن سېنىڭ،
بارچە نەۋبەت بىرلە مەۋجۇد ئولدىلەر ئەرزى سەما.
لەم يەزەل بىشەك ئېرۇرسەن پەرۋەردىگارى ئىنسۇجان،
قىلدى مېھرىڭنى سېنىڭ دەرسىينە ھايى ئەنبىيا.
ھەق ئىتابىڭنى سېنىڭ بارچە پەيەمبەرغە قىلىپ،
جان قۇلاقىغە يېتىپ نامىڭ ئەزىزى رەھنەما.
سەن ئېرۇرسەن ئەنبىيالار بارچەسىنىڭ خاتەمى،
خەتم بولدى ئەنبىيالار ئىچرە ئىسمىڭ مۇستەفا.

ئاسيلەرغە روزى مەھشەردە ئېرۇرسەن سەن شەفىئ،
دىنۇ مىللەتنىڭ چىراغىدۇر قولۇڭدا رەۋشەنا.
ئىككى ئالەم جۇملەئى گىرۇ يەيانى نە فەلەك،
لەيلەتۇل مىئراجدا پايىڭنى قىلدى تۇتىيا.
ھادى ھەم شافىئ ئېرۇرسەن روزى مەھشەر بارچەغە،
ئەۋۋەلىن ھەم ئاخىرىنغە پىشىۋاسەن مۇقتەدا.
ئاشىقى بىچارەلەرنىڭ دەردىنىڭ دەرمانىسەن،
سىينە بىريان، كۆزى گىريانلارغە سەندۇرسەن دەۋا.
پادىشاھلىق خىلئەتى باغلىق ئېرۇر دەستىڭ بىلە،
سەد سۇلەيمانۇ سكەندەر بولدى ئىشىكىڭدە گەدا.
بىر ئىشارەت بىرلە ئاينى ئىككى پارە ئەيلەدىڭ،
مۇئجزاتىڭ ئەي رەسۇل، سانىسىزكى كۇففارلار ئارا.
بەررەئى بىريانكى سەرتا پا زەھەر ئالۇد ئىدى،
جان كىرىپ قىلدى تەكەللۇم تىل بىلە ھەمدۇ سەنا.
تۆرت گوھەر بىر سەدەفدىن، تۆرت گۇل بىردىن چەمەن،
ئايۇكۇن، يۇلدۇز مەسەللىك قىلدى ئالەم رەۋشەنا.
ئۇشبۇ دىنىنىڭ تۆرت بۇرجىدا بەرابەر نۇقسى يوق،
ئول ئەبابەكرى، ئۇمەر، ئۇسمان، ئەلىيۇل مۇرتەزا.
زەررەچە بۇغز ئەيلەسە بۇ تۆرت يارىڭغە سىنىڭ،
نەئرە سوقغاي دەۋزەخ ئىچرە سەد تومەن ۋاھەسرەتا.
دىن چىراغى ياندى ئالەمغە سىنىڭدىن يا ھەبىب،
بارچە گۇمراھلار سىنىڭدىن تاپتىلاركىم رەۋشەنا.
ئاسىيۇ گۇمراھدۇرمەن، ناتەۋانۇ ھەم فەقىر،
رەھم ئېتىپ تۇتقىل قولۇمنى، سەن ئېرۇرسەن رەھنەما.
ئەي غەرىبا، سەن رەسۇل نەئتىنى ئايغىل، جان بىلە،
غۇربەت ئىچرە زاردۇرمەن تۇت قولۇم، يا مۇستەفا.

* *

يارى ئەۋۋەل ھەزرەتى بۇبەكر سىددىق ئىبتىدا،
دىنغە تەسدىق ئەيلەگەن ئەھەدغە ئول نۇرى ھۇدا،
ئول خىلافەتدە ئىدىلەر سىدقى بىرلە بەرقەرار،
غار ئىچىدە ئول رەسۇلىللاھغە ئىدىلەر غەمزدا.
يەر يۈزىدە بارچە پىرلەرنىڭ ئىدىلەر سەرۋەرى،
ئەردى دامادى ئۇلارغە ئول رەسۇلى مۇستەفا.
ئەردىلەر پەيغەمبەرىمغە بارچە يارنىڭ ئەۋۋەلى،
«سانى ئىسنەين ئەز ھۇمافىل غار» دېدىلەر مۇستەفا،
ئەردى سىددىق ئول رەسۇلىللاھغە ھەمراز ھەرزەمان،
ھەر يامانۇ ياخشىلىق ئەمرىنى قىلدىلەر ئەدا.

شەيخى پىنھانى ئىدى غار ئىچرە ئول ئەھمەد بىلە،
ئەژدەھا يەڭلىغ نىگەھبانى ئىدى نۇرۇل ھۇدا.
غارى زۇلمات ئىچرە بىھەد رەنج چەكتى بىھىساب،
خىزر سۇيى بىرلە تاپتى گۇنجى ئەسرارى خۇدا.
ماردىن زەخمەت ئاڭا بولدى ھەلاھەل زەھرىدەك،
بولدىلەر دەردىگە ئاندا ئابى ھەيۋانى دەۋا.
ئۇمرى ئىچرە ئول رەسۇلىللاھ قىلىپ ئۆزگە ئىمام،
بولدى سىددىقغە خەلافەتلىك رەسۇلۇمدىن خۇدا.
ئەي غەرىبا، يارى ئەۋۋەلغە قىلىپسەن مەنقەبەت،
ئىستىئانەتنىڭ ئۇمىدىدە قىلىپ سۆزنى ئەدا.

*　　　*

يارى ئىككىنچى ئۇمەردۇرلەر خەلىفە مۇقتەدا،
بىشەئى ئەدل ئىچرە ئەردى شىرى نەردەك رەھنەما.
مۇستەفا دىنىغە كىرمەي بولمادى دىن ئاشكار،
دىنى ئىسلام يولى كۇفر ئەھلىدىن ئەردى ئىختىفا.
مۇستەفا ئايدى: پەيغەمبەر كەلسە مەندىن سوڭ ۋەلىك،
بولغاي ئەردىلەر پەيغەمبەر ئول ئۇمەر ساھىب ھۇدا.
مۇستەفانىڭ پەرۋەرىدە ئەردى ئۇمر ئىچرە تەمام،
دىن ئۇلار ۋەقتىدە ئەردىلەر مىسال شەمسۇل ھۇدا.
يوق ئىدىلەر بۇ سۇفەت ئەدل ئىچرە ھىچ شاھىنشەھى،
ئەدل بابى ئىچرە ئوغلىغە قىلىپ شەرئىن ئەدا.
زەھر ئىچتىلەر ھەلاك ئەتمەك ئۇچۇن ئۆز نەفسىنى،
پاك قىلدى يەر يۇزىنى كۇفر، شىركىدىن خۇدا.
ئەدلى كامىل بىشەسىدە بۆرى قويغە ئىختىلات،
زەھر يوق ئەردى بىرىگە جانۇ تەندەك چۇن بەنا.
دىنۇ مىللەت شەمئىنى ياندۇردىلەر ئالەم ئارا،
كۇفرى دەيرىنى ھەلاكەت ئەيلەدى ئالەم ئارا.
قەھرىدىن كۇفر ئەھلى ھىچ سائەت ئەمان تاپماس ئىدى،
تىللارى لال ئەردى سۆز ئايتماقغە كۇفرى غەم ئارا.
ئەي غەرىبا، يارى سانىغە قىلىپسەن مەنقەبەت،
ئىستىئانەت تىلە تەڭرىمغە قىلىپ ھەمدۇ سەنا.

*　　　*

يارى سەۋۋۇم ھەزرەتى ئۇسمان ئىدىلەر مۇقتەدا،
جامىئۇل قۇرئان ئىدىلەر مەخزەنى كانى ھەيا.

دىن شەرگى ئىچرە ئەردىلەر مۇرۇۋۋەت مەخزەنى،
مەگدەگى ھىلمۇ فۇتۇۋۋەت بىرلە ئېردىلەر بەنا.
مۇقتەدايى دىننىڭ ئۇلكىم ئىدىلەر مەشئەلى،
بارچە ئۇممەت پىشۋاسى ئېردىلەر كانى ھەيا.
خەتتى ئۇسمانى ئىدىلەر بارچە ئۇممەت كاتىبى،
قالدى كاتىبلىق ئۇلاردىن ئۇممەت ئىچرە رەھنەما.
بەدەننى ئۇمر ئىچرە كۆرمەگدىن ئەردى ھەرەم،
مىھر يەڭلىغ ئەردى ئەئزاسى ھەرەملەرغە خەفا.
يەنە بىر نەقلى رەسۇلىللاھ دېدىلەر: «ئەي سەھاب،
جان قۇلاغىڭغە كەلامىم تۇت» دېدى ئۇل مۇستەفا،
«ئىچسە ئۇسمان چۇن ئەجەلنىڭ شەربەتىنى ھەرزەمان،
قويغاسەن مەندىن يىراق ئۇسماننى» دېدى مۇستەفا.
بەئزىلەر سوردى: «بۇ ئىشغە نە سەبەبدۇر، يا رەسۇل»
ئەمرى قىلدى بۇ زەمان شاھى ئەرەب ئۇل مۇستەفا.
«ئىككىمىزنىڭ ئاراسىدا بار ئىدى بىر خىسلەتى،
ھەررەمەللاھ جىسمەھۇ ۋەننار» دېدى مۇستەفا.
ئەي غەرىبا، يارى سالىسغە قىلىپسەن مەنقەبەت،
ئىستىئانەت بىرلە شەب - رۇز ئايت لائۇھسا سەنا.

* *

يارى تۆرتىنچى ئىدىلەر شاھى مەردان مۇرتەزا،
زۇلفىقارى ساھىبى ئۇل ھەيدەرى شىرى خۇدا.
بارچەدىن غالىب ئىدىلەر پەھلەۋانلىق بابىدا،
نۇرى چەشمى ئۇل ئەبى تالىب ئىدى ئۇل مۇرتەزا.
دېدى پەيغەمبەر ئەلىنىڭ بارەسىدە بۇ كەلام،
«ئەلى مەندىندۇركى مەندۇرمەن ئەلىدىن بىر بىنا»
ئايدى ئەھمەد: «مەن ئېرۇرمەن ئىلمي دىننىڭ قەلئەسى،
ئىلمى شەھرى مەندۇرمەن، دەرۋازەسى شىرى خۇدا»
جەڭگى خەيبەر ئىچرە كۇففارلارغە ئەيلەپ قەھرى جۇش،
قىلدى تاراج ئېلىنى تىغ چاپىپ تارتىپ سەدا.
تۇرفە ــ تۇرفە بىنەدەد ئىشلارنى بۇنياد ئەيلەگەن،
ئەردىلەر دامادى ئەھمەدغە ئۇشۇل شىرى خۇدا.
ئۇل رەسۇلىللاھغە خادىملىق قىلىپ شەب - رۇز مۇدام،
جانۇدىل بىرلە ئەزىز قانىن نىسار ئەيلەپ فىدا.
ئىككى شەھزادە ھەسەن بىرلە ھۇسەين جەننەت گۇلى،
ئەردىلەر بۇ ئىككى شەھزادە چەمەندە خۇش نەما.
ئۇل ئەلى ئەردى چەمەن ئىچرە گۇلىستان ــ بوستان،
گۇل ئىدى شەھزادە نۇرى چەشمىھايى مۇستەفا،

يەئنى فەرزەند ئىدىلەر مۇرتەزاغە بۇ ئىكەۋ،
قۇررەتىل ئەينى ئىدىلەر نۇرى چەشمى مۇستەفا.
بىرنەچە مەلئۇن خەۋارىج شۇم لەئىنۇ ھەم فەلىد،
يەتمىش ئىكى تەن بىلە قىلدى شەھىدى كەربەلا.
كاشكى بولسام ئىدىم مەن شۇم خەۋارىج ۋەقتىدە،
قىلسام ئەردى بۇ تېنىمدە مىڭ جانىم بولسە فىدا.
بۇ ئەزىز جانىم نىسار ئەتسەم يولىدا ۋاي ـ ۋاي،
ئول قىيامەت تەشنەلىكدە كاش بولغايلار سەقا.
ئەي غەرىبا، يارى چارۇمغە قىلىپسەن مەنقەبەت،
ئىستىئانەت بىرلە بۇ مەكتۇب بولغاي مۇنتەھا.

* *

يا ئىلاھا، تەۋفىق بېرىپ يولۇم ئاچغىل،
دەرگەھىڭغە بويۇن سۇنۇپ كەلدىم مانا.
نەفسى شەيتان غالىب كەلدى قولۇم ئالغىل،
ئۇمىد تۇتۇپ دەرگەھىڭغە كەلدىم مانا.

بەندەمەن دەپ بەندەلىكنى قىلغانىم يوق،
خىزمەت قىلىپ پىردىن ئۇلۇش ئالغانىم يوق.
زاھىر تۇرۇپ باتىمنى كۆرگەنىم يوق،
نېچۇك قىلاي، ئارا يولدا قالدىم مانا.

پىرى كامىل مۇتەكەللىم قەدرىن بىلمەي،
غافىللىقدىن ھال ئىلمىنى ۋىرد ئەيلەمەي،
ئاللاھ ئۇچۇن رىيازەتنىڭ يولىن ئالماي،
فىسقى ئىسيان دەرياسىغە چۆمدۇم مانا.

بۇ يوللارنىڭ ئۇقباسىدىن ئۇتەلمىدىم،
جان چەكمەيىن راست يولنى تاپالمىدىم،
زاھىر باقىپ خاس مۇرشىدىم بىلەلمەدىم،
كۆز قاراقىم مۇرشىدىمدىن قالدىم مانا.

ھەقدىن ئىلھام بولماغۇنچە شەيخ بولماس،
شەش لەتائىف سەير قىلماي سىرنى بىلمەس.
سىرنى تاپىغان خاس مۇرشىدنى كىشى تانۇماس،
شۇنداغ سىردىن جۇدا بولۇپ قالدىم مانا.

پىرىم كەتگەچ ئالەم ھەجرى ماتەم تۇتتى،

غۇربەت يۈكى مىنى باستى ئەقلىم كەتتى.
رەھمان ئىگەم پەردە بىرلە سىررىم ياپتى،
بىھۇش بولۇپ ھەيرانلىقدا قالدىم مانا.

ئايا دوستلار، ئۆتۈپ كەتتى زەمانىمىز،
ھىچ قالمادى ئۆچۈپ كەتتى چىراغىمىز.
ئەدۇۋۇ دەپ خەبەر بەردى خۇدايىمىز،
بويۇن سۇنۇپ ھەققە باقىپ قالدىم مانا.

پىرىم كەتكەچ گويا ئالەم ئۇمرى كەتتى،
ماتەم تۇتۇپ ئۇلۇغ كىچىك ئۆزدىن كەتتى.
قىيامەتدەك ئۆز ھالىغە فەرياد ئەتتى،
لامەكانغە كۆزۈم تىكىپ قالدىم مانا.

قارا باسقان كۆڭلۈم مىنىڭ ئاچىلغايمۇ،
بەستە بولغان دىلىم ئوتدەك ساچىلغايمۇ،
رىيازەتدە رەڭگى رويۇم پۈكۈلگەيمۇ،
ھىچ بىلمەدىم نىچۈك يولدا قالدىم مانا.

ۋاھەسرەتا ئىسىز ئۇمرۇم زايىئ كەتتى،
پىرى كامىل شول مۇرشىدىم ئۆتۈپ كەتتى.
ئۇمۇر بەرگى خەزان بولۇپ توزۇپ كەتتى،
ھەيران بولۇپ، ئارا يولدا قالدىم مانا.

كىمگە ئايتىپ، كىمگە يىغلاي قاتتى باشىم،
قەزا يىتىپ كۆزىن يۇمدى شول مۇرشىدىم.
باشىم قاتىپ ئەقلىم ئازىپ قاچتى ئىشقىم،
ئايا دوستلار، نىچۈك ئىلاج قىلغۇم مانا.

قۇلخاجەغە خىزمەت قىلسە ياخشى ياقار،
خىزمەت قىلغان شايەستەئى رەھمەت تاپار.
زايىئ كەتمەس ئىككى ئالەم ئىززەت تاپار،
خىزمەتىدىن مەھرۇم بولۇپ قالدىم مانا.

خىزمەتىدىن مەئزۇل بولغان ئۇيات بولۇر،
خاجەسىنىڭ سۇھبەتىدىن تاپماس بولۇر،
مەئزۇل بولغان سۇڭرە خاجە باقماس بولۇر،
نىچۈك قىلاي مەھرۇم بولۇپ قالدىم مانا.

غەۋۋاس بولغان جاندىن كەچمەي گەۋھەر ئالماس،
ئارىف بولماي دۇنيا مېھرىن ئۆزدىن سالماس،
ئارىف بولغان چىن ئۇممەتلەر دۇنيا سۆيمەس،
ئايەت ھەدىس مەئنەسىدىن ئايدىم مانا.

رۇزى ئەزەل قىسمەت بولغان ھەركىم پىرى،
«نەھنۇ قەسەمنا بەينەھۇم» دەپ ئايدى ئۆزى،
قىسمەتىدىن ئۆزگە بولماس ئادەم ئوغلى،
بويۇن سۇنۇپ تەسلىم قىلىپ تۇردۇم مانا.

ئەي غەرىبا، بىھۇدەدۇر ئايغان سۆزۈڭ،
ئەمەل قىلماي سېنى باستى غەفلەت ئۇيقۇڭ.
تەئسىر قىلماس بىمەزەدۇر ئۇشبۇ سۆزۈڭ،
ئول سەبەبدىن ئارا يولدا قالدىم مانا.

* *

غەفلەت ئىچرە يولۇم بىلمەي فەنا بولدۇم،
قولۇم تۇتۇپ يولغە سالىڭ، يا ئەھمەدا.
گۇنەھ تاغى مېنى باستى ئەدا بولدۇم،
قولۇم تۇتۇپ يولغە سالىڭ، يا ئەھمەدا.

تاغدىن ئاغىرگۇنەھىم بار يوق ئىلاجىم،
نېچۇك قىلاي سەندىن ئۆزگە يوق فەناھىم.
گۇناھىمنى ئەفۇ ئەيلەگىل يا ئىلاھىم،
قولۇم تۇتۇپ يولغە سالىڭ، يا ئەھمەدا.

ئۇممەت مەن دەپ لاف ئۇرۇبان زاھىر تىلدا،
يالغان دەئۋا بىرلە قالدىم ئارا يولدا،
نېچۇك قىلاي ئەمەلىم يوق باقسام قولدا،
قولۇم تۇتۇپ يولغە سالىڭ، يا ئەھمەدا.

ئەي خۇدايا، رەسۇلۇمغا قىلدىڭ ئۇممەت،
مەغرۇر بولدۇم ئۇممەت مەن دەپ قۇرۇغ ئۇممەت.
زىكرىڭ ئايتىپ كېچە - كۈندۈز قىلماي سۆھبەت،
قولۇم تۇتۇپ يولغە سالىڭ يا ئەھمەدا.

يا ئەھمەدا، ئۇممەت دېسەڭ خوش دەۋلەتىم،
ئۇممەتىم دەپ قولۇم تۇتساڭ شەرافەتىم،

يولدا قالسام هالىم خەراب كۆپ كۆلفەتىم،
قولۇم تۇتۇپ يولغە سالىڭ، يا ئەھمەدا.

ئۇممەت مەن دەپ يولدا قالسام، ۋاي نەھەسرەت،
غەم - قايغۇدىن باشىم ئۈزرە يەتكەي كۆلفەت،
رەھىم قىلىپ ماڭا قىلساڭ ئەگەر شەفقەت،
قولۇم تۇتۇپ يولغە سالىڭ، يا ئەھمەدا.

ئۇممەت مەن دەپ يولدا قالدىم ئەمەلىم يوق،
فېئلىم ئەبەس، خويۇم رىيا، كۆڭلۇم سۇنۇق،
ئاجىز قۇلۇڭ قۇلمەن دەرگە تىلىم تۇتۇق،
قولۇم تۇتۇپ يولغە سالىڭ، يا ئەھمەدا.

ئۇممەتىم دەپ شەفائەتدىن مەھرۇم قويمە،
ساڭا باقىپ يولدا قالسام يولدا قويمە.
گۇنەھكارمەن ئاجىز قۇلدىن يۈز ئۆگۈرمە،
قولۇم تۇتۇپ يولغە سالىڭ، يا ئەھمەدا.

كۆچۈم يېتىپ رەۋزىڭىزغە بارالمادىم،
رەۋزىڭىزنىڭ فىراقىدا قان يىغلادىم.
ھەق تەئالا ئەمرىن بەرجا قىلالمادىم،
قولۇم تۇتۇپ يولغە سالىڭ، يا ئەھمەدا.

قادىر ئىگەم بەندەم دېسە خوبدۇر هالىم،
ئۇممەت دېسەڭ ئاسى قۇلنى دادخاهىم.
نېچۈك سۇددۇر يولدا قالسام قىلۇ قالىم،
قولۇم تۇتۇپ يولغە سالىڭ، يا ئەھمەدا.

غۇسسە بىرلەن قان يىغلاغىل، ئەي غەرىبى،
كارۋان كەتتى نەۋبەت ساڭا هەم قەرىبى.
مىهنەت بىرلە ئارا يولدا هالىڭ هادى،
قولۇم تۇتۇپ يولغە سالىڭ، يا ئەھمەدا.

* *

نالە ئەيلەرمەن خۇداغە رەھبەرىمدىن ئايرىلىپ،
ئەككى ئالەم سايەبان بولغان پىرىمدىن ئايرىلىپ.
راست يولنى كۆرسەتىپ ھەق يولنى رەۋشەن ئەيلەگەن،
كۆز قاراقىم نۇرى چەشمىم رەۋشەنىمدىن ئايرىلىپ.

بۇ مېنىڭ ئۆمرۈم گۈلىغە تەربىيەتلەر كىرگۈزۈپ،
جىسمۇجانىم سەبزەزار ئەتكەن گۈلۈمدىن ئايرىلىپ.
ھەجرىدە قان يىغلاسام تانەفغى سۇر مەھشەرغىچە،
ماتەمىم ھەرگىز تۈگەنمەس رەھبەرىمدىن ئايرىلىپ.
شول پىرىم ھەجرىدە يىغلاپ جىسمۇجانىم قان بولۇپ،
يۈرەكىم ئەفكار بولدى سەرۋەرىمدىن ئايرىلىپ.
غۇسسەئى غۇربەت بىلەن دەريا بولۇپ ئاقتى ياشىم،
جىسمۇ جانىم ئۆرتەنىپ قالدىم پىرىمدىن ئايرىلىپ.
ھەجر داغىنىڭ داۋاسىغە تاپالماي ھېچ داۋا،
تىيرى زۇلمەت ئىچرە قالدىم گەۋھەرىمدىن ئايرىلىپ.
رەخنە بولدى ئەھلى سالىك دىللارىغە داغ - داغ،
يىغلاشىپ ھەرگۈشەدە قالدى پىرىمدىن ئايرىلىپ.
كۆر، مۇھەببەت يولى باغلاندى تەرىقەت ئەھلىغە،
باشچى بولغان پىرى كامىل ئەكمەلىمدىن ئايرىلىپ.
يىغلاشىپ مۇرىدلار بەيتۇل - ئەھزان گۈنجىدە،
سىندى باغرى، ئاقتى ياشى جەۋھەرىمدىن ئايرىلىپ.
سەن غەرىبى ئىككى ئالەم راھەتىنى تاشلاغىل،
داغى كۈلفەتدە ئەسىر بولدۇڭ پىرىمدىن ئايرىلىپ.
ئەي غەرىبا، داغي ھەسرەت ئىچرە قالدىڭ سەرنىگۈن،
ئاھ ئۇرۇپ شامۇ سەھەرلەر مۇرشىدىمدىن ئايرىلىپ.

* *

بەندەلىك قىل دوستلار ديدار كۆرەرمىز ئاقىبەت،
ئۇشبۇ دۇنيا بىۋەفا بارچە كېتەرمىز ئاقىبەت.
نەچچە مىڭ يىل ئۆمر كۆرسەڭ قىلماغاي دۇنيا ۋەفا،
ھېچ ۋەفا كۆرمەي سەفەر يولىن تۇتارمىز ئاقىبەت.
ھېچ زىيجان دۇنيادا قالماي تەمام بولدى رەۋان،
جىنسى مەخلۇق بارچەمىز تۇرماي كېتەرمىز ئاقىبەت.
ئاتا - ئانا زەنۇ فەرزەند كەتتىلەر بىر - بىر ئۆتۈپ.
كەلدى نەۋبەت بىزگە ھەم تۇرماي كېتەرمىز ئاقىبەت.
مالۇ دۇنيا جىلۋە ئەيلەپ بارچەنى شەيدا قىلىپ،
ئۆمر يەلدەك ئۆتكۈسى دەرھال كېتەرمىز ئاقىبەت.
مال - مۇلۇكۇز ەنۇ فەرزەند زىينەتى دۇنيا ئېرۇر،
خانە ۋەيران بولغۇسى تازۇپ كېتەرمىز ئاقىبەت.
ئاخىرەت مەزرەئىدۇر ياخشى ئەئمال سەئ قىل،
سەئيى قىلساڭ ھاسىلىن ئاندا كۆرەرمىز ئاقىبەت.
زەررەچە قىلساڭ ئەمەل زايىئ ئەمەسدۇر قىلمىشىڭ،
ھەق تەئالا رەھم ئېتىپ ديدار كۆرەرمىز ئاقىبەت.

دىن شەرىئەت يولىدا ئاراستە بولغىل ھەرزەمان،
بەندەلىك يولى بۇدۇر تۇرماي كېتەرمىز ئاقىبەت.
ئەي غەرىبا، زىكر - تائەت بىرلە بولغىل سۇبھۇشام،
يىغلاغىل ھەر سائەتى ئاندا كۇرەرمىز ئاقىبەت.

* *

ئەي پادشاھى لامەكان، رەھمەت بىلەن ئىلكىمنى تۇت،
سەنسەن ئۇزۇلۇك شاھى جەھان، رەھمەت بىلەن ئىلكىمنى تۇت.
قىلغىل ئۇزۇڭگە ئاشنا، ئەيلەپ دىلىمنى رەۋشەنا،
ئايىتاي ساڭا ھەمدۇ سەنا، رەھمەت بىلەن ئىلكىمنى تۇت.
ئاسىي گۇنەھكار بەندەمەن، نەفس ئىلكىدە شەرمەندەمەن،
ئىككى جەھان دەرمەندەمەن، رەھمەت بىلەن ئىلكىمنى تۇت.
غۇربەت بىلەن ئۇمرۇم ئۇتۇپ، غەفلەت بىلەن زىكرىم كېتىپ،
يوقتۇر ئىلاجىم قان يۇتۇپ رەھمەت بىلەن ئىلكىمنى تۇت.
قادىر خۇداسەن بەركەمال، ۋە سىفىڭ ئىرۇر يا زۇلجەلال،
بەندەڭغە سەن بەرگىل كەمال، رەھمەت بىلەن ئىلكىمنى تۇت.
ئاسىي قۇلۇڭمەن پۇرگۇناھ ، نەفس ئىلكىدە ھالىم تەباھ،
قىلمە مېنى رويى سىياھ، رەھمەت بىلەن ئىلكىمنى تۇت.
يوقتۇر بۇ دۇنيا لەززەتى قىلماي ئىبادەت تائەتى،
مەھشەردە كۇرگەي راھەتى رەھمەت بىلەن ئىلكىمنى تۇت.
شەب - رۇزە يىغلاپ قان يۇتۇپ، جۇرمى گۇنەھلىغ مەن غەرىب،
دىيدار ئىزدەپ سارغارىپ رەھمەت بىلەن ئىلكىمنى تۇت.

* *

بىۋەفا دۇنيا يۇزىدە قىلمە نادان بىرلە بەھس،
تۇرماغىل نادان كۇزىدە قىلمە نادان بىرلە بەھس.
ئەھلى نادان بۇلھەۋەسلەر زۇلمەت ئىچرە قايدەدۇر،
قەيدى زۇلمات ئىچرە كىرمە، قىلمە نادان بىرلە بەھس.
ئەھلى دانالار خۇدانىڭ ئەمرىدە قايىم ئىرۇر،
ئەمرى ھەقدە مۇستەقىم بول، قىلمە نادان بىرلە بەھس.
ئەھلى دانا قەدرىنى نادانۇ جاھىل بىلمەگەي،
تۇت بۇ پەندىمنى ۋەلېكىن قىلمە نادان بىرلە بەھس.
ھەر كىشىكىم ئەھلى نادان بىرلە بولسە ھەمنىشىن،
ئۇمرزايىئ ئۇتكۇسىدۇر، قىلمە نادان بىرلە بەھس.
نېئمەتى بەردى خۇدا دۇنيادا ئامۇ خاسغە،
ئەھلى نادان شۇكر قىلماس قىلمە نادان بىرلە بەھس.

ئەمر قىلدىلەر خۇدا ھەرنېئمەتىمغە شۇكر قىل،
شۇكرىدىن نېئمەت زىيادەدۇر، قىلمە نادان بىرلە بەھس.
ئۆتتى ئۇمرۇڭ، ئەي غەرىبا، خابى غەفلەت تەكيىدە،
سەن ۋەلى بىدار بولغىل قىلمە نادان بىرلە بەھس.

*　　*

خۇداۋەندا، ئۆزۇمنى بىلمەدىم ھېچ،
شەرئەت ئىچرە خاھىش قىلمادىم ھېچ.
ھەمىشە فىسق بىلەن ئىسيان يولىدا،
ھىدايەت يولىدىن يول بىلمەدىم ھېچ.
دىلىمنى قەلبى سالىم ئەيلەگەيسەن،
تەرىقەت ئىچرە قايىم بولمادىم ھېچ.
يۈرۈپ بۇ دەھردە تۇرلۇك ھەۋەسدە،
ئۆتۈپ كۈنلەردە سايىم بولمادىم ھېچ.
دىلىم كورلۇق بىلە زۇلمەت ئىچىندە،
يورۇغلۇق رەۋشەنالىق تاپمادىم ھېچ.
جەھالەت دەشتىدە لەب تەشنەدۇرمەن،
يامان ياخشى يولۇمنى بىلمەدىم ھېچ.
ھەبىبىڭ ھۇرمەتى جۇرمىمنى ئەفۇئەت،
ھېسابى بۇگۇناھىم بىلمەدىم ھېچ.
ئۆزۈڭ تەۋفىقى تائەت ئۇز قىلغىل،
جەھالەت خەمرىدىن ئايرىلمادىم ھېچ.
يولۇمنى بىلمەدىم ھەيرەتدە قالدىم،
كېتەر ئەسلى ۋەتەننى بىلمەدىم ھېچ.

بۇ دۇنيا ئادەتى كارۋان سەرايى،
كېتىپ قالغاندىن ئىبرەت ئالمادىم ھېچ.
قىلىپ سەۋدالارىنى كارۋانلار،
يۈرۈپ كەتتى كېتەرىم بىلمەدىم ھېچ.
ھەممە نەۋبەت بىلەن تۇتتى يولىنى،
سەپەرگە تۇشسە راھى بىلمەدىم ھېچ.
يېتىپ كەلدى ماڭا نەۋبەت شەمالى،
تۇرۇپ يول ئۆزرە ئىبرەت ئالمادىم ھېچ.
ئۆلۈمنىڭ ئەلچىسى كەلدى باشىمغە،
ئىلاجىم يوق كېتەرىم بىلمەدىم ھېچ.
لەھەد چىرلار مېنى ھەركۈندە سەد بار،
نېچۈك بەرگۈم جەۋابىن بىلمەدىم ھېچ.
ياشىم ئەللىككە يەتتى غەفلەت ئىچرە،
بۇ غەفلەت ئۇيقۇدىن ئويغانمادىم ھېچ.
ئۆزۈڭ بىدار قىل غەفلەت يولىدىن،
ئۇتۇن-كۈنلەر سەھەرگاھ تاپمادىم ھېچ.
غەرىبا، قىسىق زۇلمات ئىچرە قالغاچ،
زەلالەت سەنايىم بىلمەدىم ھېچ.

*　　*

ساقىيا، تۇتغىل شەرابىڭ بىرقەدەھ،
مەي ئىچەي، كۆرسەت جەمالىڭ بىرقەدەھ.
ئىشقىنىڭ خەرابىيۇ سەرمەستىمەن،
نۇش قىلغايمەن شەرابىڭ بىرقەدەھ.
ئىشق كۆيدۇرگەيكى ئاشىق جىسمىنى،
ئىشقسىز ئىچمەس شەرابىڭ بىرقەدەھ.
ئىشق تاپماس ھەركىشى ئادەم ئەمەس،

ئىشقسىز كۆرمەس ۋىسالىڭ بىرقەدەھ.
ئىشقسىزلەر گاۋۇ خەردۇر بىھۇدە،
كۆرمەگەي ۋەسلى كەمالىڭ بىر قەدەھ.
ئىشقلىغ تابغاي ئىبادەتدىن كەمال،
كۆرگۈسى ئاخىر ۋىسالىڭ بىر قەدەھ.
ئەي غەرىبا، نۇش قىل سەن ئىشقدىن،
ئىشق يەتكۈرگەي كەمالىڭ بىر قەدەھ.

*　　*

جىلۋەگى زىكر ئىچرە غەۋغايى، ئەلالا قىلدى شەيخ،
زاھىرىنى جىلۋە ئەيلەپ كۆپ تەمەننا قىلدى شەيخ.
زاھىرىدە نەفسى شەيتان بىرلە جەڭ قىلدىم دەيۈپ،
باتىنىن ئەيلەپ مۇلەۋۋەس، ئۆزنى رەسۋا قىلدى شەيخ.
ئىلمى باتىنىدىن خەبەر تاپماي قىلۇرلار كۆپ ھەۋا،
زىيبۇ - زىينەت بىرلە خەلق ئىچرە مۇجەللا قىلدى شەيخ.
ئايەتى قۇرئان ھەدىسىنىڭ مەئنەسىدىن بىخەبەر،
مەئرىفەتنى بىلمەيىن ئۆزنى ئەفشا قىلدى شەيخ.
شەيخلىق شەرتى بۇدۇركىم كېچە - كۈندۈز يىغلاماق،
ئۆرسە، سۆكسە يىغلاماس نەفسنى شەيدا قىلدى شەيخ.
دامى تەزۋىر بىرلە خەلق ئىچرە يۈرۈرلەر دەربەدەر،
ھەر مەقاماتى كەرامات ئاشكارا قىلدى شەيخ.
پىرى كامىلدىن ئىجازەت تاپمايىن ئۆزلۈك بىلەن،
ماۋۇمەنلىك بىرلە ئادەت ئىچرە تەقۋا قىلدى شەيخ.
بەئزىلەر جەھرىيە بولسە، سۆككۈسى خۇففىيەنى،
جەھرىيە ئەفزەل ئېرۇر دەپ كۆپ ئەلالا قىلدى شەيخ.
بەئزى خۇففىيە تەرىقدە سۆككۈسى جەھرىيەنى،
دەۋزەخى كافىر بولۇپ بىلمەي ئەلالا قىلدى شەيخ.
جەھرىيەۋۇ خۇففىيە ھەر ئىكەۋ خۇدانىڭ زىكرىدۇر،
ئەفزەلى خۇففىيەدۇر كامىلغە ئىما قىلدى شەيخ.
مۇبتەدىغە جەھرىيە بۇيرۇلدى سالىك ئەمرىدۇر،
مۇنتەھاغە خۇففىيە زىكر ئايتماقنى ئىما قىلدى شەيخ.
پىرى ناقىسنىڭ نىشانىدا يەنە سۆز ئاڭلاغىل،
زاھىرىن تەرتىپ بېرىپ باتىننى رەسۋا قىلدى شەيخ.
تۆرت ئەركان — فەرزۇ ۋاجىب، سۈننەتۇ ھەم مۇستەھەب،
شەرتى ئادابىنى بىلمەي ئاھۇ ۋەيلا قىلدى شەيخ.
ئەھلى نادانلارنى ئۆز دامىغە قەيد ئەتمەك ئۈچۈن،
قولىغە تەسبىھ ئالىپ ئەزمى مۇھەللا قىلدى شەيخ.
تۇئمەئى لەززەتنى يەپ گۇنجىدە ئەيلەپ تەن پەرەست،
نەفسدىن بولدۇم يىراق دەپ نادانىنى شەيدا قىلدى شەيخ.
باۋۇجۇد نادانلىغى بىرلە قىلۇر ئەلنى مۇرىد،
كۆپ ئۆزىدىن مەستۇ نادانلارنى پەيدا قىلدى شەيخ.
ئەھلى نادانلار ئارا سۆزنى قىلۇر كۆپ بىھۇدە،
لاف ئۇرۇپ يالغان كەراماتىنى ئەفشا قىلدى شەيخ.
بولغۇسى ئاخىر زەمانە شەيخلەرنىڭ ھاللارى،
بۇ ئەلامات ئىچرە زاھىرنى مۇجەللا قىلدى شەيخ.
دەشت سەھرالار كېزىپ ئەھلى ئەۋام سەيدى ئۈچۈن،
ئامىلەرنى سەيد ئەيلەپ ئۆزنى رەسۋا قىلدى شەيخ.
ئەي غەرىبا، بۇ سىفەتلىغ شەيخدىن قاچغىل يىراق،

باتىنىڭنى جەمئ تۇت، ئىشقىڭنى سەۋدا، قىلدى شەيخ.

*  *

ئىسمۇ زاتىڭ زىكر قىلماق قەندۇ شەككەردىن لەزىز،
سەنئەتىڭنى فىكر قىلماق قەندۇ شەككەردىن لەزىز.
قۇدرەتىڭ سۇئىنى نادانلار ۋەلى فىكر ئەتمەگەي،
ئەقلى كامىل بىرلە تۇرماق قەندۇ شەككەردىن لەزىز.
قۇدرەتىڭدىن ئەيلەدىڭ ھەفتۇم تەبەقنى بەرقەرار،
بۇ ئەجايىب سەنئەتىڭدۇر قەندۇ شەككەردىن لەزىز.
كېچەنى كۇندۇز بىلە بىر ـ بىرگە ئەيلەپ مۇندەرىج،
ھېچ مەخلۇق فىكر ئېتەلمەس قەندۇ شەككەردىن لەزىز.
كۇندۇزى ئالەمنى رەۋشەن ئەيلەدىڭ خۇرشىد بىلەن،
شەرق، غەرب ئۆزرە رەۋانلىق قەندۇ شەككەردىن لەزىز،
ئاسمانلاردە چىراغ ئەيلەپ كەۋاكىب بىئەدەد،
شەئنۇ شەۋكەت بىرلە تۇرماق قەندۇ شەككەردىن لەزىز.
بۇزەمىن سەھنىدە دەريالار رەۋاندۇر ھەرسارى،
رىزقى رۇزى كۇللى ئىنسان قەندۇ شەككەردىن لەزىز.
ئادەم ئوغلى نەسلى بىردۇر لېك فىئلى مۇختەلىف،
مېھر ـ شەفقەت بىرلە يۇرمەك قەندۇ شەككەردىن لەزىز.
ئەي غەرىبا، فىكرى سېنئەتدىن دىلىڭ يىغقىل ۋەلېك،
مۇختەسەر سۆز ئىچرە تۇرماق قەندۇ شەككەردىن لەزىز.

*  *

ئىبادەت قىل بۇرادەرلەر خۇدايىمنىڭ رىزاسىدۇر،
سەھەرلەردە قوپۇپ يىغلا گۇناھىڭنىڭ دەۋاسىدۇر.
گۇناھىڭنىڭ دەۋاسى يوق مەگەر كۆز ياشىدۇر دارۇ،
گۇناھىڭ دەردىغە دەرمان دىلىڭنىڭ زەۋشەناسىدۇر.
كۆزۇڭدىن قەترە ياش تۆكسەڭ ياشىڭ ھەرقەترەسى گەۋھەر،
خۇدا خۇشنۇد بولۇرسەندىن پەيغەمبەرلەر رىزاسىدۇر.
ۋەلي سالىك ئىمشىدۇر كېچە ـ كۇندۇز گىريەۋۇ زارى،
ئىبادەتدە ھوزۇر بولغاي ۋەلي ئىشقىڭ زىياسىدۇر.
نەمازۇ رۇزەۋۇ ھەج، زەكات بارچە ئەمەللەردە،
ئەگەر ئىشق بولماسە بىھۇدەدۇر زاھىر بەناسىدۇر.
جەھاندىن ئۆتتىلەر بارچە نەبىلەر بىئەدەد يىغلاپ،
خۇدا ئەمر ئەيلەدى بۇ يىغلاماق دىن مۇددەئاسىدۇر.
پەيغەمبەر سۇننەتىدۇر يىغلاماغلىق بارچە ئىنسانغە،

كەمالى بەندەلىكدە يىغلاماق دىن مۇنتەھاسىدۇر.
كىشىنىڭ كۆزدە ياشى يوق شەقى بەدبەختلىكى شولدۇر،
كىرەر دەۋزەخقە چەندان يىغلاغاي سانسىز بەقاسىدۇر.
دىلىڭ ساپ ئولماغاي ياش تۆكمەگۈنچە هەر ئىبادەتدە،
ياشىڭ تۆكمەي هوزۇر بولماس خۇدايىمنىڭ رىزاسىدۇر.
يۇرۇپ بىھۇدەلىك بىرلە بۇ ئۆمرۈڭ بولغۇسى زايىئ،
هەياتلىقنى غەنىمەت بىلكى ئىماننىڭ زىياسىدۇر.
هەقىقەتدىن ئەسەر تاپماي ئىبادەتدە هەلاۋەت يوق،
ۋەلى زاهىردە خۇدبىنلىق قىيامەتدە گەداسىدۇر.
ئۆتۈپ كەتتى غەرىبى، بۇ ئەزىز ئۆمرۈڭ سىنىڭ چۈن باد،
نىچۈك بولغاي ئاخىركارىڭ رەسۇلۇم رەهنەماسىدۇر.

* *

ئەي خۇدايا، دەرد سوزدۇر سىينەئى ئەفكارىمىز،
رەهم قىلغىل ئاسىيلارغە تۇهفەدۇر كۆز ياشىمىز.
بىرچەمەندە رەڭ - بەرەڭ گۈللار ئاچىلدى جىلۋەدار،
پىرى كامىلنىڭ بەهارىستانىدىن گۈلزارىمىز.
رەۋشەنا بولغاي دىلىم چۈن مۇرشىدىم ئىهسانىدىن،
شەمئىدەك كۆيدى دىلىمدە رىشتەئى زۇننارىمىز.
بۇلبۇلى ئىشقىم مۇهەببەت باغىدا جاي تۇتتىلار،
تا قاچان يەتكەيكى گۈلغە نالەئى ئەفغانىمىز.
ئىشق مۇهەببەت ئوتى ئىچرە كۆيدى بۇ جانۇدىلىم،
يەتتە دەۋزەخ كۆيگۈسى ئۆرتەنسە ئاهۇزارىمىز.
شادمانلىقنى ئۆزۈمگە تەرك ئېتىپ ماتەم تۇتۇپ،
ئۆزگە غەم يوقتۇر رەسۇلۇمدۇر شەفائەتخاهىمىز.
ئەي خۇدايا، رەهم قىل، تۇتغاي قولۇمنى ئول رەسۇل،
بۇ ئۇمىددۇر بارچەغە بولغاي رەسۇل دىلدارىمىز.
گەر شەفائەت سۇفرەسىنى يازماسە ئول مۇستەفا،
ئەسلا سۇد ئەتمەس نەدامەت ئەيلەسەك ئەفغانىمىز.
سۆزنى قىلدىڭ، ئەي غەرىبا، بىمەزە هەم تەلخ شور،
مۇرشىدىم هاجىم پىرىمنىڭ نۇتقى بۇ ئەشئارىمىز.

* *

ئاسىيلارغە رەهم قىلغىل، يا ئەزىز.
رەهم ئېتىپ يولۇڭغە سالغىل، يا ئەزىز:
ئاسىيلارغە سەندىن ئۆزگە هامى يوق،
نەفسى شەيتاندىن يىراق قىل، يا ئەزىز.
نەفسى شەيتان بولدى غالىب هەرزەمان،
نەۋەبەنى سەن راهبەر قىل، يا ئەزىز.

جەھلى غەفلەتدە ئۆتۈپ ئۆمرۈم مېنىڭ،
ئۇيقۇدىن بىدار قىلغىل، يا ئەزىز.
فىسقى غەفلەت ئىچرە بەندەڭ پۇرگۇناھ،
يەنبە غەفلەتدىن جۇدا قىل، يا ئەزىز.
تەنپەرەستىمەن فىئلى ناداندۇر ئىشىم،
زىكرى ھەقنى راھبەرقىل، يا ئەزىز.
ئەمر قىلدىڭ سەن مېنى ياد ئەيلە، دەپ،
تىلغە زىكرىڭ مۇنىس ئەتكىل يا ئەزىز.
ئەي غەرىبى، ئاسىيلاردىن ئاسىيسەن،
جۇرمى ئىسياندىن يىراق قىل، يا ئەزىز.

* *

ئەي خۇدايا، ھېچ كىشى مەن ئاسىيدەك گۇمراھ ئەمەس،
قىلمىشىمدۇر جۇرمى ئىسيان ھېچ كىشى ئاگاھ ئەمەس.
فىسق ئىلە ئۆمرۈم ئۆتۈپدۇر سىررىم بىلمەس ھېچ كىشى،
تۇخمى ئىسياننى تايىپ نادان مەنۇ دانا ئەمەس.
ھېچ كىشى مەندەك ئازىب راھى ھىدايەت يولىدىن،
ئۆمر بىھۇدە ئۆتۈپ مەندەك يەنە گۇمراھ ئەمەس.
ئەي خۇدايا، سەن ماڭا تەۋفىقۇ تائەت روزى قىل،
باتىنىم فىسقى زەلالەتدە مۇقىم ئاگاھ ئەمەس.
قۇدرتىڭ بىرلە ياراتدىڭ ئەرش ئەئزەم بەرقەرار،
كۇنھى زاتىڭ فىكر قىلماقغە دىلىم ئاگاھ ئەمەس.
يەتتە قات يەر، يەتتە ئاسماننى مۇتەببەق ئەيلەدىڭ،
ھېكمەتىڭ سەنئەتلەرىڭغە بۇ تىلىم گويا ئەمەس.
ئاسمانۇ ئايۇ كۈن زىينەت بىلە ئاراستە،
تا قىيامەت بۇمەقام ئۆزرە ۋەلې كۇتا ئەمەس.
بىئەدەد، سانسىز تۇمەن دەرياۋۇ چەشم يەر ئۆزە،
قۇدرەتىڭدىن يەر ئۆزە جايدىن گۇمراھ ئەمەس.
قۇدرەتىڭدىن جۇملە مەخلۇقاتنى ئەيلەپ فەۋج - فەۋج،
يەتتە ئەئزا ئەقل كامىل سىررىدىن ئاگاھ ئەمەس.
يېمەك - ئىچمەك، نازۇنېئمەت بارچە زىيجانغە بېرىپ،
قۇدرەتىڭ بىھەد ئېرۇر سۇنئىڭ سېنىڭ كۇتا ئەمەس.
كۇللى زىيجان ئۆز تىلى بىرلە ساڭا ھەمد ئايتىبان،
قۇدرەتىڭ زاتىڭنى فەھم ئەتمەككە بىپەرۋا ئەمەس.
ئەي خۇدايا، كەمتەرىنۇ رۇسىياھ شەرمەندەمەن،
بۇ ئەزىز ئۆمرۈم ئۆتۈپ كەتتى دىلىم بىنا ئەمەس.
قۇللۇغۇڭ قىلماقغە تەۋفىق تاپمادىم غەفلەت بىلە،
نۇرى ئىمان شەمئى ياندۇر بۇ دىلىم ئاگاھ ئەمەس.
بۇ گۇنەھىم شۇملۇغى بىرلە ۋۇجۇدۇم ھەمچۇ سەڭ،
خابى غەفلەتدە ياتىپ شەب - رۇز دىلىم ئاگاھ ئەمەس.
بۇ تىلىمنى مىڭ تىلىم قىلسامكى ھەمدىڭ ئايغالى،
تاقەتىم يوقتۇر ۋەلى شەرمەندەمەن، گويا ئەمەس.
يەتتە ئەئزا جانۇ تەننى نازۇ نېئمەت ياراتىپ،
نېئمەتىڭ شۇكرىنى ئايتۇرغە تىلىم گويا ئەمەس.

گەرسىفاتىڭ سۆزلەسەم ئاسىي غەرىبى، سەد تۆمەن،
لېك ئاجىز قۇل غەرىب ھەمدىڭغە تىل گويا ئەمەس.

* *

كىشى غافىل ئېرۇر ئۆمرىدە ھېچ فەيزى سەھەر تاپماس،
دەرەختى بىسەمەرنى ساقلاسا ھېچكىم سەمەر تاپماس.
تەئەللۇقغە گىرىفتار ئولغان ئەل دائىم ئېرۇر غافىل،
يېمەك - ئىچمەك زەھەر ئولغاي، لەزىزى پۇر شەكەر تاپماس.
فەناھ بەھرىدە غەرق بولماي ئەمەس ئاشىق قەسەم بىللاھ،
كى ئىزدەپ دوست ۋەسلىنى نىشانى بەھرۇبەر تاپماس.
ئىشەنمە ئۆشبۇ دۇنياغە ئەخىرى بىۋەفا دۇرلەر،
ئەزىز ئۆمرۈڭغە يوق مۇھلەت بۇ دۇنيادىن سەمەر تاپماس.
غۇبار ئالۇدە دۇنيادىن كىشى دىلنى رەھا قىلماس،
قاراپ بۇ شەش جەھەتغە بىھېساب مەددى نەزەر تاپماس.
كىشىكىم سىينەئى تۇتسە مۇھەببەت لەززەتىن دائىم،
خۇدا ئىشقىدە مۇستەغرەق جەھاندا ھېچ ۋەفا تاپماس.
فەنافىللاھ ئەمەس سالىك نەزەرنى ھەرقايان سالسە،
كۆرەلمەس يار جەمالىنى نەزەردە جىلۋەگەر تاپماس.
كىشى ئاشىق ئېرۇر ئول لەيلى - مەجنۇندەك ئېرۇر دائىم،
ھەمىشە ئىشق ئوتىدا ئۆرتەنۇرلەر دەر بەدەر تاپماس.
مۇيەسسەر بولغۇسى دىيدارى مەئشۇق دوستى سادىقغە،
ھەر ئاشىق ئىشق ئوتىدا ئۆرتەنۇر ئۆزدىن خەبەر تاپماس.
غەرىبا، لاپ ئۇرارسەن بارچە فىئلىڭ خويى ھەيۋاندۇر،
شەرىئەت ھۆكمىدىن تاشغان ئىبادەتدىن سەمەر تاپماس.

* *

دەھر سۇدىدىن تەمەئ ئۆزگىل زىيانى بار ئىمىش،
ئۆمرنى بىلگىل غەنىمەت بىر زەمانى بار ئىمىش.
ئۆي بەنا ئەيلەپ بۇ دۇنيا مۇلكىنى ئاباد ئېتىپ،
ئىككى - ئۈچ كۈن بۇ ئۆي ئىچرە مېھمانى بار ئىمىش.
قوي تەۋانالىغنى سەن كەلدى ئۆلۈمنىڭ ئەلچىسى،
كەتمەكىڭ مۇمكىن ساڭا بەش كۈن جۇۋانى بار ئىمىش.
پادىشاھغە ئىش، خەلايىق فىكرىنى قىلماق ئېرۇر،
فىكرى مەخلۇق بىرلە ئۈچ سائەت شەبانى بار ئىمىش.
دەۋلەتىڭ ھەرچەند زىياد ئولسە باشىڭنى ئەيلە خەم،
باشى خەم بولغان دەرەختىنىڭ پاسبانى بار ئىمىش.

سەن تەكەببۇر يولنى تاشلا ئەسلى نەسلىڭ پاك قىل،
ئەسلى نەسلىڭ پاك قىلساڭ مىھرىبانى بار ئىمىش.
ئۆمرنى بىلگىل غەنىمەت، ئەيلە تائەت بىريا،
قىلماساڭ تائەت ئىبادەت تاڭلا نارى بار ئىمىش.
ھەق تەئالا ئەمرىنى تەرك ئەتمە، قىلمە نەھيىنى،
ئەمر تۇتغان ئارىفىغە قەدردانى بار ئىمىش.
پەرۋىلىك قىلغىل پەيەمبەر سۇننەتىنى جان بىلە،
تاڭلا مەھشەردە شەفائەت سايەبانى بارئىمىش.
قەترەئى ئابىمەنىسەن ئەسلى جىنسىڭ پاك قىل،
ئەي غەرىبا، زىرى خاك ئىچرە مەكانى بار ئىمىش.

* *

غەم تىغىدە بۇ كۆڭلۇم ھەرلەھزە خەراب ئولمىش،
غەفلەتدە ياتىپ ھەردەم فىسق ئىچرە خەراب ئولمىش.
ئىشق ئەھلىنى مەن تاپماي، دەردىمغە داۋا تاپماي،
كۆنجىدە فىغان ئەيلەپ، ھەسرەتدە خەراب ئولمىش.
تەۋفىقى ھىدايەتنى لۇتف ئەتسە ئىنايەتنى،
تاپسام بۇ سەئادەتنى ئىشق ئىچرە كەباب ئولمىش.
بىر قەترە مىنىڭ ئەسلىم تۇفراقدىن ئېرۇر نەسلىم،
ئۈمىدى ۋىسال ئىزدەپ فۇرقەتدە كەباب ئولمىش.
شەب - رۇز فىغان بىرلە ئىشق شورىشىدىن پۇرمەست،
مەدھۇشىۇ بەد مەستى ئىشق تابىدا جاب ئولمىش.
ئىشق شىددەتىدىن ئاشىق مەئشۇق ھەۋەسى بىرلە،
فەريادۇ فىغان بىرلە باغرىدا كەباب ئولمىش.
ئاشىق ئىشىدۇر كۆيمەك مەئشۇق ئۈچۈن جان بەرمەك،
گەركەتسە ئەزىز باشى گۇنجىدە خەراب ئولمىش.
ئاشىق بىلە مەئشۇقغە جانىڭ قەدەرى بولماس،
شەب - رۇز ۋىسال ئىزدەپ ھەجرىدە تۇراب ئولمىش.
سەن ئاسىي غەرىب، ھەيران ئىشق يولىدە سەرگەردان،
بارچە ھەۋەسى نادان جەھل ئىچرە خەراب ئولمىش.

* *

بىزاتى ھەزرەتى ۋاجىب ئىدى كەۋنى مەكان ئارىز،
يەقىن بىلگىلكى بولغايلار زەمىنۇ ئاسمان ئارىز.
كى ھۇسنۇڭ ئەكسىدىن مۇتلەق ھەمە رەڭلەر زۇھۇر ئولدى،
گۇلى گۇلزارلار ھەم بۇ جەھان ھەم ئۇجەھان ئارىز.

زەمىن ئۆزرە دەرەختلەر ھەم گىياھلار سەبزەزار خۇشلۇق،
ھەمە شەمشادۇ تۇبا، سەرۋىلەر خۇش بوستان ئارىز.
ھەمە مەخلۇقۇ مەۋجۇدلار جەھاندا رەڭ بەرەڭ سۇرەت،
كەمالى قۇدرەتىڭ بىرلە بولۇپ دۇنيادا جان ئارىز.
ھەقىق مەقسۇدى ئىچرە ئەي غەرىب، ئاشىق يولى ئەۋلا،
ھەقىقەت ئىشقىنى تاپقان كىشىگە جان پىدا ئارىز.

* *

بەندەمەن دەپ لاف ئۇرارمەن بەندەلىك فىئلىم غەلەت،
بەندەلىك مەندەك ئەمەسدۇر بارچە ئەھۋالىم غەلەت.
بەندەلىك شەرتى بۇدۇر بولماق خۇدانىڭ ئەمرىدە،
ئەمرى ھەقنى قىلمايىن بۇ قىيل بىلە قالىم غەلەت.
گەر خۇدا تەۋفىق بەرسە فەرزۇ سۇننەت ئەيلەسەم،
كۆز ياشىمنى تۆكمەيىن چاكى گەرىبانىم غەلەت.
پىرى كامىل رەھبەرىمنىڭ قەدرىنى بىلمەي قالىپ،
نەسلى ئادەم مەن دەيۇ يۇرگەن بۇ ئەھۋالىم غەلەت.
ۋادەرىغا! مۇرشىدىم كەتتى بۇفانى دۇنيادىن،
قايرىلىپ سىندى قاناتىم يوق ئۇچار پايىم غەلەت.
قاچتى ئىشقىم، كەتتى ئەقلىم، يوقتۇر ئىدراكىم مېنىڭ،
دىلدا زىكر ئايتۇرغە تىلدا سۆزۇ گۇفتارىم غەلەت.
بۇ ئەزىز ئۇمرۇم ئۆتۈپ ئەييامۇ ماھۇ سال ئىلە،
كۆرمەدىم دۇنيا ۋەفاسىن فىكرى نادانىم غەلەت.
مەن نەچۇك قىلغۇم خۇدايا، ئاسىي جافى پۇر گۇناھ،
گەر ئۆزۈڭ رەھم ئەتمەسەڭ مەھشەردە ئەھۋالىم غەلەت.
ئەي خۇدا، بەندەم دېگىل ئۇممەت دېگەي شايەد رەسۇل،
بەندە مەن دەپ كىزب بىرلە ئۇشبۇ ئەقۋالىم غەلەت.
رۇزى مەھشەردە قولۇمنى ئول رەسۇلۇم تۇتماسا،
لافى ئۇممەتلىقغە تىل ئاچقان شەھاداتىم غەلەت.
ئەي غەرىبا، غەم بىلە دائىم مۇدام زىكر ئەيلەگىل،
زىكرى تائەت قىلماغان تەن ئىچرە بۇ جانىم غەلەت.

* *

ئەي بەرادەر، ئاقىل ئېرسەڭ ئەيلەگىل رەھماننى ھىفز،
ساف باتىن سادىق ئېرسەڭ ئەيلەگىل قۇرئاننى ھىفز.
زىكرى ھەقدىن ئۆزگەسى بىھۇدەئى بىھبۇد ئېرۇر،
قەلبى سالىم ئىزدەسەڭ تەكرار قىل ئاللاھنى ھىفز.

قەلبى رۇھ سىررى خەفى ئەخفانى ئەيلەپسەن غىزا،
نەفئى ئىسبات تۇئمە ئەيلەپ زىكر قىل سۇلتاننى ھىفز.
زاھىرىڭ ھەم باتىنىڭ ساف ئەيلەگىل چۇن ئايىنە،
پاك بولسۇن يەتتە ئەئزا نەقش قىل ئىرفاننى ھىفز.
تۆرت يۈز قىرىق تۆرت پارچە ئۇستخانىڭ كۆيدۇرۇپ،
دەۋر قىلغىل ماسەۋانى سەئيى قىل گىريانىنى ھىفز.
بۇ تەنىڭ ئىچرە تومۇزلار ئۇچيۈز ئاتمىش ئالتەدۇر،
بەرمەگىل ھەربىرگە غەفلەتنى تۇتۇپ رەھماننى ھىفز.
سەن غەرىبى ئۆز ئىشىڭ بىلگىل سۆزۈڭنى كۇتا قىل،
مۇختەسەر قىلغىل سۆزۈڭ دەرد ئەيلەگىل دەرماننى ھىفز.
ئەي غەرىبا، كۇفر مۇزمەر ئىچرە قالدىڭ فىسق ئىلە،
باتىنىڭنى ساف قىل تەكرار قىل ئىماننى ھىفز.

* *

فانى دۇنيا مۇلكىنى تاشلاپ كېتەرمىز، ئەلۋىداﺋ ،
فانىنى تاشلاپ باقى يولىن تۇتارمىز، ئەلۋىداﺋ.
نەچچە يىل بۇ دەھردە كۆرمەس ۋەفانى ھېچ كىشى،
بىۋەفا دۇنيانى دەپ زايىئ ئۆتەرمىز، ئەلۋىداﺋ.
قەلبى سالىم تاپماغانلار ئۇمرىدىن تاپماس لەزىز،
قەلبى سالىم لەززەتى ئىمان تاپارمىز ئەلۋىداﺋ.
كەتتى دۇنيادىن پىرىم چەرقى فەلەكنى سىندۇرۇپ،
ياخشىلار كەتتى ۋەلې بىز ھەم كېتەرمىز، ئەلۋىداﺋ.
ئاتا ـ ئانا، زەنۇ فەرزەند كەتتىلەر بارچە رەۋان،
ئۇمرى غافىلدۇر سەفەر رەختىن تۇتارمىز، ئەلۋىداﺋ.
كۆللى زىيجانغا ئۆلۈمنى قەرز قىلدىلەر خۇدا،
كارۋان يەتكىلىغ رەۋان بىز ھەم كېتەرمىز، ئەلۋىداﺋ.
كارۋانلار مەسلەھەت بىرلە كېتەر فىكرىن قىلۇر،
جايى مەنزىل تەي قىلىپ فىكرەت تاپارمىز ئەلۋىداﺋ.
ئەي غەرىبا، تەۋبە دەپ يىغلاپ سەھەرلەر نالە قىل،
كۆز ياشىنىڭ بەھرىدىن رەھمەت تاپارمىز، ئەلۋىداﺋ.

* *

كى ئۆتتى گۇل ئاچىلۇر ۋەقتى مەۋسۇمى بەھار، دەرىغ،
كى يەتتى بادى خەزان گۇلغەلالەزار، دەرىغ.
تازۇپ كېتىپ ھەممە گۇللار نالە قىلدىلار، بۇلبۇل،
نەۋا قىلۇركى تۇمەنىڭ لالەزار دەرىغ.

بۇ تەن قەفەس ئىچىندە جان ھەمىشە بۇلبۇلدۇر،
كى سىنىسە تەن قەفەسى بۇلبۇلى بىقەرار دەرىغ،
ئارام يوق كېچە - كۈندۈزدە ئىشق تابىدىن،
كۆز ئىچرە ئەشىك رەۋاندۇر دىلفىكار دەرىغ.
يول ئۈزرە ئولتۇرۇبان ئىنتىزار ۋەسلى ئۈچۈن،
كۆرەلمەيىن بۇ كۆزۈم رۇيى يار دەرىغ.
جەھاندىن كەتمەك ئىشى يەتتى نەۋبەتى دەمدەم،
دەرىغكى، ئۆمر بۇغەفلەتدە پايدار، دەرىغ،
باسىلدى غەم ھەجرىغە غەرىب بولۇپ تۇفراق،
ئۆتۇپ جەھان نەزەرىدىن شەھسەۋار، دەرىغ.

* *

يا ئىلاھا، جۇرم ئىسيان جەھىتىدىن شەرمەندەلىغ،
قىلمادىم لايىق ساڭا تائەت - ئىبادەت بەندەلىغ،
بۇ ۋۇجۇدۇم زەررەدىن ئاجىز، گۇناھىم جەھىتىدىن،
باش كۆتەرمەك نېمەدۇر قىلغان ئىشىم پۇر خەندەلىغ.
ھەم جۇنۇن ھەم خەستەمەن كويۇڭدە ھېچ يوق تائەتىم،
ئۆزگەلەرنىڭ ھالىدىن ئارتۇق ئەمەس بۇ بەندەلىغ.
زۇلم قىلدىم بۇ ئەزىز جىسمىم غەنىمەت بىلمەيىن،
رۇزى مەھشەردە مېنىڭ ھالىمغە يەتمەس خەندەلىغ.
يېمەك - ئىچمەك بىرلە شەب - رۇز ئۆتتى ئۆمرۇم بىھۇدە،
بۇ گۇناھىم ھەددىن ئاشتى تائەتىم يوق زىندەلىغ.
ئۆتتى زايىئ بۇ ئەزىز ئۆمرۇم شەمالدەك تېز رۇ،
بىنەۋالاردەك گەدالىق بىرلە بولدۇم ژەندەلىغ.
ئەي غەرىبى، دەير پىر ئالدىدا بولغىل بىنەۋا،
بىنەۋالارنىڭ ئىشى ھەق ئىشقىدە لەرزەندەلىغ.

* *

چىن بەندەسەن زاھىر باتىن ساپ ئەيلەگىل،
بەندەمەن دەپ ئول خۇداغە ئۇرماغىل لاف.
ھەق رەسۇلغە ئۈممەت بولساڭ راست بولغىل،
راستلىق قىل ھەق رەسۇلغە قىلما خىلاپ.

سېنى مۇندا ھەق ياراتتى ئۆلمەك ئۈچۈن،
داستلىق بىرلە قۇللۇغىنى قىلماق ئۈچۈن.
شەرىئەتنىڭ ئەمرىن بەرجا قىلماق ئۈچۈن،

راستلىق قىل ھەق ئەمرىغە قىلما خىلاف.

ئەل كەززەبۇل - ئۇممەتنى دەپ رەسۇل ئايىتتى،
چىن ئۇممەتلەر بۇ ھەدىسقە قۇلاق تۇتتى،
يالغان ئۇممەت ئۇممەتمەن دەپ يولدىن قايىتتى.
راست ئۇممەت سەن ھەق رەسۇلغە قىلما خىلاف .

بۇ ئالەمنى ھەق ياراتتى رەسۇل ئۈچۈن،
خۇدالىغىن زاھىر قىلدى قەبۇل ئۈچۈن.
ھەقنىڭ ئەمرى رەسۇل ئەمرى بىر يول ئۈچۈن،
خۇدا، رەسۇل ئەمرىغە سەن قىلما خىلاف.

يالغان ئايتماق مۇنافىقنىڭ نىشانىدۇر،
مۇنافىقنىڭ ئىمانىدا گۇمانىدۇر،
يالغان ئايتىپ ئۆتكەن ئۇمرى زىيانىدۇر،
راست بەندە سەن يالغان ئايتىپ قىلما خىلاف.

مۇنافىقنىڭ نىشانەسى بۇدۇر بىلسەڭ،
بىلىپ كۆرۈپ ئەمەل قىلماس.ئەمەل قىلساڭ.
شەرىئەتكە بويۇن ئەگمەس راستنى ئايتساڭ،
راست بولغىل، ھەق ئەمرىغە قىلما خىلاف.

بىر نىشانى ھەر مۇئمىننى دۈشمەن تۇتار،
ھەسەد قىلىپ يۈرەك باغرىن ئاغۇ يۇتار.
يالغانچىلىق ئادەت بىرلە ئۇمرى ئۆتەر،
چىن ئۇممەت سەن ھەق رەسۇلغە قىلما خىلاف.

شەك كەلتۈرمە بۇ ھەدىسدۇر رەسۇل سۆزى،
رەسۇل سۆزى خۇدا سۆزى ھەبىب ئۆزى.
خۇدا رەسۇل ھەبىبلىغىن بەرگەي ئۆزى،
شەك كەلتۈرمە زاھىر - باتىن قىلما خىلاف.

يالغان ئايتماق ھەرام، دېدى ئول مۇستەفا،
ئۇممەت بولساڭ قۇلاق سالىپ قىلغىل ۋەفا.
زاھىر ئۇممەت باتىن يالغان قىلما جەفا،
زاھىر باتىن راستلىق قىل قىلما خىلاف.

چىن ئۇممەت سەن ياشلىق تۆكۈپ يىغلاغىل سەن،
جان دىل بىرلە ھەق ئەمرىنى ئاڭلاغىل سەن.

ئىشق سىررىنى ھەق رەسۇلدىن تىڭلىغىل سەن،
ئىشق ئىستەگىل ئاشىقمەن دەپ قىلما خىلاف.

قۇرئان ئىچرە يۇھىببۇھۇم دەپ خەبەر بەردى.
ۋە يۇھىببۇن بەيان قىلىپ ۋەئدە بەردى.
بەندەلەر مۇھەببەتدۇر ھەق مۇرادى،
ھەق دوستى بول ھەق ئەمرىغە قىلما خىلاف.

مۇھەببەت نىشانىدۇر قان يىغلاماق،
كېچە - كۈندۈز غەفلەت تاشلاپ ئاگاھ بولماق،
ھەرنەفەسدە ئاللاھ زىكرىن ئادا قىلماق،
زىكرىن ئايتىغىل غافىل يۈرۈپ قىلمە خىلاف.

يىغلاغانلار ھەق دىدارىن بىشەك كۆرەر،
كۆز ياشىغە سەككىز ئۇجماق مۈلكىن بېرەر.
رەسۇلىللاھ ئۇممەتىم دەپ بىشەك سۆيەر،
ياشىڭ تۆككىل، ھەق رەسۇلغە قىلما خىلاف.

ئادەم ئاتا بۇ دۇنيادىن ئۆتتى يىغلاپ،
شىش، ئىدرىس، نۇھى نەبى يۈرەك داغلاپ.
يىغلاپ - يىغلاپ ياشىن تۆكۈپ ۋىسال ئىزدەپ،
راست يىغلاغىل يالغان يىغلاپ قىلما خىلاف.

كۆز ياشىنىڭ خاسىيىتى، كۆپدۇر بىھەد،
ياشىڭ تۆكسەڭ ئەجرىڭ بېرۇر ھەق بىئەدەد.
راست يىغلاساڭ ئاللاھ ئۆزى بېرۇر مەدەد،
راست يىغلاغىل يالغان يىغلاپ قىلما خىلاف.

ئەي غەرىبا، كۆپ يىغلاغىل شامۇ سەبا،
زىكرىن ئايتىپ تىنماي ئايغىل ھەمدۇسەنا.
ئەجەب ئېرمەس رەھىم ئەيلەسە قادىر خۇدا،
بەندەمەن دەپ ھەق ئەمرىغە قىلما خىلاف.

* *

مەن نەچۈك ئەيلەي خۇدايا ھېچ تائەت مەندە يوق،
نەفسى شەيتان يولدىن ئازغۇردى ئىبادەت مەندە يوق.
خابى غەفلەت بىرلە ئۆتتى بۇ ئەزىز ئۆمرۈم مېنىڭ،
غۇسسەئى غەم بىرلە قالدىم ئىستىقامەت مەندە يوق.

نەفسى شەيتاندىن فەناھ بەرگىل خۇدايا، قىل ئامان،
سەن ئۆزۈڭ ئاچقىل يولۇم راھى ھىدايەت مەندە يوق.
پىرى كامىل مۇرشىدىمدىن ئايرىلىپ باغرىم شىكەست،
بۇ سەبەب بىرلە ھوزۇرى دىلدە تائەت مەندە يوق.
يەتتە ئەئزا تەن ئىچىندە جاننى بەرپا ئەيلەدىڭ،
ھەربىرى ھەققىن ئەدا قىلماقغە تاقەت مەندە يوق.
بۇ ئەزىز نىئمەت ئۈچۈن شۈكر ئەيلەمەك لازىم ئىدى،
شۈكرى نىئمەت قىلغالى ياخشى دىيانەت مەندە يوق.
ھەر كىشىكىم ساھىبى نىئمەت ئىسە قىلغاي سەخا،
سەيرى نىئمەت ئىچرە قايىم مەن، سەخاۋەت مەندە يوق.
يەتتە ئەئزا، ئۇستخان كۆز سەھەتلىك نىئمەت. ئىرۇر،
يىمەك - ئىچمەك، سۆزلەمەك لايىق ئىبادەت مەندە يوق.
ئۆمرزايىئ ئەيلەدىم دايىم يىمەك - ئىچمەك بىلەن،
بەندەلىك ئىسمىم بىلە قالدىم ئىبادەت مەندە يوق.
ساغىنۇرمەن دەرگەھىڭغە رۇز - شەب ياشىم تۆكۈپ،
قىلماغىل نەۋمىد مىنى تەۋفىقۇ تائەت مەندە يوق.
ھالىمە بولدى زەبۇن دەردىمغەمەن تاپماي تەبىب،
سەن تەبىبى ھازىقىمسەن دىلدە تائەت مەندە يوق.
دەر گەھىڭغە باش قويۇپمەن قىل مۇناجاتىم قەبۇل،
سەن ئىجابەت قىلماساڭ ساھىب شەفائەت مەندە يوق.
ۋەئدەئى «لاتەقنەتۇ» قۇرئاندە سەن قىلدىڭ خىتاب،
ئەمر بەرجا ئەيلەمەككە ھىچ ئەدالەت مەندە يوق.
ئەي غەرىبى، يىغلاغىل دائىم كۆزۈڭدىن ياش تۆكۈپ،
سەختى دىلدۇرمەن ۋەلەيكىن دىلدە رىققەت مەندە يوق.

*    *

ئاقىل ئىرسەڭ نۇرى ئىمان شۈكرىغە قان يىغلاماق،
ئەي جىگەر بەندى ئەزىز شەب - رۇز نالان يىغلاماق.
قىلماسۇن ھىچكىمنى تەڭرىم نۇرى ئىماندىن جۇدا،
نۇرى ئىماندىن جۇدالىق خەۋفىدە قان يىغلاماق.
راست يولنى بىلدۇرۇپ ئول نۇرى ئىمان شەمئىدىن،
نۇرى ئىمان شەمئىدە گىريانۇ نالان يىغلاماق،
ئۆمرى ئۆتسە ھەر كىشىنىڭ دىن شەرىئەتدە مۇقىم،
باۋۇجۇد ئىھسان ئۇمىددە خۇنى نەيران يىغلاماق،
ئىككى يول جەننەت بىلە دەۋزەخنى ئەيلەپ بەرقەرار،
جەننەت ئىچرە شادلىق دەۋزەخدە سوزان يىغلاماق.
شادلىق جەننەتدەدۇركىم دەۋزەخ ئىچرە غۇسسە - غەم،

غۇسسە ـ غەم قورقۇنجىدىن بىريانۇ گىريان يىغلاماق.
ئەي غەرىبا، يىغلاماقدىن كۆز ياشىڭ ئايرىلماسۇن،
كۆز ياشىڭ ئايرىلماسۇن چۇن ئەبرى باران يىغلاماق.

* *

ئۆلۈمنىڭ ئەلچىسى يەتتى مېنىڭ ئەمدى ئىلاجىم يوق.
بەرادەرزادەلەر كەتتى مېنىڭ نەۋبەت قەرارىم يوق.
مۇسەللەت ئەيلەدى تەڭرىم ئۆلۈمنى بارچە زىيجانغە،
تىرىلمەك، ئۆلمەكۇ تەڭرىمغە خاسدۇر ئىختىيارىم يوق.
خۇدانىڭ ئەمرىغە هېچقايسى مەخلۇق تاپماغاي تەدبىر،
بويۇن سۇنماي ئىگەم تەقدىرىغە هېچ غەمگۇسارىم يوق.
ئۆلۈمنىڭ دەردىغە بائىس بىلەن دەرمان تاپار بولسا،
نەبىلەر كەتمەگەي ئەردى مېنىڭ هېچ چۇن چارىم يوق.
ئۆلۈمنىڭ دەردىغە ئەسلا تەبىبلەر تاپمادى دەرمان،
ئېرۇرمەن مور چەدىن ئاجىز خۇدادىن ئۆزگە يارىم يوق.
قۇتۇلماس هېچ كىشى زالىم ئۆلۈمغە هىلەلەر قىلسە،
غەرىبى، بىكەس غەم ئىچرە قالدىم هېچ فەناهىم يوق.

* *

ئەي يارانلار، ئۇشبۇ دۇنيادىن ئەخىر كەتمەك كېرەك،
نەۋبەتى بىرلە ئاخىر مەرگ شەربەتىن ئىچمەك كېرەك.
ئۇمر كۆرسەڭ نەچچە يىللار بىۋەفا دۇنيا ئېرۇر.
بىهۇدە ئۇمرۇڭ ئۆتەر هەسرەت بىلە كەتمەك كېرەك.
ئاتا ـ ئاناڭ كەتتىلەر نەۋبەت بىلەن يولغە كىرىپ،
يەتكۇسى نەۋبەت ساڭا يول جابدۇغىن قىلماق كېرەك.
نىسفى شەبدە كارۋانلار كەتتىلەر بارچە كۆچۇپ،
هەر مۇرادى مەقسۇدى لايىق ئەدا قىلماق كېرەك.
«كۇللى شەيئىن يەر جۇئۇ» ئايەتدە كەلدىلەر خەبەر،
ئاقىل ئولدۇر مەئنىدىن ئاگاھ بولۇپ تۇرماق كېرەك.
بىۋەفا دۇنيادا قالماس هېچ كىشى دايىم هەيات،
ئاخىرى ئۇمرى ئەزىزىدىن جۇدا بولماق كېرەك.
بەندەلىك بۇدۇر خۇدا ئەمرىنى تۇتماق هەرزەمان،
جانى شىرىن تەندە باردا قۇللۇغىن قىلماق كېرەك.
بۇ ئەمانەت جان بۇ تەندە تۇرمايىن بىر كۇن كېتەر،
زەنۇ فەرزەند بىئەدەد ئاهۇ فىغان قىلماق كېرەك.

پىرى كامىل سۇھبەتىنى ئىزدەگىل ھىممەت بىلەن،
پىر خۇداغە يەتكۈرۈر جاننى پىدا قىلماق كېرەك.
گەر كىشىنىڭ پىرى يوق شەيتان ئاڭا قەسد ئەتكۈسى،
ئاخىرى ئىمان ئەزىزىدىن جۇدا بولماق كېرەك.
ئەي غەرىبا، بىھۇدە سۆزلەر سۆزلۈڭدە يوق مەزە،
بىھۇدە ئۆمرۈڭ ئۆتۈپ كەتتى نېگە تۇرماق كېرەك.

* *

بەھرى زۇلمەت ئىچرە قالدىم رەۋشەنايىم يوق مېنىڭ،
غۇربەت ئىچرە غەمگە تولدۇم ئاشنايىم يوق مېنىڭ.
بەيدە مەن دەپ لاپ ئۇرۇپ قىلغان ئىشىم جۇرمۇ گۇنەھ،
فىسقى ئىسيانغە چۆمۈپمەن سايەبانىم يوق مېنىڭ.
پادىشاھلار پادشاھى سەن ئېرۇرسەن زۇلجەلال،
رەھىم قىل مەن ئاسى قۇلغە پۇشتى پەناھىم يوق مېنىڭ.
قۇدرەتىڭ بىرلە ياراتتىڭ يەتتە قات ئەفلاكنى،
سەنئەتىڭ فىكرىغە دىگەر ھېچ گۇۋاھىم يوق مېنىڭ.
ئاسمانلاردا ئەجايىب زىينەتىڭ ئاراستە،
كۇنھى زاتىڭ ئايتغالى ھېچ قىيلۇ قالىم يوق مېنىڭ.
ئىنسۇجىن دىۋۇ پەرى بارچە مەلەكلەر جابەجا،
زىكرۇ تەسبىھىڭدە قايىمدۇر سەنايىم يوق مېنىڭ.
بەندەلىك شەرتىنى بەرجا قىلمادىم ھەقلىغ بىلە،
خابى غەفلەت ئىچرە ھېچ زىكرى زەبانىم يوق مېنىڭ.
جۇرم ئىسيات بەھرىدە لەب تەشنە ئاچۇ زارمەن،
ئۆتتى بۇ ئۆمرۈم رەۋان ئاھۇفىغانىم يوق مېنىڭ.
ئەي غەرىبا، ئۆتتى ئۆمرۈڭ ساڭا ياتماقدىن نەسۇد،
كارۋان كەتتى رەۋان غەفلەتدە ھالىم يوق مېنىڭ.

* *

تائەتىم مەقبۇل قىل ئارامى جانىم سەن مېنىڭ،
گەر مېنى ئۆلتۈر ۋە يا تىرگۈزكى جانىم سەن مېنىڭ.
ئۆمر بەردىڭ جانۇ تەن ئەئزالارىم سالىم قىلىپ،
ئەۋۋەلۇ ئاخىر ئۆزۈڭ سىررى نىھانىم سەن مېنىڭ.
بولماسا كۆڭلۈمدە يادىڭ ھالەتىم بولغاي خەراب،
رەھىم قىل ھالىمغە باق رازى نىھانىم سەن مېنىڭ.
جىلۋە ئەيلەپ ھەرزەمان ئەفغان بىلە نالان ئولۇپ،

چۇن بۇ يەڭلىغ مەھرەمى سىررى رەۋانىم سەن مېنىڭ.
ئاھ ـ ۋاھ ئەيلەپ كويۇڭدا مەن بولۇپ دىۋانەۋەش،
زىكرىڭ ئايتۇرغە تىلىمدە مېھمانىم سەن مېنىڭ.
تەلبەلەردەك زاھىرۇ باتىن مۇلەۋۋەس ئەيلەبان،
دەربەدەر ئالەم كېزىپ يۇردۇم گۇۋاھىم سەن مېنىڭ.
ئەي غەرىبى، پۇر گۇناھ، ئالەمدە بول ماتەمسەرا،
ئالەمۇل ئەسرار ھەق راھىرەۋانىم سەن مېنىڭ.

*     *

ئەي دىلا غەفلەت بىلە كۆپ ياتماغىل ھۇشيار بول،
تاشلا بۇ غەفلەتنى ھەردەم تالىبى ديدار بول.
سەن خۇداغە بەندە بولساڭ بەندەلىك يولىندا بول،
بەندەلىك يولى بۇدۇر ھەق ئەمرىدە تەييار بول.
زاھىرىڭدە بەندە مەن دەپ لاف ئۇرۇپ سۇرەت نەما،
باتىنىڭدە جۇزم ئىسيان كۆپ ئېرۇر ھوشيار بول.
نەفسى شەيتان يولدىن ئازغۇردى سىنى ۋەسۋاس ئېتىپ،
فىكر قىلغىل باتىنىڭدە ساھىبى ئەسرار بول.
ئەمرى ھەق ئىچرە قەدەم قويغىل شەرىئەت ئىزدەگىل،
چىقماغىل شەرئى نەبىنىڭ يولىدا سەن زار بول.
«فەستەقىم» دەپ ئەمر قىلدى ئول خۇداۋەندى كەرىم،
ئىستىقامەت يولىدا ئەمرىن تۇتۇپ بيدار بول.
ئىستىقامەت بۇكى تاپغىل پىرى كامىل سۇھبەتىن،
زاھىرى باتىنىنى جەمئ ئەيلەپ مۇدام سەييار بول.
ئەژدەھالار باردۇركىم ئۇشبۇ يولدا بىئەدەد،
ئال ياراغىڭنى قولۇڭغە ۋىردى ئىستىغفار بول.
ماسەۋانى تەرك ئېتىپ سەن نەفى ئىسبات قىل غىزا،
تەشنەلەب بولماي ھۇزۇر تابغىلكى بەرخوردار بول.
سەن غەرىبى خابى غەفلەت ئۇيقۇدىن ئويغانمادىڭ،
فىكر قىل ھالىڭنى ئەمدى ئويغانىپ بيدار بول.

*     *

خۇداغە راست ئاشىقسەن كۆزۇڭنىڭ ياشىنى تۆككىل،
تەرىقەت ئىچرە سادىقسەن كۆزۇڭنىڭ ياشىنى تۆككىل.
نىشانى راست ئاشىقلىق ھەمىشە يىغلاماق چۇن ئەبر،
بولۇپ ماتەمسەرا يەڭلىغ كۆزۇڭنىڭ ياشىنى تۆككىل.

كۆزۈڭدىن قەترە ياش تۆكسەڭ گۇناھىڭ كۆيگۇسى خەسدەك،
تازۇپ ساچراپ يانار ئوتدەك كۆزۈڭنىڭ ياشىنى تۆككىل.
ۋۇجۇدۇڭدا ئىبرۇر يەتمىش ھىجاب كۆز ياشىڭە مانىد،
ئەگەر بىر ئاھ دىسەڭ كەتكەي، كۆزۈڭنىڭ ياشىنى تۆككىل.
دىلىڭدە ئاھ تارتىپ يىغلاساڭ تەڭرىم ساڭا باقغاي،
ۋۇجۇدۇڭ لەرزەگە كەلگەي كۆزۈڭنىڭ ياشىنى تۆككىل.
رەسۇلىللاھ ئايدى ھەركىم خۇداغە يىغلاسا قورقۇپ،
ئانىڭ جايى بولۇر جەننەت كۆزۈڭنىڭ ياشىنى تۆككىل.
كۆزۈڭدىن قەترە - قەترە ياش تۆكۇپ ھەر سائەتى يىغلا،
گۇناھىڭ كۆيگۇسى تاڭلا كۆزۈڭنىڭ ياشىنى تۆككىل.
دىلىڭنى سەن رىيادىن خالى ئەيلەپ يىغلاساڭ ناگاھ.
خۇدايىم باقغۇسى ئاگاھ كۆزۈڭنىڭ ياشىنى تۆككىل.
ئەگەر ياشىڭ تۆكۇپ يىغلاپ دىسەڭ بىر مەرتىبە ئەللاھ،
يىتەر يەتمىش جەۋاب لەببەيك، كۆزۈڭنىڭ ياشىنى تۆككىل.
خۇداۋەندىم ساڭا يەتمىش جەۋاب لەببەيك، دەپ ئايتغاي،
ھىسابسىز رەھمەتى ياقغاي كۆزۈڭنىڭ ياشىنى تۆككىل،
غەرىبى، يىغلاغىل شەب - رۇز گۇناھىڭ بىئەدەد سانسىز،
گۇناھ قىلدىڭ كىچە - كۇندۇز كۆزۈڭنىڭ ياشىنى تۆككىل.

* *

ئەي دىلا، سەن ياخشىلارنىڭ سۇھبەتىنى ئىزدەگىل،
ياخشىلارنىڭ سۇھبەتىدىن بىر زەمان ئايرىلماغىل.
ياخشىلارنىڭ سۇھبەتى دۇررى سەئادەتدۇركى بىل،
ھاسىلىدۇر گۇنجى گەۋھەر كىمىيادۇر تىڭلاغىل.
ياخشىلارنىڭ سۇھبەتىدە دەۋلەتىڭ بولغاي زىياد،
بۇ سۆزۈمنى، ئەي ئەزىزىم، جانۇدىلدە ساقلاغىل.
ياخشىلارنىڭ زەيلىغە ئۆزۈڭنى ئال ھىممەت بىلە،
ياخشىلارنىڭ مىھرىنى كۆڭلۈڭ ئۆيىدە ساقلاغىل.
ھەر نەسىھەت ياخشىلاردىن ئاڭلاساڭ قىلغىل قەبۇل،
ئىككى ئالەم بۇ سۆزۈمنى جان دىلىڭدە ساقلاغىل.
سەككىز ئۇجماق ھۇرى غىلمان ياخشىلارغە ئىنتىزار،
ھەق تەئالادىن تىلەر مۇنداغ سەئادەت تىڭلاغىل.
بارچە دەردىڭغە دەۋادۇر ياخشىلارنىڭ سۇھبەتى،
دەردىڭە دەرمان تىلەرسەن ياخشىلارنى ئىزدەگىل.
سەلتەنەت ئەدلى ئەدالەت زىنەتىدۇر ياخشىلىق،
ياخشىلىقدىن سەلتەنەت بەرپا بولۇرلا نەچچە يىل.

شاھى پارس ئۆمرى ئىچرە ياخشىلىقغە جەھد ئېتىپ،
تۆرت مىلك يىل مەملىكەت تۇردى قولىدە نەچچە يىل.
ئەي غەرىبى، پۇرگۇناھ ھەسرەت بىلە دەرماندە سەن،
ياخشى ئالىم سۇھبەتىدىن بىر زەمان ئايرىلماغىل.

* *

مۇئمىنى سادىق ئىسەڭ نەفسىڭدە پىنھان يىغلاغىل،
تەۋبە، دەپ ياشىڭ تۆكۈپ دەريايى ئۇممان يىغلاغىل.
چۈن گۇناھىڭ شۇملۇغىدىن بولدى ھالىڭ سەرنىگۈن،
بەھرى زۇلمەت ئىچرە قالدىڭ خەۋف ئېتىپ قان يىغلاغىل.
باش - ئاياغىڭ شۇم گۇناھىڭ چىرماشىپ بولدى زەبۇن،
تۈن سەھەرلەر ياش تۆكۈپ جۇرمىڭغە پايان يىغلاغىل.
تەۋبە دەپ تۇتغىل ياقاڭنى بولما نەۋمىد ھىچ ۋەقت،
ياد ئېتىپ ئىسيانلارىڭ چاكى گەرىبان يىغلاغىل.
يىغلاغانلار ھەق جەمالىن كۆرگۇسى مەھشەر كۈنى،
كۆز ياشىڭ بولغاي قەبۇل ئاھىڭ بىلە قان يىغلاغىل.
كۆز ياشىڭ ئاقسە رەۋان ھەرقەترەسى گەۋھەر ئېرۇر،
سەھل ئابى بىلمەگىل چەندان پەراۋان يىغلاغىل.
ھەر ئەمەلدە بار رىيا كۆز ياشىدە يوقدۇر رىيا،
جەننەتۇل مەئۋا مەكانىڭ بولغۇسى قان يىغلاغىل.
ئەردىلەر فەخرى جەھان ئىككى جەھانىڭ خاجەسى،
ئۇممەتىم دەپ يىغلادى قوپغىل ئەزىزجان يىغلاغىل.
ھەق رەسۇل ئايدى، كىشى قورقۇپ خۇدادىن تىتلەسە،
سەككىز ئۇجماق ۋەئدە بەردى خەۋفى نەيران يىغلاغىل.
يىغلاغانلار دەۋزەخ ئىچرە كىرسە دەۋزەخ ئۆچكۈسى،
كۆز ياشىڭ دەۋزەخقە قالقاندۇر فەراۋان يىغلاغىل.
كۆز ياشىنى تۆكمەگەنلەر دەۋزەخ ئىچرە سەرنىگۈن،
ئۇقبەلەرنىڭ سانى يوق بىھەددى پايان يىغلاغىل.
ئۇشبۇ سۆزلەر بارچەسى قەۋلى پەيەمبەردۇر بىلىڭ،
تەرجىمە بولدى زەمى قەۋلىغە شادان يىغلاغىل.
ئەي غەرىبا، زار - زار يىغلاپ گۇناھىڭ ياد ئېتىپ،
غەرق ئىسيان ئىچرە قالدىڭ دەردغە دەرمان يىغلاغىل.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

# غەزەللەر

## مۇھەممەد شاھ ھەيرەتى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن

**مۇھەررىردىن:** XIV ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ياشاپ ئىجاد ئەتكەن تالانتلىق ئوسمانلى تۈرك شائىرى مۇھەممەد شاھ ھەيرەتى (مۇھەممەد چەلەبى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.) تۈرك كلاسسىك شائىرلىرى ئىچىدە ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە لىرىك مۇئەللىپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ شېئىرلىرى تۈركىي شېئىرىيەتتە لۇتفى، نەسىمى، ئەلىشىر نەۋائىي قاتارلىقلاردىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن فۇزۇلى، يەھيابېي ئۇسۇلى، خەيالى قاتارلىق ئوسمانلى شائىرلىرى بىلەن بىر قاتاردا پۈتكۈل ئاناتولى تۈرك ئەدەبىياتىدىلا كاتتا شۆھرەتكە ئىگە بولۇپ قالماستىن، بەلكى چاغاتاي تىلىدىكى شەرق - ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىمۇ مۇئەييەن تەسىر قوزغىغان. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىمۇ «ھەيرەتى» تەخەللۇسلۇق شائىر بولغان. ئۇنىڭ بىر قىسىم شېئىر-لىرى ژۇرنىلىمىزنىڭ 1998 - يىللىق 3 - (ئومۇمىي 64 -) ساندا ئېلان قىلىنىدى، يەنە بىر قىسىم شېئىرلىرى يېقىن كەلگۈسىدە جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشكۈسى. بىز بۇ قېتىم تونۇشتۇرۇۋاتقان ھەيرەتى ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىستانبۇل، بىر قىسمىنى رۇمئە-لى قاتارلىق جايلاردا ئۆتكۈزگەن ئاناتولى تۈرك شائىرىدۇر. شائىرنىڭ بۇ شېئىرلىرى ھەيرەتىنىڭ 1981 - يىلى ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان (مۇھەممەت چاۋۇشئوغلى ۋە م. ئەلى تانيەرى نەشرگە تەييارلىغان) «دىۋان» ناملىق توپلىمىدىن تاللاپ ئېلىنىدى. بۇ غەزەللەر ئوسمانلى لەھجىسىدىن چاغاتاي لەھجىسىگە ئۆزگەرتىپ نەشرگە تەييارلاندى. شېئىرلارنىڭ تىل - شېۋىسىنى چاغاتاي لەھجىسىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشتا، شېئىرلارنىڭ ۋەزىن ئالاھىدىلىكىگە نۇقسان يەتكۈزمەسلىككە تىرىشىلدى.

* *

نې ئاتەشۇ بادۇ نې ئابۇ گىل ئىدىم، جانا،
سەن سەرۋى ھەۋا بەخشى، مەن مايىل ئىدىم، جانا.

داغى گىلى فەرھادنىڭ ئولمامىش ئىدى تەخمىر،
مان راھى مەشەققەتدە پا دەرگىل ئىدىم، جانا.
ئالەمدە ھەنۇز ئاتى ياد ئولماستىن ئەڭگۈرنىڭ
خۇمخانەئى ۋەھدەتدە مەن قەندىل ئىدىم، جانا.
لەيلىگە تېخى مەجنۇن ئولمامىس ئىدى مەفتۇن،
مەن ۋادەئى ھەيرەتدە لايەئقىل ئىدىم، جانا.
ئىشق ئەيلەدى ئاۋارە مەن ھەيرەتىنى، يوقسە،
ھەر خىدمەتە جان ئىلە مۇستەئجىل ئىدىم، جانا،

* *

ئەي دېگەن: «ھالىڭ نېدۇر، بىچارە، دىلبەردىن جۇدا؟»
بۇلبۇل ھالى نې بولۇر دەرسەن گۈلى تەردىن جۇدا.
زەررەمەنكىم ئافتابىمدىن ئايىردى روزگار،
بەندەمەنكىم چۇشمىشەم دەرگاھى سەرۋەردىن جۇدا.
كۆزۈمە ئالەم قاراڭغۇ ئولسا تاڭ يوق، دوستلار،
مەردۈمى چەشمىم ئولۇپدۇر دىدەئى تەردىن جۇدا،
خىدمەتىڭدىن بەندەنى رەد ئەتمە، شاھىم، قىل كەرەم،
قەنبەرە لايىق ئەمەستۇر ئولسە ھەيدەردىن جۇدا.
يەر يۈزىنىڭ سەرتە سەر ئەرز ئەتسەلەر سەرۋەرلىگىن،
ھەي مەئازەللاھ، كىبرەكمەس ماڭا بۇ دەردىن جۇدا.
ئۆكسۈك ئولماسۇن باشىمدىن خاكى پاڭ بىر نەفەس،
تاجى دەۋلەتدۇر، ئىلاھى، ئەيلەمە سەردىن جۇدا.
تاڭمۇ بىر كۈن بەندەئى مەقبۇلۇڭ ئولسە ھەيرەتى،
ئەھلى دىللار كۆرمەمىشتۇر دەۋلەتى ئەردىن جۇدا.

* *

ئەي دېگەن: «ھالىڭ نېدۇر ئول شاھى خۇباندىن جۇدا؟»
نېلا دەرسەن بەندەنىڭ ئەھۋالى سۇلتاندىن جۇدا.
بىۋۇجۇدمەن زەررەۋار ئول مېھرى ئالەمتابسىز،
قەدرى يوق بىر مۇرى ناچىزمەن سۇلەيماندىن جۇدا.
كۆزۈمە سەنسىز قاراڭغۇدۇر جەھان، ئەي نۇرى ئەين،
مەردۈمى دىدەمسەن، ئولما چەشمى گىرياندىن جۇدا.
ئىنچىنىپ دىل ۋاز كەلدىم دەر سەنەملەر سۆيگۇدىن،
كۇفرى ئەزبەردىن ئوقۇر ئول نا مۇسۇلماندىن جۇدا.
كەچمەك ئىستەرسەن غەمى جانانەدىن، ئەي ھەيرەتى،
بىر نەفەس ئولتۇرمۇ ئاندىن تەندە جانا ئاندىن جۇدا.

* *

بىر داۋاسىز دەرد ئىمىش ھىجرانىكى، يوق دەرمەن ئاڭا،
بىر ئەجەب ۋادى' ئىمىش فۇرقەتكى، يوق پايان ئاڭا.
ئەھلى دىللاردىن قاچارسەن، ئەھرەمەندۇر ھەمسەرىڭ،
ئەي پەرى پەيكەر، نىچە سەبر ئەيلەسۇن ئىنسان ئاڭا.
يۇلدۇزى يوقدۇر زەۋالى ئاشىقىڭ يانىڭدا ھىچ،
مىھرى ھۇسنۇڭدە زىۋالىن ئەي مەھى تابان ئاڭا،
ئاتەشى ھىجران ئىلە مىڭ داغى باردۇر كۆڭلۈمىڭ،
يىرىدۇر، ئەي لالە، لۇتف ئەيلە كۆڭۈلدىن يان ئاڭا،
بەزمى شادىدە ئىچەرسەن ياتلارلە سەن مۇدام،
ھەيرەتى قالۇر يىراقلاردىن باقىپ ھەيران ئاڭا.

* *

كۆڭلۈمى يىقتىڭ مىنىڭ، ئەي يار، نىتدىم مەن ساڭا،
ئەيلەدىڭ جاندىن مىنى بىزار، نىتدىم مەن ساڭا؟
ئاچچى سۆزلە تاتلى جانىمدىن ئۇساندۇردۇڭ مىنى
سۆزلە، لۇتف ئەت، ئەي شەكەر گۇفتار نىتدىم مەن ساڭا؟
شۇ كەبى يۇز سۇردىلەر غەيرى ئاياغىڭ توزىغە،
توغرا دە، ئەي سەرۋى خۇشرەفتار، نىتدىم مەن ساڭا؟
قولمۇ سۇندۇم دامەنى پاكىڭغە، يوقسە خارۋەش،
ئەي لەبى غۇنچە، يۇزى گۇلزار، نىتدىم مەن ساڭا؟
خاتىر ئىنجۇتمەك ئەجەب مەردۇملۇق ئادەملىكمىدۇر،
ئەي مەلەك مەنزەر، پەرى رۇخسار، نىتدىم مەن ساڭا؟
ھىچ تۇشەرمۇ شەئنىڭە بۇيلە مۇنافىقلىق سىنىڭ،
ئاندىن، ئەييارۇ ئەي تەررار، نىتدىم مەن ساڭا؟
ھەيرەتىمەن، سۆيمەكىمدىن غەيرى بىر ھىچ ۋەجھ ئىلە،
نى سۇچۇم يا نى گۇناھىم بار، نىتدىم مەن ساڭا؟
بىر فەقىرمەن خاتىرىم يىقماق مىنىڭ ئەرلىكمۇدۇر،
يۇق جەھاندا ئەي زەنى بازار، نىتدىم مەن ساڭا؟

* *

كەل، كەل، ئەي بۇلبۇل، بەلا كۇنجىندا ھالداش ئول ماڭا،
ئاشىق ئىسەڭ، كەل، تەرىقى غەمدە يولداش ئول ماڭا،
جان ئىلە شاگىرد ئولۇپ ئۇستازى ئىشققە گۇل كەبى،
كەل، «بەھارىستان» ئوقۇيالىڭ، سەبەقداش ئول ماڭا.

كەل، بارۇ مەيخانەگى ئىشققە قەدەم رەجىدە قىل،
جامى غەم ئىچمەكدە سەن بىر يارى ئەۋاباش ئول ماڭا،
دەۋلەتىندە شاھى ئىشقنىڭ مەن دە غەم سۇلتانىمەن،
ئەي كۆزۈم، ساقتالىغ ئەت، ئەي ئاھ، فەرراش ئول ماڭا،
غەم بەيابانىدا قالدىم يالغۇزۇن، ئەي ھەيرەتى،
ھەي مەدەد، كەل، قايداسەن، يولداشۇ قارداش ئول ماڭا.

* *

ئەرەنلەردىن ئەگەر ئۇلۇرسە ھىممەت،
ئۇلۇر دائى ھەمە ئەئدا نى مىننەت.
نى غەم ياغى ئۇلۇرسە جۇملە ئالەم،
بەلىم سۇلتانىدىن ئۇلۇرسە ئىنايەت.
ئەرەنلەر ئىشكىدە خاك ئۇلغانلارنىڭ
مەلەكلەر ئېتە تۇفراغىنى زىيارەت.
مۇرادقا يەتمەك ئىستەرسەن مۇرىد ئول،
كەتۇر بىر مەرد ئىشكىنە ئىرادەت.
مەدەد سەندىن مەدەدسىز ھەيرەتىگە،
ئەرەنلەر شاھى سۇلتانى مۇرۇۋۋەت.

* *

يەنە جۇش ئەتدى دەريايى مۇھەببەت.
جەھاننى تۇتدى غەۋغايى مۇھەببەت.
كۆتۈرمەدى يەرۇ كۆك بارى ئىشقنى،
كۆڭۈللەر ئۇلدى مەئۋايى مۇھەببەت.
ئەمەس «ئەل - قەلبۇ بەيتۇللاھ» قە لايىق،
كۆڭۈلكىم ئۇلمادى جايى مۇھەببەت.
«سەۋادۇل-ۋەجھ فىد - دارەينى» بىلدىڭ،
باشىڭدە بولسە سەۋدايى مۇھەببەت.
ئەجەب ئۇششاقى، ئەي سۇفىئى زاكىر،
قويارمۇ لادە ئىللايى مۇھەببەت.
بويۇن بەردى چۇ دارى ئىشققە مەنسۇر،
جەھاندە ئۇلدى دارايى مۇھەببەت.
چىقارماغان خەيالى نامى دىلدىن،
نېدۇر بىلمەس مۇئەممايى مۇھەببەت.
دىلا، مەئمۇر ئېتەر مەئنىدە ياپ - ياپ،
سىنى ياقسۇن قو بەنناىي مۇھەببەت.
ئۆلەچەك، ھەيرەتى ھەر ئۇستىخانىڭ،
بولۇر ئالەمدە بىر نايى مۇھەببەت.

* *

دىلبەر ئاياغى توزى باشىڭدە تاج،
بەسدۇر ئەگەر ئارىق ئېسەڭ كۆزۈڭ ئاچ.
بەش كۈن ئۈچۈن بار ئېسەگەر غەيرەتىڭ،
كىمسەگە ئەرز ئەتمە، بېگىم، ئېھتىياج.
چۈن ئۇلار سەر مەنزىلىڭ ئاخىر تۇراب.
مەسكەنىڭ ئۇلمىش تۇتالى تەختى تاج.
فەرجەغە سورار سىنىڭدە روزىگار،
گەر يەتى كىشىۋەر ئالۇرساڭ خەراج،
كەل، ئۈچە تۇت ھىممەتى، ئەي ھەيرەتى،
ئولمە تەتى تەبئ ئولۇپ ئەسفەل - مىزاج.

* *

ئۇتەر غەمزەڭ كۆڭۈل مۇلكىنى تاراج،
ئالۇر جان كىشىۋەرىدىن مىڭلارون باج.
قاشىڭ يايى نىشانى «قابە قەۋسەين»،
ساچىڭ تارى دەلىلى «لەيلى مىئراج».
ئىشىكىڭ مەسنەدى تەختى سەئادەت،
غۇبارى خاكى پايىڭ دۇررە تۇت - تاج.
ھۇزۇرۇم يەگ، جەھان سەرۋەرلەرىندىن،
گەدايى كويى ئىشقەم ئاچۇ موھتاج.
كۆزۈڭ يۇم، ھەيرەتى، ئاقۇ قارادىن،
بۇ فانى نەقشە ئالدانما، كۆزۈڭ ئاچ.

*                *

ئىھيا ئىپتەردى مۇردەلەنى دائىما مەسىھ،
سەن ئۆلتۈرۈرسەن ئادەمى، ھىكمەت نې ئا مەسىھ،
ھەر دەردكە ئەيلەر ئىدى مەسىھا دەۋا، ۋەلې،
بۇ دەردنى كىمسە ئەتمەدى ئىللا ماڭا مەسىھ.
باشىم يۇرەردى كۆن كەبى چاك چەرخى چارەمى،
مەن زەررەگە تەگكەي ئىدى ئەگەر خاكى پا مەسىھ.
دۇشنام ئىلە بولسە نولا مۇردە دىل ھەيات،
ئۆلۈك تىرىلۇر ئىدى ئىپتەچەك دۇئا مەسىھ.
دەۋرى لەبىندە خەت كۆرۈبان دىدى ھەيرەتى،
خىزر ئىلە كەلدى بىر ئاراگە گويىيا مەسىھ.

*                *

ئىسمى ھەسەن، خۇلقى ھەسەن جاناندىن ئايرىلدىم، مەدەد،
قالدى تەكۇ تەنھا بۇ تەن، مەن جاندىن ئايرىلدىم، مەدەد،
غەم - غۇسسە ئەل بىر ئەيلەدى، جانىمغە تەئسىر ئەيلەدى،
پۇكتى بىلىم، پىر ئەيلەدى، ئوغلاندىن ئايرىلدىم، مەدەد.
قالدىم غەمى ھىجران ئىلە، ئەي كۆزلەرىم، قان يىغلا سەن،
قالى گۇزەل كۆزلۈك ھەسەن، مەن ئاندىن ئايرىلدىم، مەدەد.
يەئقۇبدەك گىريان ئىسەم بەيتۇل - ھەزەندە، تاڭ ئەمەس،
ۋا فۇرقەتا، بىر يۇسۇفى كەنئاندىن ئايرىلدىم، مەدەد.
ئەي ھەيرەتى، جان بۇلبۇلى ئارتتۇردى ئاھۇ غۇلغۇلى.
ۋا ھەسرەتا، مەن بىر گۇلى خەنداندىن ئايرىلدىم، مەدەد.

*                *

كۇنجى مىھنەتدە ماڭا غۇسسەۋۇ غەم يار يېتەر،
كۆڭلۈمى ئىكلەمەكە مۇنىسۇ غەمخار يېتەر.
سۇبھىدەك ھەر كېچە كۆز يۇما يۇبان يىغلاماقىم،
ماڭا گەر ئاشىق ئىسەم دەۋلەتى بىدار يېتەر.

بىر ـ ئىككى كۈن بۇ فەنا ئۆيدە ئەگەر ئادەم ئېسەم،
ئىشىكىڭ ئىتلارى يارانى ۋەفادار يېتەر.
بارماغۇم گۈلشەنى گۈلزارى جىنان ئۇلسە ئەگەر،
ماڭا گەھ ـ گاھ تەفەررۈج رۇخى دىلدار يېتەر.
جەننەتى باشلا تەمەئ ئەتمەس ئىنان ھەيرەتىگە،
ئاشىقى سادىق ئىسەڭ گەر، ساڭا دىيدار يېتەر.

*　　　*

ئەھلى ئىشققە كۇفرۇ ئىمان بىر بولۇر،　　باغۇ بوستان بەندى زىندان بىر بولۇر.
ۋەسلۇ ھىجران، دەردۇ دەرمان بىر بولۇر.　　ئاشىقە جەۋرۇ جەفا، مېھرۇ ۋەفا،
مۇلكى ئىشق ئىچدە ھەمە بايۇ گەدا،　　قەھرى جانان، لۇتفۇ ئېھسان بىر بولۇر.
بەندەئى فەرمائۇ سۇلتان بىر بولۇر.　　ھەيرەتى كەبى خەرابات ئەھلىگە،
زۇلفۇ خەددىڭدىن جۇدا ئاشىقلاغە،　　تاقۇ ئەيۋان، كۇنجى ۋەيران بىر بولۇر.

*　　　*

مۇھەببەت بەزمىنىڭ دىل مەنزىلىدۇر،　　دەھاتىمدە دىلىم گويا دىلىدۇر.
مەيى ئىشقىنىڭ خىرەد لايەئقىلىدۇر.　　رەقىبىڭ نې چالار بەزمى بەلادە،
تۆكۇلسۇن دانە ـ دانە ئەشكى چەشمىم،　　كېرەكسە مىڭ گەز ئۆتسۇن جىق قىلىدۇر.
مۇھەببەت مەزرەئىنىڭ ھاسىلىدۇر.　　ئۆلۇم ئاسان ئۇلۇپتۇر ھەيرەتىگە،
تەرىقى غەمدە باشىم بىر جەرەسىدۇر،　　بۇ خەلقۇڭ گەرچە غايەت مۇشكىلىدۇر.

*　　　*

يا رەب، بۇ مۇردە جىسمە يەنە جان قاچان كېلۇر،
يەئنى بەلالىق جانىمە جانان قاچان كېلۇر؟
قۇتقارماغە فەقىرىنى زۇلمى زەمانەدىن،
ئۇل ئەدلۇداد ساھىبى سۇلتان قاچان كېلۇر،
غەمدىيدە دىيدەسىنە بۇ مېھنەتكەشىدەنىڭ،
ئۇل ئىزى توزى كوھلى سەفاھان قاچان كېلۇر.
ئۇلۇپ كوشادە يا دەرى دارۇ شىشىغايى غەيب،
جانۇ كۆڭۇل مەرىزىنە دەرمان قاچان كېلۇر.
جان گۈلشەنىندە ئاچىلىپ، ئەي دىل، گۈلى مۇراد،
مىڭ غۇنج ئىلە ئۇ غۇنچەئى خەندان قاچان كېلۇر،
دىل خانەسى قاچان تولار ئەنۋارى شەۋق ئىلە
جان بەزمىنە ئۇ شەمئى شەبىستان قاچان كېلۇر.

كۆردۈككى ھەيرەتتىئى غەرىبى قاچان گۈزەل،
بىلمەي يۈرۈرمىز بۇ يەرلەگە ياران قاچان كېلۈر.

* *

بىلسەم يەنە جانىمدىن ئايىرغان مېنى كىمدۇر،
كۆز كۆرە رەۋانىمدىن ئايىرغان مېنى كىمدۇر.
قەھر ئىلە سۈرۈپ بىزنى ئەفەندىم ئىشىكىندىن،
زۇلم ئىلە مەكانىمدىن ئايىرغان مېنى كىمدۇر.
بىر بۇلبۇلى خۇش نەغمە ئىكەن ھەممە دەممىدە،
گۈلزارى جەھانىمدىن ئايىرغان مېنى كىمدۇر.
يوق ئېسە ئەگەر خىدمەتى شاھىدە قۇسۇرۇم،
سۇلتانى جەھانىمدىن ئايىرغان مېنى كىمدۇر.
ئوق كەبى ئاتىپ، ھەيرەتىيا، يانە يابانە،
ئول قاشى كەمانىمدىن ئايىرغان مېنى كىمدۇر.

* *

لۇتف ئەت، ئونۇتمە بەندەنى، ھىممەت زاماندۇر،
كىم فەۋت ئولۇر، ئەفەندى، بۇ فۇرسەت زەماندۇر.
كەل، مەن گەدانى ئەيلەمە مەھرۇمۇ نا ئۇمىد،
ھەركەس مۇرادى باردۇر، غەنىمەت زەماندۇر.
دەۋرۇڭدە ئېردى پايەئى ئالىيدە ھەر كىشى،
خارلىقدە قوغلاما بەندەنى رىفئەت زەماندۇر.
ھەڭگامى ئەيشۇ مەۋسۇمى شادى يېتىشتى، كەل،
قاۋما مېنى ئەنادا ئىنايەت زەماندۇر.
تىمار ئەيلە دەردىمە ئەي جان تەبىبىكىم،
بىمار ئولغان كۆڭۈللەگە سىھھەت زەماندۇر.
ئافاق ئىچىندە ھەر كىشى خۇش دىل فەقىرى دە،
قاۋما مەرىزى فاقە ئىغاقەت زەماندۇر.
ئىغماز قىلمە، زەخمىمە مەرھەم مەھەلىدۇر.
ئىھمال ئەتمە خەستەگە شەربەت زەماندۇر.
يوق سەندىن ئۆزگە كىمسە چىغنىم بىر مەدەد سوزىم،
رەھىم ئەيلە دەردمەندىڭە شەفقەت زەماندۇر.
رەد ئەتمە مەنمۇ بەندەئى دەرگە ھىممەن سىنىڭ
چەك سايەئى قەبولغە ھىمايەت زەماندۇر.
مەن نا تەۋاننى ئەسكەرى غەم ئەيلەدى زەبۇن،
ئات سال، مەدەد، كەل ئۈستىمە، جۇرئەت زەماندۇر.

ئۇل دەستىگىر قالدى ئاياقلاردا ھەيرەتى،
شاھىم، ئالىيلىق ئەيلە، مۇرۇۋۋەت زەمانىدۇر.

* *

باھار يېتىشتى جام ئىچمەك كېرەكدۇر،
شەرابى لەئلفام ئىچمەك كېرەكدۇر.
كېچىپ ئاقۇ قاراسىندىن جەھاننىڭ،
ئوتۇرۇپ سۇبھۇ شام ئىچمەك كېرەكدۇر.
ھەلى ئۆكسۈكلۈنۈڭ ئاڭلانماقى بۇ،
بۇ ئەييامى تەمام ئىچمەك كېرەكدۇر.
تىلەرسەنكىم، ئۆلارسەن غەمدىن ئازاد،
مۇدام ئىچمەك، مۇدام ئىچمەك كېرەكدۇر.
بۇ كۆڭلەردە ھەمىشە ھەيرەتىۋار،
ئۇلۇپ رەسۋايى ئام ئىچمەك كېرەكدۇر.

* *

ئۆپۈلسە يار ئىلە يار ئۇلسە دىلبەر،
قۇچۇلسە رامى دىلدار ئۇلسە دىلبەر.
سۆز ئاڭلاماقدا فەتتان ئۇلسە مەھبۇب،
بىراز شوخ ئۇلسە ئەييار ئۇلسە دىلبەر.
نې تىڭلا يىغلاسا، زار ئۇلسا ئاشىق،
ئاچىلسا، كۈلسە، گۈلزار ئۇلسە دىلبەر.
نېدۇر ئاشىقلانىڭ ھالىنى بىلسە،
گۈزەل سۆيسە، دىلئەفگار ئۇلسە دىلبەر.
جەفانى ئاز قىلسە ھەيرەتىگە،
سۆزۈم بۇ كىم ۋەفادار ئۇلسە دىلبەر.

* *

بىر نىھالى تازەدۇر قەددىڭ سېنىڭ، ئەي سەرۋى ناز،
شىيۋەلەردىن مىۋەسى ئۆلسۈك ئەمەسدۇر قىشۇ ياز.
ئەھلى ئىشق ئىچرە نەماز ئۇلماس دەبان تەئن ئەيلەمە،
سوفىيا، سافى دەرىڭ ئىلە نىياز ئۇلۇر نىياز.
زاغى خالىن مىڭ قويۇپ، زۇلفى سىياھىن ئاق ئېتىپ،
كۆڭلۈمىڭ شەھبازىنى سەيد ئەيلەدى بىر ھىيلە بار.
لەبلەرىڭ ئۆپكەنچە ئارتار نەلەۋۇ ئاھىم مېنىڭ،
ساقىيا، مەي مەجلىسىندە ئۆكسۈك ئۇلماس سۆزۈ ساز.
خېلى چەكدىڭ جەۋرىنى يارنىڭ ئەگەرچە ھەيرەتى،
ئۇمرى چاغ ئۇلسۇن ھەلى لۇتفىن داغى كۆردۇڭ بىراز.

* *

ئايرۇ چۇشمەك ياردىن، يولداشلار، دۇشۋار ئىمىش،
گۇشەئى فۇرفەتدە تەنھالىق نە مۇشكىل كار ئىمىش.
دوستلار، بۇ گۈلىستان ئالەمگە سۇرەت بەرگۈچى،
ئۇل لەبى غۇنچە، يۈزى گۈل، سەرۋى خۇشرەفتار ئىمىش.

ئايرىلىق ۋادىسىنە تاياندى باردى راھى ئىشق،
چارە نې چەكمەك كېرەك، ئەي دىل، يولۇڭدا بار ئىمىش.
كەلمەكە ئەھد ئەيلەدى، كەتتى، دەرىغا، كئۇل سەنەم،
ئالدادى مەن ناتەۋاننى، بىلمەدىم ئەييار ئىمىش.
مۇلكى دىلدە ئاتەسىم ئۇستىغە ئاتەشلەر ياقار،
ئوتدە يانسۇن ھەيرەتى ئەشئارى ئاتەشبار ئىمىش.

*            *

سەيرانە چىقتى سىيم بەدەنلەر تەرەف - تەرەف،
سالىندى يەنە سەرۋى چەمەنلەر تەرەف - تەرەف.
بۇلبۇل كەبى ھەر ئەھلى دىل ئەففانە باشلادى،
ئاچىلدى گۇلى غۇنچە دەھەنلەر تەرەف - تەرەف،
بۇلبۇللار ئولدى خارى بەلالاردە مۇبتەلا،
بەزمى سەفادە زاغۇ زەغەنلەر تەرەف - تەرەف.
مەن گۇلىستانغە بارغىچە ئەل سۇندى يەر - يەرىن،
دامانىم ئالدى، تۇندى تىكەنلەر تەرەف - تەرەف.
كۇنجى بەلادە سەنسەن، ئايا ھەيرەتى، ھەمان،
بەزمى سەفادە جۇملە قەلەندەر تەرەف - تەرەف.

*            *

مۇھەببەت مۇلكىنىڭ سۇلتانىدۇر ئىشق،
مۇۋەددەد ئالەمىنىڭ جانىدۇر ئىشق.
كىمى ئۆلتۇرسە بولۇر ئۇمرى سەرمەد،
تەماشا قىل، نې جانلار جانىدۇر ئىشق.
بۇلايىن دەر ئېسەڭ، ئەي، تالىبى ھەق،
ھەقىقەت گەۋھەرىنىڭ كانىدۇر ئىشق.
جەھان ئىشق ئىلە ئولمىشدۇر ئىمارەت،
ھەقىقەت گەنجىنىڭ ۋەيرانىدۇر ئىشق.
نې بىلسۇن، ھەيرەتى، ئىشقنى ھەر ئادەم.
كى ھەقنىڭ لۇتفىدۇر، ئېھسانىدۇر ئىشق.

*            *

ئالەمدە مېھر ئېتۇچى يا بىر مەھپارە يوق،
ئوڭلانماغان باشىمدا مېنىڭ يا ستارە يوق.
مېھرۇ ۋەفانىڭ ئەلدىن ئىشىتمىز ئېتىنى،

ئەلقىسسە، بولدى ئوخشار ئول ھەم بارە - بارە يوق.
قوينۇمدا داغى سىينەدىن ئۆزگە بىر ئۆكسۈزىن،
بىر ئايگە تەڭلەگۈچەك يىنچەك نانپارە يوق.
تۇشتۇك چۇ ئىشىققە، ئەي كۆڭۈل، كۈتمە سەلامەتى،
تالدىك سۇ بەھرىدە كىم ئاڭا قەئرۇ كەنارە يوق.
دىلبەرلەر ئىلە كەندىنىك ئەھۋالىدۇر ھەمە،
دىۋانە ھەيرەتىدە داخى ئاقۇ قارە يوق.

*　　　　*

شۇكىر ئەللاھمەكى ئاشىقلارە ھەمراز ئولدۇق،
مىننەت ئول شاھغەكى بۇلبۇللا رەدەمساز ئولدۇق.
ئۆيمادى مەشرەبىمىز زاھىدى مۇرتازلارغە،
ئەھلى ئىرفانغە يۈيۈپ، رىندى نەزەرباز ئولدۇق.
ئەلى بازار ئىلە كۆردۇككى ئالىشماق كۈچ ئىمىش،
جان بىرىپ دەرد ئالان ئۆكسۈزلەگە ئەنباز ئولدۇق.
چارە ئولماقغە مەدەد ئولمادى چۇن دەردۇ غەمە،
تالىبى بادەئى گۈلگۈنۇ شىپاساز ئولدۇق.
ھەيرەتى يوق ئۆيى بارماسۇ ياراماس ئىتمىز،
چىقماغاي مەيكەدەدىن، مەسجىدە بارماس ئولدۇق.

*　　　　*

مەھبۇبۇ مەيۇ مەۋسۇمى گۈل، يارى مۇۋافىق،
بۇ دەمدە تىلەكدۇر شوكى بىر دەم ئولە ئايىق.
جەۋھەرلەرى بىرلە ياشىمىنىڭ ئىشكىگە كەلدىم،
تاخى نەم ئولا دەرسەن، ئەفەندى، ساڭا لايىق.
ھەجرىڭدە قاچان ئاھ ئىتىبان كۆز ياشى تۆكسەم،
ئاچىنغۇسى كۆڭلەردە مەلەك، يەردە خەلايىق.
سوردۇم لەبىنە رازى دەھانىم دىدى. دىلبەر،
ھىچ كەشف ئولارمۇ قال ئىلە ئەسرارى دەقايىق.
ئەيب ئەيلەمەڭنى ھەيرەتى دىۋانە گەر ئولسە،
ھەم تازە بەھار ئولدى ھەم ئولدى يىڭى ئاشىق.

*　　　　*

رەھنەمايى راھى ھەقدۇر ئىشقى پاك، مەكتەبى تەۋھىددە دىل تىفلىگە،
ئىلمى تەھقىقغە سەبەبدۇر ئىشقى پاك، ھەرنە تەئلىم ئەتسە ھەقدۇر ئىشقى پاك.

ساقىئى كەۋسەر ئىلىندىن ئىچمىش ئول،
بەزمى ھەقدە بىر ئاياقدۇر ئىشقى پاك.
سالىكى راھى خۇدا ئولغانلاغە،
بۇيلە بىر كەسكىن ياراقدۇر. ئىشقى پاك.
ھەيرەتى ئانىڭلە كۆرۇر، ئىشىتۇر،
ئاشىقە كۆزدۇر، قۇلاقدۇر ئىشقى پاك،

* *

مەۋسۇلى ھەقدۇر بىلۇرسەن ئىشقى پاك،
نۇرى مۇتلەقدۇر بىلۇرسەڭ ئىشقى پاك.
ئارىق ئىسەڭ كەسبى ئىشق ئەيلە مۇدام،
ئىلمى مۇتلەقدۇر بىلۇرسەڭ ئىشقى پاك.
نې ئىكەنىن باتىل ئانىڭ ئاڭلاماس،
پەرتەۋى ھەقدۇر بىلۇرسەڭ ئىشقى پاك.
ماجەرايى ماسىۋادىن ئەل يۇيۇپ،
قەلبى ئىرمەقدۇر بىلۇرسەڭ ئىشقى پاك.
جان بىرىپ ئالدىڭ ئىسە دە، ھەيرەتى،
ساڭا ئايلەقدۇر بىلۇرسەن ئىشقى پاك.

* *

مەڭزىتمىش ئۆزىن قامەتى دىلجۇسىنە يارىڭ،
باشىندە قاپاق يىلى ئىسەر داخى چىنارىڭ.
مىڭ تازە ئاچىلمىش گۇلى، بەرمەس دىلى كۆڭلۇم،
بىر داغى غەمىڭ سىينەدە ئول لالە ئۇزارىڭ.
كۆزۇم ياشىنى ئەيلەمە ئەرمەك ئىشىكىڭدىن،
ئاقار سۇ يۇزى، سۇيى دۇرۇر باغۇ بەھارىڭ.
ئەي غەمزەئى مەخمۇرى مەيى نازۇ كەرەشمە،
ئىچ بادە كەبى قانىمى، دەفئ ئەيلە خۇمارىڭ.
ئەي ھەيرەتى، شۇندىن كىرۇ كەل غۇربەتە يۇز تۇت،
تەرك ئەيلەردى يارىڭ سىنى، تەرك ئەيلە دىيارىڭ.

* *

يەنە بىر ئافتابغە تۇشتى كۆڭۈل،
شەھى ئالىي جەنابغە تۇشتى كۆڭۈل.
زۇلفى سەۋداسىغە تولاشىدى يەنە،
ئۇزۇن ئوزاق ھىسابغە تۇشتى كۆڭۈل.
ئاقتى بىر سەرۋ ئاياغىغە سۇ كەبى،
نې ئەجەب ئىزتىرابغە تۇشتى كۆڭۈل.
ئىشق ئوچاغىغە ئاتدى كەندىسىنى،
كۆر، نې نارى ئەزابغە تۇشتى كۆڭۈل.
ھەيرەتى، ھاسىلى خەتا ئەتتىم،
جىق تەرىقى سەۋابغە تۇشتى كۆڭۈل.

* *

دەمىدۇر، ئەي سەبى غەم، روزى ئىيد ئول،
زەماندۇر، كەل، ئەي تالىئ ، سەئىد ئول.
سىيەھ زۇلفى كەبى يېتەر قارارىڭ،
جەبىنى كەبى، ئەي بەختىم، سەپىد ئول.
بىراز بەختىم يۈزىگە ئاب سەپتىڭ،
مەزىد ئول، ئەي كۆزۈم ياشى، مەزىد ئول.
تىلەسەڭ يېتەسەن، ئەي دىل، مۇرادغە،
ئىرىش بىر پىر ئىشىكىغە مۇرىد ئول.
مۇرىد ئولماق كىبرەكسەن پىرى ئىشققە،
كىبرەڭ شىبلى، كىبرەكسە بايەزىد ئول.
سەنەملەر سەۋقىغە دەيرى جەھاندە،
ئەر ئىسەڭ ھەيرەتى كىبى قەلىد ئول.

* *

دوستۇم بىغەيرەتۇ بىئار ئىمىشسەن، ئاڭلادىم،
ھەر ماڭا دېگەنلەرىچە بار ئىمىشسەن، ئاڭلادىم.
يوق ئىمىش شەنىڭدە ئەركەكلىك نىشانى، ھاسىلى،
بىھەمىيەت بىر زەنى بازار ئىمىشسەن، ئاڭلادىم.
ئەللەر ئىمىش ئىسمەتىڭ دامانىنى ھەربىر پەلىد،
يۈزى ئاچىلمىش گۈلى پۈر خار ئىمىشسەن، ئاڭلادىم.
مەن سېنى بىر پاك دامەن، بەك گۈزەل ساناردىم، ئاھ،
باشى تاشىرە سەرۋى خۇشرەفتار ئىمىشسەن، ئاڭلادىم.
ئەي پەرى، مەن سەندە بىر ئادەملىك ئاڭلاردىم، ۋەلې،
ئەھرەمەن مەشرەبلى بەدكىردار ئىمىشسەن، ئاڭلادىم.
مەن سېنى رۇھى مۇسەۋۋەر سانۇر ئىدىم، دوستۇم،
سەن ھامان بىر سۇرەتى دىۋار ئىمىشسەن، ئاڭلادىم.
كەھبى دۇنيا سەندىن ئوگرەنمىش ھەقىقەتسىزلىغىن،
ئەي ۋەفاسىز، خۇش ئەجەب سىھھار ئىمىشسەن، ئاڭلادىم.
بىلمەس ئىدىم بۇيلە چوق - چوق باشلى فەتتان ئەتمەكىڭ،
ھاسىلى تۇررەڭ كەبى تەررار ئىمىشسەن ئاڭلادىم.
گۈل ساناردىم مەن سېنى، سەن خار ئىمىشسەن، دوستۇم،
يار سانار ئېردىم مەگەر ئەغيار ئىمىشسەن، ئاڭلادىم.
پادىشاھىم مەنمۇ سەندىن ۋاز كەچدىم، ئەل چېكىپ،
مەن قۇلۇغدىن چۇنكى سەن بىزار ئىمىشسەن، ئاڭلادىم.
ھەيرەتىگە بىر ۋەفا قىلساڭ، ئېتەرسەن مىڭ جەفا،
دوستلۇق يولىندە ناھەمۋار ئىمىشسەن، ئاڭلادىم.

* *

ماڭا بۇ دەردۇ بۇ ئەلەم بىلسەم نىدىنىدۇر، بىلمەدىم،
بۇ غۇسسەۋۇ ئەندۇھۇغەم بىلسەم نېدىنىدۇر .بىلمەدىم.
كۆڭلۈمدە بۇ ئاتەس نېدۇر، باغرىمدا بۇنچە باش نېدۇر.
كۆزۈمدىن ئاقغان ياش نېدۇر، بىلسەم نېدىنىدۇر، بىلمەدىم.
ئىچىمدە بۇ ئوتۇم نېدۇر، تاشىمدە بۇ دۇدۇم نېدۇر،
ياناماقدا مەقسۇدۇم نېدۇر، بىلسەم نېدىنىدۇر، بىلمەدىم.
ماڭا بۇ ياناماقلار نېدۇر، قانغا بويالماقلار نېدۇر،
تاشىپ بۇلاناماقلار نېدۇر، بىلسەم نېدىنىدۇر، بىلمەدىم.
دىلبەردە بۇ ھۇسنۇ بۇ ئان، ئاشىقدە بۇ ئاھۇ فىغان،
ھەيرەتدەمەنكىم ھەر زەمان، بىلسەم نېدىنىدۇر، بىلمەدىم.
ئاشىقدە بۇ سەۋدا نېدۇر، دىلبەردە ئىستىغنا نېدۇر،
بۇ شورۇ بۇ غەۋغا نېدۇر، بىلسەم نېدىنىدۇر، بىلمەدىم.
دىلبەردە بولغان ھالەتى ئاشىقدەكى كەيفىنيەتى،
ئەي ھەيرەتى، بۇ ھەيرەتى بىلسەم نېدىنىدۇر، بىلمەدىم.

* *

فىراق ئوچاغىغە تۈشتۇم نې چارە، نەيلەيىن،
قوۋماك فەقىرنى تۇتۇستۇم نې چارە، نەيلەيىن؛
ئالىپ ئاياغىمى باشتىن مېنى زەبۇن ئەتتى،
چۇ ئىشق ئىلە تۇتۇشتۇم نې چارە، نەيلەيىن.
بۇ غۇربەت ئەلدە چۇ كۆردۇم ئوڭات بىر ئەگلەنجە،
غەم ئىلە قارداش ئوقۇشتۇم، نې چارە، نەيلەيىن،
نىھالى سەرۋى كۆرۈنچە خەيالى قەددىڭلە،
تۇشۇپ ئاياغقە قۇچۇشتۇم، نې چارە، نەيلەيىن.
بە ھەيرەتى كەلۇ بىر خۇش نەسىھەت ئەتكى ماڭا،
ئەفەندىم ئىلە كۇسۇشتۇم، نې چارە، نەيلەيىن.

# ئەلىشىر نەۋائىينىڭ پوئېتىكىسى

ئىمىن تۇرسۇن

پوئېتىكا — ئىككى قات مەنىلىك ئاتالغۇ: بىر مەنىسى — شېئىرشۇناسلىق، شېئىر يېزىش ئۇسۇلى؛ يەنە بىر مەنىسى — شېئىر تەرزى، شائىرنىڭ ئۇسلۇبى، شېئىرىي مەكتەپ (گۇرۇھ).

مۇتەپەككۇر شائىرنىڭ شېئىرىي ئىجادىيەتلىرىنى ئەنە شۇ ئىككى قات مەنىلىك سۆز بىلەن، يەنى «نەۋائىي پوئېتىكىسى» دەپ ئاتاش ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدۇ. چۈنكى ئىجادىيەت مېتودى (جۈملىدىن دىۋان تۈزۈشتىكى يېڭىلىقلىرى). بەدىئىي ماھارەت (بەدىئىي ئۇسۇل - ۋاستە، بەدىئىي تەسۋىر). بەدىئىي ژانىر، سۆز سەنئىتى ۋە سەنئەت يوللىرى جەھەتلىرىدە، ئەلىشىر نەۋائىي ئەرەب - ئەجەم پوئېتىكىسىنىڭ ئەنئەنىۋى قائىدە - قانۇنلىرىغا ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا، شېئىرىيەتتە ئۆز ئالدىغا مەكتەپ ياراتقان ناۋاتۇر شائىر.

ئىككىنچى تەرەپتىن، كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا پوئېتىك تەسۋىرنىڭ ئۇسۇل ھەم ۋاسىتىلىرىنى ئۆز خەلقىنىڭ مەنىۋى ھاياتىغا ھەم ئۆزىدىن ئىلگىرىكى 500 يىللىق تۈركىي شېئىرىيەتنىڭ باي تەجرىبىلىرىگە ماسلاشتۇرۇپ ئىجادىي قوللانغان ئەمەلىيەتچى شائىر.

ئۈچىنچى تەرەپتىن، كلاسسىك ئەرەب - ئەجەم شېئىرىيىتىدە ئىشلەنگەن نەزەرىيىلەرنى تەتقىق قىلىپ، تۈركىي شېئىرىيەت تەجرىبىلىرى ئاساسىدا، تۈركىي - مىللىي شېئىرىيەت نەزەرىيىسىنى ئىشلەپ چىققان نەزەرىيىچى شائىر.

بۇلاردىنمۇ مۇھىمى شۇكى، ئەلىشىر نەۋائىي ئۆز ئانا تىلىنىڭ بايلىق قۇدرىتى ۋە پاساھەتلىك ئىقتىدارى، ئېستېتىك خاسىيەتلىرىنى ئەرەب - ئەجەم تىللىرىنىڭ ئىمتىيازى ئالدىدا نامايىش قىلىپ، ئۆز ئانا تىلىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە گۈللىنىشى ئۈچۈن ئۆمۈر بويى قاتتىق كۈرەش قىلغان ۋەتەنپەرۋەر شائىر.

ئەلىشىر نەۋائىي — XV ئەسىردىكى مىللىي شېئىرىيەتنى بەدىئىي جەھەتتىن ئەڭ يۇكسەك پەللىگە كۆتۈرۈشتە ژانىر جەھەتتىن بېيىتقان. ۋەزىن جەھەتتىن سىستېملاشتۇرغان. سەنئەت يوللىرىنى شاخلاندۇرغان. بولۇپمۇ تېماتىكىلىق دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئاكتۇئال ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ئەكس ئەتتۇرۇپ، شېئىرىيەتنىڭ غايىۋى دەرىجىسىنى يۇكسەلدۇرگەن ۋە رېئال ئەھمىيىتىنى گەۋدىلەندۇرگەن. شۇڭا، بۇ شائىرنى XV ئەسىر مىللىي شېئىرىيەتنىڭ بايراقدارى دەيمىز.

دېمەك، نەۋائىينىڭ پوئېتىكىسىنى، بولۇپمۇ ئۆز ئىجادىي ئەمەلىيىتىگە تەتبىق قىلغان سەنئەت يوللىرىنى ۋە سەنئەتكارلىق ماھارىتىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن، نەۋائىي ئىجادىيىتىنى تەتقىق قىلىش بۈگۈنكى شېئىرىي ئىجادىيىتىمىز ئۈچۈنمۇ رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئەلىشىر نەۋائىينىڭ پوئېتىكىسىنى تەتقىق قىلىش ساھەسىدە، ئۆزبېك ئەدىبلىرى كۆز-

گە كۆرۈنەرلىك ئالاھىدە نەتىجىلەرنى ياراتتى؛ ئۇلاردىن كۆپلەپ نەۋائىيشۇناسلار يېتىشىپ چىقتى. خاس نەۋائىينىڭ پوئېتىكىسىنى تەتقىق قىلغان ئەمبلەردىن. مەسىلەن، ھەمىد سۇلايمانوف («ئەلىشىر نەۋائىي لىرىكىسى ھەققىدىكى تېكىستولوگىيىلىك تەتقىقات»)، مەقسۇد شەيخزادە («نەۋائىينىڭ لىرىك قەھرىمانلىرى ھەققىدە»)، ئا. ھەيتمەتوف («نەۋائىي لىرىكىسى»)، ياقۇبجان ئىسھاقوف («نەۋائىي پوئېتىكىسى») ۋە باشقىلار. بۇ ئەدىبلەر نەۋائىيشۇناسلىق تەتقىقاتىدا ياخشى ئۆرنەكلەر ياراتقان ۋە نەۋائىينىڭ لىرىك ئىجادىيىتىنىڭ ئۆزگىچىلىكلىرىنى ئەتراپلىق ئۆگىنىپ روشەن كۆرسىتىپ بەرگەن. بىز نەۋائىي پوئېتىكىسىنى تەتقىق قىلىشتا ئۇلارنىڭ تەجرىبىلىرى ۋە ئەمگەك نەتىجىلىرىدىن مۇۋاپىق پايدىلاندۇق.

## 1. نەۋائىينىڭ دىۋان تۈزۈشتىكى نەۋاتۇرلۇقى

بۇ مەسىلە، ئالدى بىلەن، نەۋائىينىڭ دىۋان تۈزۈشتىكى يېڭى - ئىجادىي ئۇسۇلىنى تەھلىل قىلىش بىلەن ئايدىڭلىشىدۇ.

نەۋائىينىڭ دىۋانلىرى تۈزۈلمە - قۇرۇلما جەھەتتىن ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە. ئەلىشىر نەۋائىي: «نەچچە نەۋئى ئىشكىم مۇندا مەرئى بولۇپتۇر (كۆزگە چېلىقىدۇ)، ئۆزگە دىۋاندا كۆرۈلمەيدۇ. ئول بۇ دۇركىم — » دەپ، تۆۋەندىكىچە خۇسۇسىيەتلەرنى كۆرسەتكەن:

بىرىنچىسى، تۈركىي شائىرلار تۈركىي تىلغا خاس بولغان «تۆرت ھەرپكە تەئەررۇز قىلىنمايدۇرلار»؛ «بۇ جەھەتتىن ئول تۆرت ھەرپ جەۋھەرىدىن داغى ئۆزگە ھۇرۇف جەۋھەرى سىلكىگە تارتىپ (قاتارغا كىرگۈزۈپ)، غەزەلىياتنى ئوتتۇز ئىككى ھەرپ تەرتىپى بىلەن مۇرەتتەب قىلىندى».

XIV XV ئەسىرلەردە، ئىلىم ۋە ئەدەبىيات ساھەسىدىكىلەر يېزىقتا ئەرەب ئېلىپبەسىنىلا ئىشلىتەتتى. ئەرەب ئېلىپبەسى 28 ھەرپتىن ئىبارەت ئىدى.

ا ب ت ج ح خ د ر

ز س ش ص ض ط ظ ع غ

ف ق ك ل م ن و ھ ى

پەقەت فارسىي تىلدا يازغۇچىلار ئۆز تىللىرىدىكى سۆزلەرنى مەنە پەرقلەندۇرۇش ئېھتىياجىدىن، پارس فونېتىكىسىغا خاس بەزى فونېمىلارنى (چ ژ گ پ) ئىشلىتىپ قوياتتى. ئەمما، ئەرەب - ئەجەم ياكى تۈركىي تىللاردا دىۋان تۈزگۈچىلەر يەنىلا شۇ 28 ھەرپكە ئاساسلىناتتى. تۈركىي ياكى فاسىي شائىرلارمۇ «ب» ۋە «پ» تاۋۇشلىرى ئۈچۈن بىرلا «ب» ھەرپىنى نەپەسلىك ياكى نەپەسسىز تەلەپپۇز قىلاتتى. نەۋائىي 28 ھەرپكە 4 ھەرپنى قوشۇپ 32 ھەرپ تەرتىپى بويىچە، دىۋانىنى تۈزۈپ چىققان. ھەتتا مۇرەككەپ ھەرپ بولغان «لا» (لام ئەلىف) كىمۇ بىرقانچە غەزەل يازغان.

ئىككىنچى خۇسۇسىيەت شۇكى، نەۋائىينىڭ ئۆز سۆزى بىلەن ئېيتقاندا: «. . . ھەر ھەرف غەزەلىياتىنىڭ ئەۋۋەلقى غەزىلىنى يا تەڭرىتائالا ھەمدى بىلە مۇفەتتەھ، يا بىر مەۋئىزە (ۋەز - نەسىھەت) بىلەكىم، بۇ ئىككى ئىشتىن بىرىگە لال بولغاي، مۇۋەززەھ قىلىندى (روشەنلەشتۈرۈلدى)».

قايسىلا ھەرپ تۈركۈمىگە كىرگۈزۈلگەن غەزەللەرنىڭ بولسۇن، بىرىنچى غەزەل تەڭرى ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىنى مەدھىيىلەشكە بېغىشلانغان ۋە شۇنىڭدەك ئۈگۈت - نەسىھەت مەزمۇنىدا يېزىلغان. بۇ ئىككى خىل مەزمۇندىن ھېچقايسىسى نەزەردىن ساقىت قىلىنمىغان.

ئۈچىنچى خۇسۇسىيەت شۇكى، نەۋائىينىڭ سۆزى بىلەن: «. . . بۇ دىۋاندا، ھەمد ۋە نەئت ۋە مەۋئىزەدىن باشقا، ھەر شورەنگىز (غوۋغا پەيدا قىلغۇچى) غەزەلدىنكىم، ئىستىمائى مەھۋەشلەرگە مۇجىبى سەركەشلىك (قۇلاققا ئىشتىلگەن ئايدەك گۈزەللەرگە بويۇنتاۋلىق قىلىشى ئۈچۈن سەۋەبچى) ۋە غەمكەشلەردە مۇجىبى مۇشەۋۋەشلىك (كۆڭلىگە پەرىشانلىق) بولغاي؛ بىرەر - ئىككىرەر نەسىھەتئارا ۋە مەۋئىزەتئاسا بەيت ئىرتىكاب قىلىندى (بىر - ئىككىدىن نەسىھەت تەرزىدىكى ۋە ئۈگۈت - ۋەز كەبى بەيتلەر يېزىشقا كىرىشىلدى)».

يەنى، نەۋائىينىڭ بۇ سۆزىگە قارىغاندا، غەزەللەرنىڭ تېمىلىرى ۋە مەزمۇنلىرى ئۇ زاماندا ھەممە ئەدىب - مۇسەننىفلەرگە ئەسەرنى تەڭرى ۋە رەسۇل توغرىسىدا سانا - مەدھىيەلەر بىلەن باشلاش ئەندىزى مودا ئىدى. دىنىي ئەقىدە بويىچە شۇنداق قىلىش زۆرۈر ئىدى. نەۋائىي شېئىرىي ئەسەرلىرىنى يۇقىرىدا ئېيتىلغان كىرىشمىدىن باشقا، يار، ئىشق، ئەخلاق-پەزىلەت، ئادەمگەرچىلىك قاتارلىق تېمىلاردا يازغانلىقىنى بايان قىلغان.

تۆتىنچى خۇسۇسىيەت شۇكى، نەۋائىيغىچە تۈزۈلگەن دىۋانلاردا (جۈملىدىن نەۋائىينىڭ دەسلەپكى دىۋانلىرىدىمۇ) غەزەل ۋە قىتئەلەرگە ماۋزۇ قويۇلمايتتى. نەۋائىي لىرىكىلىق مىراسلىرىنىڭ تولۇق دېگۈدەك مۇجەسسىمى بولغان «خەزايىنۇل مەئانى» دىۋانىدا، ھەربىر ھەرپ ئۈچۈن تۈزۈلگەن غەزەل ۋە قىتئەلەرگە، ئۇلارنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىشكە ياردەم بېرىدىغان ئايرىم - ئايرىم ماۋزۇ قويۇلغان. مەسىلەن:

«فەۋايىدۇل كىبەر» دىۋانىدا، «ئەلىف» قاپىيىسى بىلەن تۈزۈلگەن غەزەللەرنىڭ باشلىنىشىغا «ئەلىف ھەرپىنىڭ ئافەتلىرىنىڭ ئىبتىداسى فەۋايىدىدىن»، «ج ھەرپىنىڭ جەمىلەلىرىنىڭ جىلۋەسى فەۋايىدىن»، «م ھەرپىنىڭ مەھبۇبلارنىڭ مەلاھەتى فەۋايىدىدىن» دېگەندەك.

قىتئەلەرگە: «ئول بابدەكىم، غەلەت قىلۇر، ئۇلكى، ھۆسن ئەھلىدىن ۋەفا تەمەئ ئەتكەيكى، جىنسى بەشەردە ۋەفا يوقتۇر، تا خۇبلەرغە نە يەتكەي»؛ «سىياسەتلىغ ھاكىمنىڭ ئېھتىسابىدا (ھېساب ئېلىشىدا) ۋە كۆپ قانىن تۆكەردىن قەتلى بېھېسابىدا»؛ «پەھلەۋانىيئەتنىڭ سۇلتانىي خانىقاھ خادىملىق تەمەنناسى ۋە ئاش ھەۋاسىدا پىشۇرغان خام سەۋداسى»؛ «بىراۋ بابىدە كىم، بۇ سارايىن ساتىپ فىسق ئەسبابى تۈزدى ۋە بۇفىسق ئەسبابى بىلەن ئول سارايىن بۇزدى» دېگەندەك.

بەشىنچى خۇسۇسىيەت شۇكى، نەۋائىي ئۆز دىۋانىنىڭ قۇرۇلمىسى، شېئىرىي ئەسەرلىرىنىڭ تەرتىپلىنىشى ۋە بۆلارنىڭ مەزمۇن بىلەن باغلىنىشى توغرىسىدا «دىباچە» (كىرىش سۆز) يازغان. «دىباچە» دە يەنە، ئەدەبىي ئىبجادىيەتكە دائىر بەزى نەزەرىيۋى ھەم ئەمەلىي مەسىلىلەر توغرىسىدا ئۆز كۆز قاراشلىرىنى بايان قىلغان. مەسىلەن، «بەدايىئۇل بىدايە» دىۋانىغا يازغان دېباچەسىدە نەۋائىي مۇنداق دەيدۇ: «يەنە بىرى بۇكىم، گويا بەئزى ئەل ئەشئار تەھسىلىدىن ۋە دەۋايىن (دىۋانلار) تەكمىلىدىن غەرەز مەجازىي ھۆسن تەۋسىفى ۋە مەقسۇدى زاھىرىي خەتتۇخال تەئرىفىدىن ئۆزگە نېمە ئاڭلامايدۇرلار. دىۋان تاپىلغايكىم، ئاندا مەۋئىز ئەنگىز بىر بەيت بولماغاي، مۇنداق دىۋان بىتىلسە، خۇد ئەسرۇ بىھۇدە زەخمەت ۋە زايىئ مۇشەققەت تارتىلغان بولغاي.»

## 2. نەۋائىينىڭ لىرىكىلىق ژانىرلىرى

نەۋائىي كلاسسىك شېئىرىيەتتىكى ھەممە ژانىرلارنى دېگۈدەك ئىشلىتىپ، نۇرغۇن

لىرىكىلىق ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلغان. ئەمما، نەۋائىي بۇ ژانىرلارنى خالىغانچە ئىشلىتىۋەرمەگەن، خۇددى لىرىك ژانىر بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ مەلۇم تەرەققىيات دەۋرلىرىدە ۋە بىرەر شائىرنىڭ ئىجادىيەت ھاياتىنىڭ مەلۇم مەزگىللىرىدە پەيدا بولغىنىدەك، نەۋائىيمۇ ئۆز ھاياتىنىڭ مەلۇم مەزگىللىرىدە دۇچ كەلگەن بىرەر مەسىلە توغرىسىدا پىكىر - تەسەۋۋۇرلىرىنى ئىپادىلىمەكچى بولغىنىدا، شۇ پىكىرنى ئىپادىلەشكە باپ كېلىدىغان بىرەر ژانىرنى تاللىغان. چۈنكى، لىرىكىلىق ژانىر مەلۇم بىر ئاڭ - پىكىرنى ئىپادىلەش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان بەدىئىي ۋاستە.

نەۋائىي ھەربىر پىكىرگە باپ كېلىدىغان ژانىرنى تاللاش بىلەن بىللە، شۇ ژانىردا يېزىلىدىغان شېئىر ھەجمىنىمۇ ئاساسىي مەقسىتىنى ئىپادىلەشكە ماس كەلتۈرۈپ بەلگىلىگەن. يەنى، نەۋائىي مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن. بۇ توغرىدا، نەۋائىي «دىباچە» دە مۇنداق دېگەن:

«ئول جىھەتتىن سەئيى قىلىندىكىم، ھەر مەزمۇندا مەتلەئ ۋاقىئ بولسا، ئەكسەر ئانداق بولغايكىم، مەقتەئغىچە سۈرەت ھەيسىيەتىدىن مۇۋاپىق ۋە مەئنى جانىبىدىن مۇتابىق تۈشكەي.»

نەۋائىينىڭ تۈرلۈك ژانىردا يېزىلغان ھەممە لىرىكىلىق شېئىرلىرىنى ئوقۇساق، شېئىر (يەنە شۇنىڭدىمۇ غايە پىكىرنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ مەلۇم بېيىتلار) بىلەن ئىپادىلىنىدىغان مەقسەت ئۈچۈن، ئاۋۋال تەپەككۇرىدا (مەتلەئ» ھاسىل بولغاندىن كېيىن، شۇ مەتلەئنى ئىپادىلەيدىغان شېئىر شەكلىنى (جۈملىدىن ۋەزىن، قاپىيىلىرىنى) تاللىۋېلىپ، تاكى مەقتەئغىچە شۇ شەكلىنى ئىزچىللاشتۇرغان، يەنە كېلىپ، بىرەر مەقسەتنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، شېئىردا تەسۋىرنىڭ قايسى ۋاستىسىنى قوللىنىش كېرەكلىكى بىلەن ھېسابلاشقان. ئاندىن، مىسرالارنىڭ مەنتىقىي باغلىنىشلىقى، ئىزچىللىقىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن.

مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ مۇناسىۋىتىگە دائىر، ئۆزگە شائىرلارنىڭ دىۋانلىرى توغرىسىدا، نەۋائىي مۇنداق پىكىر يۈرگۈزگەن: «. . . سايىر دەۋايىندا رەسمىي غەزەل ئۇسلۇبىدىنكىم شايىئ تۈرۈر، تەجاۋۇز قىلىپ، مەخسۇس نەۋئلەردە سۆز ئەرۇسىنىڭ جىلۋەسىگە نەمايىش ۋە جەمالىغە ئارايىش بەرمەيدۇرلار. ۋەگەر ئەھيانە مەتلەئى مەخسۇس نەۋئدە ۋاقىئ بولسا، ھەمۇل مەتلەئ بىلە ئىتمام خىلئەتىن ۋە ئەنجام كىسۋەتىن كىيدۈرمەيدۇرلار. بەلكى تۈگەگۈنچە ئەگەر بىر بەيت مەزمۇنى ۋىسال بەھارىدا گۈلئارايلىق قىلسا، يەنە بىرى فىراق خەزانىدا خارنەمايلىق قىلىپدۇرۇر. بۇ سۈرەت داغى مۇناسىبەتىدىن يىراق ۋە مۇلايىمەتىدىن قىراق كۆرۈندى.»

نەۋائىينىڭ بۇ نۇقتىئىنەزەرىدىن شۇنى چۈشىنىش مۇمكىنكى، ئۆز زامانىدا ژانىرلار پوئېتىكىسىغا دائىر رەسمىيەت بولۇپ قالغان قائىدە ۋە ئەنئەنىلەرگە نەۋائىي تەنقىدىي قارىغان- دە، ژانىرلار جەھەتتىنمۇ نەۋاتۇرلۇق ياراتقان.

ئۆزبېك نەۋائىيشۇناسلىرىدىن ياقۇبجان ئىسھاقوف ژانىرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا، رۇس ئەدەبىياتشۇناسلىرىدىن م. ب. خراپچېنكونىڭ پىكرىنى قۇۋۋەتلەپ، شۇنداق دەيدۇ: «ئەينى زاماندا ژانىرلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى بەلگىلەيدىغان مىزاننىڭ ئۆزىمۇ ھەربىر دەۋر ئېستېتىك تەسەۋۋۇرىنىڭ ئومۇمىي دەرىجىسى بىلەن باغلىق ھالدا ئۆزگىرىپ بارىدۇ. ئومۇمەن يېڭى تارىخىي باسقۇچتا ئومۇمىي ئېستېتىك تەسەۋۋۇرنىڭ خاراكتېرى بىلەن باغلىق ھالدا، ژانىرلار سىستېمىسىدىمۇ ئۆزگىچە خاس سۈپەت ئۆزگىرىشلىرى بولىدۇ. مەسىلەن، نەۋائىيغىچە بولغان لىرىكىدا ئابستراكت - رومانتىك تەسۋىر ئاساسىي ئورۇن تۇتۇپ، ئىپىك ئەسەرلەردە ئەپسانىۋى روھ يېتەكچىلىك قىلسا، نەۋائىي ئەسەرلىرىدە كونكرېت دېتاللار،

رېئال ھاياتىي مەسىلىلەر، رېئال ھېس - تۇيغۇلار مۇھىم ئورۇن تۇتقان.» شۇنىڭدەك تۈركىي ئەدەبىياتتا نەۋائىي ژانىرلارنى راۋاجلاندۇرغانلىقى ۋە تاكامۇللاشتۇرغانلىقىنى تەكىتلەپ، نەۋائىينىڭ ژانىر جەھەتتىكى ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرىنى بىرقانچە ماددا بىلەن يىغىنچاقلاپ بەرگەن. بۇنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرى تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچىدىن، نەۋائىي لىرىك ژانىرلارنىڭ تەسۋىرىي پرىنسىپلىرىنى كېڭەيتكەن. يەنى، ژانىرنىڭ تەۋسىپىي، تەسۋىرىي، مۇلاھىزەۋى ۋە بۇلارنىڭ بىرىكمىلىرىدىن ھاسىل بولغان ئارىلاشما تىپلىرىنى كەڭ قوللانغان؛ بەدىئىي تەسۋىر ۋاسىتىلىرىنىڭ — شېئىرىي ماتېرىيال، بەدىئىي سەنئەت يوللىرىنىڭ ئىنچىكە تەرەپلىرىنى بىلىپ ئىشلەتكەن.

ئىككىنچىدىن، شېئىردا سۈژېتلىق تەسۋىرنى كۆپ قوللانغان.

نەۋائىي لىرىكىسىدا ۋۇجۇدقا كەلگەن مەزكۇر ئىككى خۇسۇسىيەت سەۋەبىدىن، لىرىك ژانىرلارنىڭ سېمانتىكىلىق قۇرۇلمىسىدا چوڭ ئۆزگىرىش يۈز بەرگەن.

ئۈچىنچىدىن، نەۋائىينىڭ لىرىك ژانىرلىرى شۇ چاغقىچە كەم ئىشلىتىلگەن ياكى يېڭىلىق بولغان ۋەزنلەرنىڭ تۈركىي شېئىرىيەتكە كىرىشىگە ۋاستە بولغان.

نەۋائىينىڭ «خەزايىنۇل مەئانى» («چاردىۋان») غا كىرگۈزۈلگەن 3132 شېئىر 16 خىل ژانىرغا مەنسۇپ، بۇ ژانىرلار — غەزەل، رۇبائىي، قىتئە، ساقىينامە، مۇستەھزاد، مۇخەممەس، مۇسەددەس، مۇسەممەن، تەرجىئبەند، تەركىببەند، قەسىدە، مەسنەۋى، مۇئەمما، لۇغز (تېپىشماق)، تۇيۇق، فەرد.

بىز بۇ ژانىرلاردىن بىرقانچىسىنى نۇقتىلىق تونۇشتۇرىمىز.

## غەزەل

ئەدەبىيات نەزەرىيىسىگە دائىر كىتابلاردا يېزىلىشىچە: «ئاساسەن ئەرۇزدە يېزىلىشى، بىرىنچى بېيىتنىڭ ئۆزئارا قاپىيىلىنىپ «مەتلەئ»، ئاخىرقى بېيىتنىڭ «مەقتەئ» دەپ ئاتىلىپ، كۆپىنچە مەقتەئدە شائىرنىڭ نامى ياكى تەخەللۇسىنىڭ قەيت قىلىنىشى، مەتلەئ بىلەن مەقتەئ ئارىلىقىدىكى جۈپ مىسرالارنىڭ قاپىيىلىنىپ (مەتلەئتىكى قاپىيە ئىزچىللىشىپ) كېلىشى، ئۈچ بېيىتتىن كەم ۋە ئون توققۇز بېيىتتىن زىيادە بولماسلىقى — غەزەل كومپوزىتسىيىسىنىڭ بەلگىلىرى.»

نەۋائىينىڭ غەزەللىرى كۆپىنچە 7 ـ 13 بېيىت قىلىنىپ يېزىلغان، يەنى مەلۇم دەرىجىدە ئەنئەنىۋى قىلىپ ساقلانغان. بۇ ھەقتە نەۋائىي مۇنداق يازغان:

نەۋائىي شېئىرى توققۇز بەيتۇ ئو بىر بەيتۇ ئون ئۈچ بەيت
كى لەۋھە ئۈزرە قەلەم زىينەت بېرۇر ئول دۇررى مەكنۇندىن.
بۇ كىم ئەلبەتتە. يەتتى بەيتدىن ئۆكسۈك ئەمەس، يەئنى
تەنەززۇل ئەيلە ئالماس رۇتبە ئىچرە يەتتى گەردۇندىن.
(«بەدايىئۇل - ۋەسەت»)

نەۋائىينىڭ «بەدايىئۇل بىدايە» گە يازغان «دىباچە» سىدە غەزەلنىڭ قۇرۇلمىسى توغرىسىدىكى پىكرىنى مۇنداق چۈشىنىش مۇمكىن. بىرەر مەزمۇنغا بېغىشلانغان مەتلەئ (شېئىرنىڭ باشلانمىسى يەنى دەسلەپكى ئىككى مىسراسى) پەيدا بولسا (ئىلھام بولۇپ كەلسە)، شۇ

مەزمۇن شېئىرنىڭ مەقتەئىغىچە (ئەڭ ئاخىرقى ئىككى مىسراسىغىچە) تەسۋىرنىڭ خۇسۇسى- يەتلىرىگە مۇۋاپىق بولۇش ۋە مەنىنى ئېنىق ئاڭلىتىش جەھەتتىن مىسرالار بىر - بىرىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك.

مەتلەئ — چىقىش، كۈننىڭ چىقىشى، كۆچمە مەنىسى: شېئىردا باشلانما، مەقتەئ — تۈگەش، ئاخىرلىشىش، كۆچمە مەنىسى: شېئىردا تۈگەنچە.

غەزەل قۇرۇلما جەھەتتە مەتلەئدىن مەقتەئىغىچە بېيىتلىرى مەنەن - مەنتىقي ئىزچىل ۋە بىر خىل قاپىيىلىك بولۇشى كېرەك. شۇنىڭدەك، نەۋائىي غەزەللىرىدە ئاخىرقى بېيىت (مەقتەئدىن ئالدىنقى بېيىت) كۆپىنچە لىرىك چېكىنىش سۈپىتىدە كېلىدۇ. قارىماققا، مۇنداق بېيىتلار ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل تەرزدە، قىستۇرما بولۇپ كېلىدۇ. بۇ — نەۋائىي لىرىكىسىغا خاس بەدىئىي ئۇسۇللاردىن بىرى.

نەۋائىينىڭ كۆپچىلىك غەزەللىرى كومپوزىتسىيە جەھەتتە ئىزچىل. بىر غەزەلدە مەلۇم بىر تېمىنى ئاساس قىلغان - دە، شۇ تېمىنى ئەتراپلىق يورۇتۇپ بېرىشكە ئەھمىيەت بەرگەن. بىرىنچى بېيىتتا ئېيتىلغان پىكىر كېيىنكى بېيىتلاردا راۋاجلاندۇرۇلغان. يەنى، مەتلەئ بىلەن مەقتەئ ئارىلىقىدىكى بېيىتلار پۈتۈن غەزەلنىڭ ئىسپاتى ھېسابلىنىدىغان شەرھدۇر. دېمەك، غەزەلنىڭ كومپوزىتسىيىسى مەزمۇن ۋە شائىرنىڭ مەقسىتىگە باغلىق بولغان؛ ئاندىن، ھەربىر بېيىت تەسۋىري بايان قائىدىسىگە مۇۋاپىق ئۆز ئاھاڭىغا — ئىنتونatsىيىگە ئىگە.

غەزەلدە ۋاقىئە شائىرنىڭ سۇبيېكتىپ كەيپىيات - كەچۈرمىشلىرى بىلەن يېشىلىدۇ. شۇڭا، غەزەلدە ئەسەرنىڭ باش قەھرىمانى شائىرنىڭ ئۆزىدۇر. بۇ لىرىك قەھرىمانغا باغلىق بولغان بىرەر ھاياتىي ياكى خىيالىي ۋەقە ۋە ياكى كەچۈرمىشلەر بەزىدە نازۇك دېتاللار — ئىنچىكە ئېپىزوتلار، تەسۋىري پىريوملار بىلەن بىللە ئىپادىلەنگەن - دە، خاس پوئېتىك سۇژىت ۋۇجۇدقا كەلگەن. نەۋائىي ئىجادىيىتىگە توغرا باھا بەرگەن ز. م. بابۇر ئەرۇز توغرىسىدىكى ئەسىرىدە: «باشتىن ئاياغ بۇ غەزەلدە بىر ھېكايەت مەنزۇم بولۇپتۇر» دەيدۇ. دېمەك، نەۋائىينىڭ ھەربىر غەزىلى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل - پۈتۈن ئەسەر ۋە ئۆزىگە خاس سېمانتىكىلىق قۇرۇلمىغا ئىگە.

نەۋائىينىڭ غەزەللىرىنى تەئرىف، تەۋسىف. مەدھ، شەرھى - ھال (ئىزھار) ۋە ھېكايەت (سۇژىتلىق) تەسۋىري دېگەن تىپلارغا بۆلۈش مۇمكىن. غەزەلنىڭ تىپلىرى مەزكۇر ۋاسىتىلەرگە قاراپ بۆلۈنگەن. نەۋائىي غەزەللىرىدە بۇ ۋاسىتىلەر ئايرىم - ئايرىم ھەم بىرلىكتە (ئارىلاش) قوللىنىلغان.

نەۋائىي غەزەللىرىدىكى يەنە بىر مۇھىم خۇسۇسىيەت شۇكى، ئىندىۋىدۇئال - بىئوگرافىكىلىق بولۇپ، بۇ نەۋائىي ھاياتىنىڭ مەلۇم دەۋر شارائىتى ھەم كونكرېت ھادىسىگە ئالاقىدار ئىكەنلىكى بىلىنىدۇ.

تەئرىپ تىپىدىكى غەزەللەردە كۆپىنچە مەھبۇب - سۆيۈملۈكنىڭ ھۆسن - جامالى، خۇلقى - تۈزقى مەلۇم ئوخشىتىشلار بىلەن تونۇشتۇرۇلغان. بۇ تىپتىكى غەزەللەر ۋەسپىي (سۈپەتلەش) خاراكتېرىدىكى غەزەللەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن، كىيىم - كېچەك ۋەسپى (مەلۇم بىرەر رەڭگە باغلىق ھالدا)؛ مەھبۇب (يار بىلەن ئالاقىدار بىرەر بۇيۇم (رومال - ياغلىق، ئېگىن - ئاياغ) ۋەسپى. يارنىڭ خەت مەكتۇپى قاتارلىق. ھەممە پوئېتىك تەسۋىر ئەنە شۇ ۋاسىتىلەر بىلەن ئىپادىلەنگەن.

يارنىڭ چېھرىسى ھەققىدىكى تەئرىپ («غەرايىببۇس - سىغەر» دىن)

ئىككى غۇنچەڭ ئەرمەس، ئەي گۇلچېھرە، تەڭ،
ئاغزىڭ ئەسرۇ تارۇ كۆڭلۈڭ ئەسرۇ كەڭ.
ئاغزىڭغە تەگمەس ئۇزارىڭ بىرلە سۆز،
بولمادى خۇرشىد بىرلە زەررە تەڭ.
لالەنىڭ داغى بولۇر چۇن ئورتادا،
نېگە تۇشمىش ئارەزىڭ يانىدا مەڭ...

* *

گۇلدە يوق سەرۋ قەدۇ، سەرۋدە يوق گۇل رۇخسار،
سەرۋ گۇل رويۇم ئېرۇر ھۇسن تەرىقىدە تۆكۈز...

* *

ناز ئەتكى سەرۋۇ گۇلدە، بەل ئىنسۇ جىندە يوقتۇر،
بۇ ھۇسنۇ بۇ لەتافەت، بۇ شەكلۇ بۇ شەمايىل....

* *

چەمەندە مۇنىسىم نە سەرۋ ئېرۇر، نە گۇل، نە سۇنبۇل ھەم،
ماڭا سەرۋ كېرەككىم، ساچى سۇنبۇلدۇر، يۈزى گۇل ھەم.

مەلۇم رەڭگە باغلىق ھالدىكى تەئرىپ («غەرايىببۇس - سىغەر» دىن)
كۆڭلەكىڭ بەرگى گۇلۇ ئۇستىدە گۇل رەڭ بىلەن،

گۇل كىبى جىسمىڭ ئۇزە ئويلەكى، گۇلگۇن كۆڭلەك.

يارىنىڭ ئىسمىنى يازماسلىقى توغرىسىدا («غەرايىببۇس - سىغەر» دىن)

گۇلى رەئنا كىبى كاغەز ئۇزە نامىڭنى يازمايمەن.
سارىغ ئەردى يۈزى خۇنابى ئەشكىم بىرلە قان بولمىش.

تەۋسىپ تىپىدىكى غەزەللەردە، ئىنسانىي گۇزەل سۈپەتلەر، تەبىئەت مەنزىرىلىرى، ئاشىقنىڭ ۋۇجۇدىنى كۆيدۇرۇپ تۇرغان «ئىشق ئاتەشكەدەسى شەرارەلەر» (ئىشق ئاتەشخانە- سىنىڭ ئۇچقۇنلىرى) ئوبيېكت قىلىنغان.

يارنىڭ ياخشىلىقى توغرىسىدا تەۋسىپ («غەرايىببۇس - سىغەر» دىن)

ئەي مېنىڭ جانىم ئالىپ ياخشىلىغىڭ.
بېرىبان جان يانە ياخشى قىلىغىڭ. . .
ھۆسنىدىن مېھر غەرەزدۇر، ئەي ئىشق،
بۇ مەسەلدۇر «سىلىغىڭدىن ئىلىغىڭ».

ئىشقنىڭ بىقىياسلىقى توغرىسىدا تەۋسىپ («غەرايىبۇس - سىغەر» دىن)

گۈلخان ئارا ئاستىڭدا كۆل، ئۆريان باشىڭدا ئىشق ئوتى،
بۇ نەۋئى تەختۇ تاج ئىلە سەنسەن نەۋائىي پادشەھ.

تەبىئەت ھادىسىلىرىنى تەتبىقلاش يولى بىلەن يار - مەھبۇبىنى سۈپەتلەش توغرىسىدا («فەۋايىدۇل - كىبەر» دىن)

باغدا گۈلگۈن ئەيلەمىش رەۋشەن ئۇزارىڭ باغىنى.
ئۈيلەكىم، ساچقاي سەبا سۇ ئۇزرە گۈل يافراغىنى،
«گۈل تولا ساندۇق» دەر ھەريان تېمۇرۇ گۈلمىخ ئىلە
كۆرگەن ئەل ئىشقىڭ تولا كۆكسۈمدە ھەريان داغىنى.
نە ئەجەب گۈلگۈن بۇلۇت بولسايۇ ئالدىن ياغسا قان،
چۇن سوۋۇرسا يەل شەھىد ئەتكەنلەرىڭ تۇفراغىنى.
خالىڭۇ لەئلىڭ قەتلىدىنكى، قىلدى تۇئمە زاغ،
لەئلگۈن ئەيلەپتۇرۇر مىنقار ئىلە تىرناغىنى.
زەنبەق ئاندا لالەگۈن پۇتكەي، شەجەرلەر سۇرخ بىد،
ھەر چەمەنگە بەرسە سۇ قانلىغ سىرىشكىم ياغىنى.
زايىئ ئولدى، ئەي كۆڭۈل، غەفلەتدىن ئەييامى شەباب،
بارى ئەتمە فەۋت ئىسياندىن ئىنايەت چاغىنى.
كۆر نەۋائىي شۇئلەيۇ ئاھىيۇ ئەمگەكلىك تەنىن،
كۆرمەگەن بولساڭ بەلا بەرقىيۇ مېھنەت تاغىنى.

مەدھ تېپىدىكى غەزەللەردە ئوبيېكتىنىڭ بارچە زاھىرىي ۋە باتىنىي (تاشقى ۋە ئىچكى) پەزىلەتلىرى ماختالغان.

يار - مەھبۇبىنىڭ تېپىلغۇسىز چىن گۈزەللىكى ئىكەنلىكى، ۋەسىل ۋەدە قىلغانلىقى ۋە سۆزىنىڭ شېرىنلىكى توغرىسىدا مەدھىيە («بەدايىئۇل - ۋەسەت» دىن)

سېنىڭدەك بۇتە يوقدۇرۇر چىن ئارا،
بۇتى چىن سېنىڭ بەندەڭ ئايىن ئارا.
مەگەر ئابىھەيۋانغا كىرمىش مەسىھ،
كەلامىڭ لەبى لەئلى شىرىن ئارا.
گۈلەنداملار ئىچرە، ئەي گۈلئۇزار،
قىزىل گۈل كىبى سەن رەياھىن ئارا.
قەدىڭدەك دېسەم سەرۋنى، قىلما ئەيب،

ئەگەر تۇشمەدى راست تەخمىن ئارا.
فىراق ئىچرەكىم ۋەئدە قىلدىڭ ۋىسال،
ئەجەب لۇتىق قىلدىڭ ئەيان كىن ئارا.
كۆڭۈلدە سەن ئولساڭ، تەفاۋۇت نەدۇر،
يولۇم بولسا گەر كۇفر، ئەگەر دىن ئارا،
نەۋائىي دۇئا ئەيلەر ئول ھۇر ئۈچۈن.
مەلايىك، مەدەد ئەيلەڭ ئامىن ئارا.

شەرھى ھال ياكى ئىزھار تىپىدىكى غەزەللەردە ئىچكى دۇنيا توغرىدىن - توغرى مۇلاھىزە تەرزىدە شەرھلەنگەن. مۇنداق غەزەللەردە لىرىك قەھرىمان ئاساسەن ئۆزىنىڭ دەردمەنلىك قىياپىتىنى، ھال ئەھۋالىنى تەبىئىي ھادىسىلەر ۋە نەرسىلەر ئارقىلىق ھەر تەرەپلىمە ئىپادىلىگەن. نەۋائىينىڭ بۇ تىپقا كىرىدىغان غەزەللىرى كۆپ. شۇلارغا ۋەكىل سۈپىتىدە «فەۋايىدۇل - كىبەر» دىن مۇنۇ غەزەلنى مىسال قىلدۇق:

سارىغ ئاغرىغ بولدۇم، ئەي ساقى، خەزانى ھەجر ئارا،
قانى ئەسفەر مەيكى، بار ھەر قەترەسى بىر قەھرەبا.
يۈزۈ جىسمىمدۇر سارىغ بۇرگى قۇرۇغان شاخ ئۈزە،
شاخۇ بەرگىكىم، قۇرۇپ سارغايسا، كىم كۆرمىش دەۋا.
نە مەرەزدۇر بۇكى، بىر گۈلرۇخ شەرارى ئىشقىدىن،
بولدى سارىغ لالە كۆزۈم ئاقىيۇ داغى قارا.
سۇد ئىمىش كۆز تۇشسە ئەسفەر جىنسى سارى، ۋەھ، قانى،
سەرۋىنازىمكىم، سارىغ گۈل بەرگىدىن كىيمىش قەبا.
سارغارىپ قالمىش ھەۋادىس كاجىغە ھىجران كۈنى،
سىر سارىغ قۇشىدەككى، كۈندۈز قالغاي ئول قۇشلار ئارا.
شام ئىلە سۇبھ ئەر سارىغ ئاغرىغ ئەمەسلەر، بەس نەدۇر،
تۈن ساچىن يايىپ، قۇياش يىرتىپ يۈزىن، تۇتماق ئەزا.
دەردى تۇفراققە نىھان ئەتتى نەۋائىي جىسمىنى،
تاپىبان بىر شۇشە ئالتۇن، دەفن قىلغاندەك گەدا.

بۇلاردىن باشقا، مۇھاكىمە - مۇلاھىزە تىپىدىكى غەزەللەرنىڭ باشقا غەزەللەردىن پەرقلەنىدىغان ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنداق غەزەللەردە، مەقسەد - پىكىر ئېنىق ۋە بۇ پىكىرگە ئالاقىدار بولغان شېئىرىي مەزمۇن گەۋدىلىك بولىدۇ. مۇنداق غەەللەردە تېماتىكا ۋە مۇئەممالىق (مەسىلە قويۇش) جەھەتلىرىدىن شائىر ئۆز شەخسىگە مۇناسىۋەتلىك ھالدا، زامان - دەۋران ۋە دەۋر سۈرگۈچىلەر ئۈستىدىن شىكايەت، تەنقىد - تەقرىز قىلىنىدۇ.

يارنىڭ بىپەرۋالىقى ۋە ئەھدى يالغانلىقى توغرىسىدا مۇھاكىمە-مۇلاھىزە ( «غەرايىبۇس-سىغەر» دىن ).

ساڭا ئىش جەۋلان قىلىپ مەيداندا چەۋگان ئويناماق،
ماڭا ئاللىڭدا باشىمنى گوي ئېتىپ جان ئويناماق.

باش ئاۋۇچلاپ ئەگمە قامەت بىرلە قالمان رەخشىدىن.
تا تىلەر چابۇكسەۋارىم كۆڭلى چەۋگان ئويناماق.
كۆز قاراسىن ئويناتۇر ھەرلەھزە ئول مەردۇمنى كۆر.
ھىندۇيىدەككىم ئېبرۇر ئايىنى قالقان ئويناماق.
ئويناي - ئويناي ئەيلەدىڭ كۇفرئىلە دىنىمنى بەدەل،
ئەللاھ - ئەللاھ، بۇمۇدۇر، ئەي نامۇسۇلمان، ئويناماق.
جەۋر تاشىن ئول پەرى ئويناپ ئاتاي دەر ئەل سارى،
ۋەھكى، بۇ دىۋانەغە يەتكەچ نە ئىمكان ئويناماق،
ھەر سارى ئەشكىم يۈگۈرمەك نە ئەجەبكىم، ئەيب ئەمەس،
تىيرە ئۆيدىن چىققاچ - ئوق ياشلارغە ھەريان ئويناماق.
چەرخ ئويۇن بىرلە ئالۇردىن نەقدىن ئەلدىن، ۋاقىف ئول،
بۇ مۇشەئبىد بىرلە بولماس ئەھلى ئىرفان ئويناماق.
ۋەئدە كۆپ قىلدىڭ نەۋائىيغە ۋە لېكىن ئويناباڭ،
مۇنچە بولغاي ئەل بىلەن، ئەي ئەھدى يالغان، ئويناماق،

ھۆكۈمرانلارنىڭ كۆڭلى پەرىشانلار بىلەن كارى بولماسلىقى، زورلارنىڭ زارلارغا ئېتىبارسىز قارايدىغانلىقى، بىدەردلەرنىڭ دەردمەنلەرنى چۈشەنمەسلىكى توغرىسىدا شىكايەت («ف - ك» دىن)

شاھنىڭ مۇڭلۇق مۇشەۋۋەشلەر بىلە نە نىسبەتى،
كامرانلارغە بەلاكەشلەرگە قايدىن ئۇلفەتى،
ئولكى قەھر ئەتسە، قىلىچىدىن دەما - دەم قان تامار.
باغرىدىن قان تامغۇچىلار بىرلە نەجىنسىيەتى.
ۋەسل نۇشى بىرلە جان تاپقانغە، ۋەھ، ئاندىن نە غەم
كىم، تولادۇر زەھرى قاتىل بىرلە جامى فۇرقەتى.
دەھر قىلغاندىن يالاڭ باشىنى تەڭ تۇفراغ ئىلە،
نە خەبەر ئولكىم، يېتەر گەردۇنغە تاجى رىفئەتى.
مۇر ئاياغ ئاستىدا ئۆلگەندىن قاچان تاپقاي ۋۇقۇف،
ئارسلانكىم، كۆككە چىرماشغاي گىرەۋى شەۋكەتى.
بىر كېچە تاڭ ئاتقۇچە ھىجران ئوتىغە كۆيمەگەن.
قايدا بىلسۇنكىم، نەدۇر مەجرۇھ كۆڭلۇم ھالەتى.
قوي بۇ سۆزلەرنىيۇ بول ھالىمدىن ئاگاھ، ئەي رەفىق،
كىم، بۇ ئاقشام ئەسرۇ سەئب ئولمىش فىراقىم شىددەتى.
ئەي كۆڭۇل، ئىشق ئىچرە يوق شاھۇ گەداغا ئىمتىياز،
ئوت ئارا تەڭدۇر قۇرۇق يا ئۆل يىغاچنىڭ ھىرقەتى.
ئىشق جامىن، ئەي نەۋائىي، تەۋبە قىلماق سەئب ئېرۇر،
خاسسەكىم، يوق زۇھدۇ تەقۋا بىرلە كۆڭلۇم رىغبەتى.

باج - خىراج قويۇشنىلا بىلىدىغان ھۆكۈمرانلارنى ئادالەتكە، سەخاۋەتكە ئۈندەش توغرى-

ىسىدىكى تەفرىز:

ئەي جەھان مۇلكى خىراجى ساڭا بىر گەۋھەرى تاج،
مۇلكلەر شاھى قويۇپدۇركى ماڭا باجۇ خىراج.
تۇزۇبان ئەدل مۇلكىنى كوڭۇلنى ئاباد ئەتتىنىڭ،
مۇلك مەئمۇرى بولۇر ئەدلىغە شاھ بەرسە رىۋاج.

جۇملىدىن، نەۋائىي غەزەللىرىدە، ئەلنى بۇلاپ – تالاپ، زۇلۇم سالىدىغان ھۆكۈمرانىنى تويماس ئەجدىھاغا ئوخشىتىپ تەنقىدلەيدۇ:

جەھان گەنجىگە شاھ ئېرۇر ئەجدىھا
كى ئوتلار ساچار قەھر ھەڭگامىدە.

خەلقپەرۋەرلىك ۋە ئەلگە جاپا قىلماسلىق، ئەل مەنپەئىتىنى ئۆز مەنپەئىتىدىن ئۈستۈن قويۇش، خۇشامەت قىلماسلىق توغرىسىدىمۇ نەۋائىي نۇرغۇن غەزەللەر يازغان. مەسىلەن،

كىمكى مەخلۇق خىزمەتىگە كەمەر
چۇست ئېتەر، ياخشىراق ئۇشالسا بېلى.
قول قوۋۇشتۇرغۇنچە، بۇ ئەۋلا
كى چىقسا ئېلىكى، سىنسا بېلى.
چۇ خۇشامەد دېمەكنى باشلاسا، كاش
كىم تۇتۇلسا دەمى، كېسىلسە تىلى.

نەۋائىي غەزەللىرىدە ئەلگە جاپا قىلغۇچىلاردىن پەرياد چېكىپ، قاتتىق شىكايەت قىلىدۇ. بىر غەزىلىدە:

يۈز جەفا قىلسا ماڭا، بىر قاتلە فەرياد ئەيلەبان.
ئەلگە قىلسا بىر جەفا، يۈز قاتلە فەرياد ئەيلەرەم.

مۇھاكىمە – مۇلاھىزە تېپىدىكى غەزەللەرنىڭ تېماتىكىلىق دائىرىسى ۋە تەسۋىرىي يوللىرى كەڭرى ۋە كۆپ بولۇپ، بۇلاردىن بىرمۇنچىسى ئۇگۇت – نەسىھەت مەزمۇنىدا يېزىلغان. بۇنداق غەزەللەردە شائىر ئۆزىگە، ئۆزگىگە، ئەلگە، ئۆزىدەك ئىشق دەردىگە مۇبتىلا بولغانلارغا ۋە دورانچىلارغا نەسىھەت قىلىدۇ.

نەۋائىي جامالىغا قاراپ دوست تۇتماسلىق توغرىسىدا ئۆزگىگە ۋە ئۆز ئۆزىگە نەسىھەت قىلىپ يازغان غەزەللىرىنىڭ بىرىدە مۇنداق دەيدۇ:

دوست بولماس گەر جەمال ئەھلىگە جان قىلساڭ فىدا،
دۇشمەنى جاندۇر ئەگەر جانۇ جەھان قىلساڭ فىدا،
خەستە جانىڭغە بەلايى جاۋىداندۇر قاتىلى

كىم تەمەنناسىغە ئۆمرى جاۋىدان قىلساڭ فىدا.
ئەي نەۋائىي، كاش يۈز جانىڭ بولۇپ، جانانەدىن
ئىستەمەي بىر ۋەسل، بارىن رايگان قىلساڭ فىدا.
(«ف ـ ك» دىن)

ياشلار بىلەن قېرىلارنىڭ مۇناسىۋىتى، ياشلىق ۋاقتىنى قەدىرلەش، قېرىغاندا ياشلارنى دورىماسلىق توغرىسىدا («ف ـ ك» دىن)

يىگىتلىكىڭدە قېرىلارغە قىلمادىڭ خىزمەت،
قېرىلىغىڭدا يىگىتلەرگە بەرمەگىل زەخمەت.
قېرىلىق ئىستەر ئېسەڭ، قېرىلارنى ھۆرمەت تۇت،
قېرىدىڭ ئەرسە، يىگىتلەردىن ئىستەمە سۆھبەت.
قېرى قىزارسا ئىچىپ بادە باردۇر ئانداقكىم،
يۈزىگە غازە بىلە زال ئىستەگەي ھۆرمەت،
قۇرۇق يىغاچقە ئېرۇر باغلاماق شۇكۇفەيۇ بەرگ،
قېرىكى ئىستەسە كىيمەك قىزىل، ياشىل خىلئەت.
چۇ مۇشكىن ئەيلەدى كافۇر كۆلگەي ئاقۇ قارا،
ئەگەر تىلەر ئېسە كافۇرۇ مۇشك ئىلە زىينەت.
قېرىغە تەۋبەيۇ تائەت كېرەك شىئار ئولسە،
ئۆزىن يىگىت ياساسا، ئەيلەر ئۆزىگە تۆھمەت،
يىگىتلىكىڭدە ئەگەر تائەت ئەيلەسەڭ سەنسەن
قېرىدىڭ ئەرسە، نە قىلغۇڭكى، قىلماغۇڭ تائەت.
سەئادەت ئەھلى ئىدى، ئول يىگىتكى، ئەيلەمەدى
يۈزىنى دۇد بىلە تىيرە شۇئلەئى شەھۋەت.
قېرىغا شەھۋەت ئەگەر بىرسە خارىش، ئانداقدۇر
كى كۆرگۈزۈر قېرىغان خىزھىققەئى شەنئەت.
ئۆزۈڭنى مۇغبەچەيۇ پىرى دەير جانىبى چەك،
تىلەر ئېسەڭ قېرى ياخۇد-يىگىت بىلە ئۈلفەت،
نەۋائىي ئەيلەدى ئۆمرى فەساد بىرلەن سەرف،
ئەگەرچى بەردى ئۆزىگە سەلاھ ئىلە شۆھرەت.

بۇنىڭ ئەكسىچە قېرىلارنى دوراپ يىگىتلەرمۇ مۆكچىيىۋالىدىغانلىقىنى، گادايلار موھتاجلىق يۈكىدىن ھاسا تۇتۇپ مۆكچەيگەنلىكىنى تەنقىدىي تەرتىپ بىلەن ئىپادىلەنگەن غەزەللەرمۇ بار.

نەۋائىي كۆپلىگەن غەزەللىرىدە، سوپىلىق تونىغا ئورۇنۇۋېلىپ، ئەلنى خۇراپاتلىققا باشلاپ، ئۆزى ناشايان ئىشلارنى قىلىدىغان رىياكار ئىشان ـ شەيخلەرنى ئۆتكۈر ساتىرا تىغى بىلەن جازالىغان. نەۋائىي مۇنداق ئىشان ـ شەيخلەرنى لەنىتى شەيتان ۋە ئۇلارغا مۇرىد بولغانلارنى ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ياۋايىلار دەپ ئاتىغان. مۇنداق ئادەملەرنىڭ ئوقۇغان «مەئرىفەت» (ۋەز ـ نەسىھەت) لىرىنى جاھالەت ئەپسۇنلىرى دەپ قارىلىغان. مەسىلەن،

(«ف ـ ك» دىن):

ئول شەيخكى، مىنبەر ئۈزە ئەفسۇنگە بېرۇر تول،
شەيتاندۇر ئۆزى، مەجلىسىنىڭ ئەھلى سۇرۇك غۇل.
غەفلەتدىن ئەگەر ۋەزئىلە ئويغاتسىلەر ئەلنى،
ئول ئەيلەر ئۇيۇتماق ئۈچۈن ئەفسانەغە مەشغۇل.
باشتىن ئاياغ مىنبەرىنىڭ پايەسى دەستان،
ھەم ئۆزىيۇ ھەم مەئرىفەتى جاھىلۇ مەجھۇل.
كۆرمەي خىرەد ئەسبابىدا بىر فەردنى ئاقىل،
تاپماي كىشى ئەفسۇنىدە بىر نۇكتەنى مەئقۇل.
ھەر نېكى ھەدىس ئاتى قويۇپ، بارچەسى مەۋزۇئ.
نەقلىكى مەشايىخدىن ئېتىپ، بارىسى مەجھۇل.
يۈز پارە قىلىپ، مىنبەرى ئوت ياققالى ئەۋلا،
بۇ شەرت ئىلەكىم، بولسە ئۆزى قاتىلۇ مەقتۇل.
ئىبلىس سىفەت ئەل سارى مەيل ئەتمە، نەۋائىي،
تا بولماغاسەن زەرقۇ رىيا قەيدىدە مەغلۇل.

نەۋائىي غەزەللىرىدە بىرەر ئەمەلىي ياكى خىيالىي ۋەقەلەرنى تەسۋىرلەش يولى بىلەن ئۆزىنى ئاۋۇتۇپ، مەقسىتىگە يەتكەندەك بولۇش ئۈچۈن بىرەر سۇژىتنى توقۇپ چىقىپ، ئۆزىنى ئىپادىلىگەن: مەسىلەن («ف ـ ك» دىن):

بىر كىچىك ياشلىق نىگارى تاپمىشەم نازۇككىنە،
سەكرەتۇردە تەۋسەنىن مەيدان ئارا چابۇككىنە.
گاھ ۋەفا، گەھ نازۇگەي ئەفسۇن بىلە ئۆزگىنەسىن،
كۆرگۈزۈپ ھەرلەھزە دىلبەرلىغدە بىر تۇرلۇككىنە،
جەۋر ئىلە تەھدىدى بېدىللەرغە بارى چىنغىنە،
مىھر ئىلە ھەر ۋەئدەكىم، قىلدى بارى ئۆترۇككىنە.
ئەسرۇ يالغان ۋەئدەسىدىن كۆيمىش ئەردى جانغىنەم،
ئاگدىبان بىر كېچە تۇشتى ئىلكىمە ئۇسرۇككىنە.
ئىستەدىم بويىنىن قۇچۇپ، يۈزگىنەسىدىن ئۆپكەمەن،
ئىزتىراب ئەيلەپ تالاشتى، بار ئېمىش كۈچلۈككىنە.
يۈز ئۆپەرگە قويمادى، ئىلكىن دېدىم بارى ئۆپەي،
تاشلابان يۇمرۇققىنە، قىلدى كۆزۈمنى كۆككىنە.
ھەرنە دېدىڭ بار ئىدى يالغانغىنە باشتىن ـ ئاياغ،
ئەي نەۋائىي، يالغان دېگۈچە بول شۇككىنە.

## رۇبائىي

نەۋائىينىڭ لىرىكىلىق ئىجادىيىتىدە، غەزەلدىن قالسىلا، رۇبائىي مۇھىم ئورۇن تۇ

دۇ. نەۋائىينىڭ زاماندىشى، تارىخچى خاندەمىر «مەكرامۇل - ئەخلاق» دېگەن ئەسىرىدە:
«كۆرۈنۈشچە، ئۇل هەزرەتدىن ئىلگىرى هېچكىم تۈركىي تىلدا رۇبائىي ئايتماغان، هەر
تۈرت مىسرائى قافىيەداش ۋە رەدىفداش بولغىنىغا نىمە يەتسۇن» دەپ يازغان.

رۇبائىي توغرىسىدا نەۋائىي ئۆزى «مىزانۇل - ئەۋزان»دا مۇنداق چۈشەندۈرگەن:
«رۇبائىي ۋەزنىكىم، ئانى دۇ بەيت (ئىككى بەت) ۋە تەرانە هەم دەرلەر. هەزەج
بەهرىنىڭ ئەهرەم ۋە ئەهرەبىدىن ئىستىخراج (تاللاپ هاسىل) قىلىپدۇرلار ۋە ئۇل ۋەزنىدۇر
ئەسرۇ خۇش ئايەندە (يېقىملىق) ۋە نەزمىدۇر بەغايەت رەبايەندە (جەلپ قىلارلىق). شىئر
ئەۋزانىدىن ئۇشبۇ ۋەزندۇركىم، نەزم ئۇستادلارى ئاڭا هەددى مۇئەييەن (تەيىن) قىلىپدۇرلار
ۋە غايەت لەتافەتىدىن ئىككى بەيتكە ئىختىسار قىلىپدۇرلار (ئىخچاملاپتۇ) ۋە ئۇل يىگىرمە
تۈرت نەۋئ كېلىپتۇر ۋە مەجمۇئى ئىككى قىسىمغا مۇختەسەردۇر.

بىرى ئۇلكى، ئەۋۋەلقى جۇزۋى (بۆلۈكى) مەفئۇلۇن بولغايكى، هەزەجنىڭ بىر جۇزۇ-
نى هەرىم قىلىپدۇرلەر ۋە ئانى ئەهرەم دەرلەر ۋە بۇ ئون ئىككى نەۋئ كېلۇر.

يەنە بىرى ئۇلكى، ئەۋۋەلقى جۇزۋى مەفئۇلۇ بولغايكى، هەزەجنىڭ بىر جۇزۋىن هەرىپ
قىلىپدۇرلەر ۋە ئانى ئەهرەب دەرلەر. بۇ هەم ئون ئىككى نەۋئ كېلۇر.»

نەۋائىينىڭ چۈشۈندۈرۈشىچە، رۇبائىي هەزەج بەهرىنىڭ ئەهرەم ۋە ئەهرەب تۈرلىرىدە
يېزىلىدۇ. ئەهرەم تۈرىنىڭ تەپئىلى «مەفائىلۇن» بىلەن، ئەهرەب تۈرىنىڭ تەپئىلى «مەفائى-
لۇ» بىلەن باشلىنىدۇ. ئىككى بېيتنىڭ تەپائىللىرى ئوخشاش بولمايدۇ. مەسىلەن،
بىرىنچى بېيت:

مەفئۇلۇن مەفئۇلۇن مەفئۇلۇ فەئۇل.
مەفئۇلۇن مەفئۇلۇ مەفائىيلۇ فەئۇل.

ئىككىنچى بېيت:

مەفئۇلۇن مەفئۇلۇن مەفئۇلۇ فەئۇل،
مەفئۇلۇن فائىلۇن مەفائىيلۇ فەئۇل.

دېمەك، بىرىنچى بېيتنىڭ ئىككىنچى مىسراسى بىلەن ئىككىنچى بېيتنىڭ ئىككىنچى
مىسراسى تەپائىلدا پەرقلەنگەن.

خۇددى شۇ بەهرىنىڭ ئىككىنچى بىر تۈرىدە، ئۇلارنىڭ تەپائىللىرى مۇنداق كۆرسىتىلگەن:

I
مەفئۇلۇن مەفئۇلۇن مەفئۇلۇن فاع
مەفئۇلۇن مەفئۇلۇ مەفائىلۇن فاع

II
مەفئۇلۇن مەفئۇلۇ مەفائىلۇ فەئۇل
مەفئۇلۇن فائىلۇن مەفائىلۇن فاع

شۇ بەهرىنىڭ ئۈچىنچى بىر تۈرى:

I مەفئۇلۇن مەفئۇلۇن مەفئۇلۇن فائ
مەفئۇلۇن مەفئۇلۇ مەفائىلۇن فائ

I مەفئۇلۇن فەئۇلۇن مەفائىلۇ فەئۇل
مەفئۇلۇن فائىلۇن مەفائىلۇن فائ

نەۋائىي رۇبائىينىڭ ھەرەجى ئەھرەب بەھرىنىڭ ئون ئىككى تۈر بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ھەر تۈرنىڭ تەفئىللىرى پەرقلىق بولىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن:

I مەفئۇلۇ مەفائىلۇن مەفئۇلۇن فائ
مەفئۇلۇ مەفائىلۇ مەفائىلۇن فائ

II مەفئۇلۇ مەفائىلۇن مەفئۇلۇ فەئۇل
مەفئۇلۇ مەفائىلۇن مەفائىلۇن فائ

رۇبائىينىڭ باشقا ۋەزىن تۈرلىرى توغرىسىدا نەۋائىي مۇنداق دېگەن: «ھەزەج بەھرىدە ئەھرەب زىھافەتىدە ئۆتكەن يەنە ئۈچ رۇبائىكىم، ھەر مىسرائ ئۆزگە ۋەزىنىدە ئەردىكى، بۇ ھەم ئون ئىككى ۋەزىن بولۇر.»

زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر «مۇختەسەر» ناملىق ئەسىرىدە، نەۋائىينىڭ رۇبائىي ۋەزىنلىرى توغرىسىدا تەھقىقلەپ مۇنداق دەپ يازغان:

«مىر ئەلىشىر نەۋائىي داغى ئون ئىككى ئەھرەم ۋەزنىغە ئۈچ رۇبائىي ۋە ئون ئىككى ئەھرەب ۋەزنىغە ئۈچ رۇبائىي ئايتىپتۇر:

## ئەھرەم ۋەزنىنىڭ رۇبائىيلىرى

يارەب نەئافەتدۇر ئول ھۇسنۇ جەمال»
كىم يوقتۇر يار ئىلە جەھان ئۆزرە مىسال.
مىڭ قاتلە شۇكرىن دېسەم ئول ئاز ئېرۇر،
گەر بولسا بىر زەمان ماڭا كامى ۋىسال.

ئەي سەنسىز ئۆمرۈمدىن ئاسايىش يوق،
كۆز ئىستەركىم، كۆرسە جەمالىڭنى توق.
كەلگىنكىم، بىر قەترە ئۇزارىڭنى كۆرەي،
كىم ھەجرىڭ كۆپ ئەردى بۇ كۆكسۈمگە ئۇق.

ئەي مەھۋەش ئۆتكەي بۇ سەركەشلىك ھەم،
رەھم ئەيلەپ بۇ قۇلغا جەفانى قىل كەم.
تا تەڭرى ئاسراغاي خەلايىققە سىنى،
ئەيلەرمەن يۈز دۇئا سىنىڭ سارى دەم.

## ئەھرەب ۋەزىنىنىڭ رۇبائىيلىرى

ئەي سەندىن ئۆلۈپ باغرىم ھەم كۆكسۈم داغ،
كۆڭلۈم ئوتۇ ئول ئوتقا تۆكۈپ ئەشكىم ياغ.
تەڭ ئۆلسە غەمىڭ ئىچرە جانىڭغا فىدا.
جان كۆيسە مۇھەببەتىڭدە سەن بولغىل ساغ.

بىر لەھزە كۆڭۈل سەنسىز ھالىن بىلمەس،
جەۋرۇڭنى كۆڭۈلگە ئەي پەرىۋەش قىل بەس.
ھەجرىڭدە فىغانىمغە ئۆلۈس نالە قىلۇر،
قىل ھالىمە رەھمكىم ئىبرۇرمەن بىكەس.

ئەي شوخ، بىزنىڭ سەرى بىر ئەيلە نەزەر،
كىم ئاھۇ فىغا ئوتى چېكەر كۆككە شەرەر.
يا ۋەسل ئىلە كۆڭلۈمگە قەرىن ئەيلە مۇراد.
يا قەتل ئىلە قويما بۇ ھەياتىمغە ئەسەر.»

دېمەك، نەۋائىينىڭ تەبىرىچە، رۇبائىي شەكلىدە قاپىيىلەنگەن ھەرقانداق تۆرتلۈك رۇبائىي بولۇۋەرمەيدۇ. رۇبائىيدا بىر پۈتۈن مەزمۇن، مەخسۇس ۋەزىن بولۇشى كېرەك.

غەزەل بىلەن رۇبائىينىڭ ۋەزىن جەھەتتىن پەرقى بار. غەزەل ئەگەر ھەزەج بەھرىنىڭ تولۇق (يەنى ھەزەجى مۇسەممەنى سالىمۇ ئەركان) تۈرىدە يېزىلسا ئۇنىڭ زىھافەت تەپئىلى 4 مەفائىلۇن بىلەن كېلىدۇ ۋە بۇ بىر غەزەلدە مەتلەئدىن مەقتەئغىچە ئىزچىللىشىدۇ؛ ئەگەر ھەزەج مۇسەممەنى ئەھرەبدە يېزىلغان بولسا، ئۇنىڭ زىھافەت تەپئىلى «مەفئۇلۇ مەفائىلۇن مەفئۇلۇ مەفائىلۇن» بولىدۇ - دە، بىر غەزەل باشتىن - ئاياغىچە مۇشۇنداق يېزىلىدۇ.

رۇبائىينىڭ تېمىسى بولىدۇ. نەۋائىينىڭ ئىجتىمائىي - ئەخلاقىي مەسىلىلەر توغرىسىدىكى كۆز قاراشلىرى رۇبائىيلىرىدىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. يەنى، نەۋائىينىڭ ئۆز زامانىدىكى رېئال ھايات توغرىسىدىكى ئەقلىي چۈشەنچىلىرىدىن شەكىللەنگەن غايىسى — ئادالەت ئۇنىڭ رۇبانىيلىرىدىمۇ ئېنىق ئىپادىلەنگەن. نەۋائىي ئادالەت بولسىلا ئەل ئىشى ئوڭشىلىدۇ، ئەل ئەمىن بولىدۇ دەپ قارىغان.

ئەدل ئەيلەكى، ئول خەلقى ھەياتى بولمىش،
خۇش ئول كىشىكىم، ئەدل سىفاتى بولمىش؛
ھەم مۇلك بىلە ئەدل جىھاتى بولمىش،
ھەم ئەدل بىلە مۇلك سەباتى بولمىش.

مەيلى ھۆكۈمدار ياكى زەردار ۋە نامرات بولسۇن، ئۇ ساخاۋەتلىك بولۇشى، قانائەتچان بولۇشى، ۋەدىگە ۋاپا قىلىشى كېرەكلىكىنى تەكىتلىگەن نەۋائىي مۇندان يازغان:

كىم ئىستەسە سەلتەنەت سەخادۇر ئاڭا شەرت،
ھەر ۋەئدەكى ئەيلەسە ۋەفادۇر ئاڭا شەرت.
كىم فەقر تەلەب قىلسە فەنادۇر ئاڭا شەرت،
ئالىمغا نېكىم كېلسە رىزادۇر ئاڭا شەرت.

نەۋائىي رۇبائىيلىرىدا، يەنە كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا ھەمكار ۋە ھەمدەم، كۆپچىلىك بىلەن ھەمنەپەس بولۇشىنى، كۆپچىلىكنىڭ نەپرىتىگە ئۇچرىماسلىقنى تەرغىپ قىلغان. مەسىلەن:

ئەل قاچسا بىراۋدىن ئەل يامانى بىل ئانى.
ئەھۋالىدا ئىدبار نىشانى بىل ئانى.
فىئل ئىچرە ئۇلۇس بەلايى جانى بىل ئانى،
ئادەم ئېلىنىڭ يامانى - يامانى بىل ئانى.

نەۋائىي تۆۋەندىكى رۇبائىيسىدا، جاھىللىق ۋە ھەسەتخورلۇقنىڭ بەك يامان ئىللەت ئىكەنلىكىنى، جاھىلنىڭ جاھىللىقىغا ھەسەت قوشۇلىدىغان بولسا، ئەلنىڭ كۆزى مېنىڭكىدىن نۇرلۇق بولۇپ كېتەمدۇ دەپ، ئەلنىڭ كۆزىنى ئويماقچى بولىدىغانلىقى ۋە ئاخىر ئۆزىنىڭمۇ كۆزىنى ئويىدىغانلىقىنى تەسۋىرلىگەن:

جاھىلكى ھەسەد بولغاي ئانىڭ جەھلىگە زەم،
نۇر ئەل كۆزىدىن ئاڭلاسا ئۆز كۆزىدىن كەم.
كۆزلەرىن ئويۇشماقغە چېكىپ تىغى سىتەم،
ئەل كۆزىنى ھەم ئويغاي، ئۆز كۆزىنى ھەم.

نەۋائىي بىرمۇنچە رۇبائىيلىرىدا يار - مەھبۇبىنىڭ ۋە خىسلەتلىك كىشىلەرنىڭ ئۆمۈرنىڭ قىممىتىنى بىلىشكە ۋە ئەھمىيەتلىك ياشاشقا دەۋەت قىلغان. جۈملىدىن مۇنۇ رۇبائىيسىدا، پەلەككە يارنىڭ ئۆمۈر قۇياشىنى پاتۇرماسلىقنى، جانىنىڭ تولۇن ئېيىنى كەمتۈك قىلماسلىقنى، يارنىڭ ئاي بىلەن كۈندەك كېچە - كۈندۈز يارقىن بولۇپ، جاھان ئەھلىگە نۇر چاچقۇچى سۈپىتىدە سۆيۈملۈك كۆرۈنۈشىنى ئىلتىجا قىلغان:

ئۆمرۈڭ قۇياشىغە بەرمەسۇن چەرخ زەۋال،
جانىڭ قەمەرىنى قىلماسۇن دەۋر ھىلال؛
تۈن - كۈن بولغىل ماھۋەشۇ مېھرسال،
دەھر ئەھلىگە نۇر بەخشۇ فەرخۇندە جەمال.

نەۋائىينىڭ رۇبائىيلىرىدا، مۇھىم ھاياتىي مەسىلىلەر، جۈملىدىن ئۆز ھاياتىنىڭ مەلۇم مەزگىللىرىگە ئائىت ۋەقەلەر ۋە بۇ خۇسۇستىكى ئۆزىنىڭ پىكىر - قاراشلىرى رەڭگارەڭ شېئىرىي پىرىيوملار، تەسۋىرىي ۋاسىتىلەر بىلەن بايان قىلىنغان.

نەۋائىي رۇبائىيلىرىنىڭ خاس خۇسۇسىيىتى شۇكى، كۆپلىگەن رۇبائىيلار تۆت مىسرا-

سى قاپىيداش ۋە رەدىفلىق قىلىپ يېزىلغان.

نەۋائىي رۇبائىيلىرى پىكىر - غايىنى ئىپادىلەش جەھەتتىكى يەنە بىر خۇسۇسىيەتكە ئىگە، يەنى بەزى رۇبائىيلىرىدا، ئالدىنقى مىسرالاردا پىكىر بايان قىلىنسا، كېيىنكى بېيىتتا ياكى ئاخىرقى مىسرادا يەكۇن سۆزلەنگەن: بەزىلىرىدە بولسا بۇنىڭ ئەكسىچە. مەسىلەن:

غۇر بەتتە غەرىپ شادمان بولماس ئىمىش،
ئەل ئاڭا رەفىقۇ مېھرىبان بولماس ئىمىش.
ئالتۇن قەفەس ئىچى - تاشى گۇل بولسە.
بۇلبۇلغە تىكەندەك ئاشيان بولماس ئىمىش.

بۇ رۇبائىيدا، ئاۋۋالقى مىسرادا پىكىر ( يەكۇن) بايان قىلىنىپ، كېيىنكى مىسرالاردا تەمسىل ئۇسۇلى بىلەن شۇ پىكىر (يەكۇن) ئىسپاتلانغان. مەزكۇر رۇبائىينى نەۋائىي ئېھتىمال يىگىتلىك دەۋرىدە يازغانلىقى مەلۇم، چۈنكى ئۇنىڭدا بايان قىلىنغان مەزمۇنىنىڭ كېلىپ چىقىشى جەھەتتە تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش بارلىقى سېزىلىدۇ.

نەۋائىي رۇبائىيلىرىدىكى ئۈچىنچى بىر خۇسۇسىيەت شۇكى، تېماتىكا جەھەتتىن كەڭرى بولغانلىقى ئۈچۈن، قوللانغان سەنئەت يوللىرىمۇ ھەر خىل بولغان. ئىشق تېمىسىدىكى رۇبائىيلىرىدا، تەۋسىپ، تەئرىب يوللىرىنى، شىكايە ۋە ئۈگۈت - نەسىھەت مەزمۇنىدىكى رۇبائىيلىرىدا، بايان، شەرھلەش ياكى مۇئەممە ئۇسۇلىنى قوللانغان. مەسىلەن:

جانىمدىكى جىسم ئىكى دالىڭغە فىدا،
ئاندىن سوڭ ئەلىف تازە نىھالىڭغە فىدا؛
نۇن داغى ئەنبەرى ھىلالىڭغە فىدا،
قالغان ئىكى نۇقتە ئىكى خالىڭغە فىدا.

نەۋائىينىڭ بەزى رۇبائىيلىرىدا، تۆت مىسرا بىر - بىرىدىن مۇستەقىل كۆرۈنىدۇ - دە، كۆزلەنگەن ئوبيېكتنىڭ بىرقانچە تەرەپلىرى كۆرسىتىلىپ، بىر پۈتۈن پىكىر ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن:

گەر ئاشىق ئولساڭ مېھرۇ ۋەفا قىلما ھەۋەس،
دەرد ئىستەۋۇ دەردىغە دەۋا قىلما ھەۋەس.
ھىجرانۇ ۋىسال مۇتلەقا قىلما ھەۋەس،
دىلدارىڭدىن غەيرى رىزا قىلما ھەۋەس.

## قىتئە

نەۋائىي قىتئەلىرى نۇقۇل ئىشق تېمىسىدىكى بايان خاراكتېرلىك بولماي، بەلكى ئىجتىمائىي پەلسەپىي — دىداكتىك خاراكتېردىكى قىتئەلەردۇر. نەۋائىي ئۆزى ياشىغان مۇھىتتا پەيدا بولغان ئەقلىي چۈشەنچىلىرىنى پوئېتىكىلىق تەسۋىر بىلەن ئىخچام بايان قىلىشتا قىتئە ژانىرىنى ئىشلەتكەن.

نەۋائىينىڭ قىتئەلىرى كۆپىنچە ئىككى بېيتتىن، گاھىدا پىكىر - مەزمۇن ئېھتىياجى بىلەن، ئۈچ ۋە ئۇنىڭدىن ئارتۇق بېيتتىن تەركىب تاپقان. «قىتئە» نىڭ سۆز مەنىسى «پارە» بولۇپ، غەزەل ياكى قەسىدىدىن پارچىلاپ ئېلىنغان ئىككى - ئۈچ ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق بېيىت. بۇنىڭدا، ئايرىم - ئىنچىكە مەنىلەر يەنى روھىي كەچۈرمىلەر، پىكىر - مۇلاھىزىلەر ئىخچام ئىپادىلەنگەن، ھەتتا بىر قىتئە بىر ھېكايىنىڭ مەزمۇنىنى ئاڭلىتىشىمۇ مۇمكىن.

نەۋائىي قىتئەلىرىنىڭ يەنە بىر بەلگىسى شۇكى، ھەربىر قىتئەگە ئايرىم ماۋزۇ قويۇلغان. شۇنىڭدەك، نەۋائىي رۇبائىيلىرىدا مۇكەممەل قاپىيە سىستېمىسى بار، نەۋائىينىڭ ھەر خىل ۋەزىندە يېزىلغان رۇبائىيلىرىدىن مىساللار:

## يامان يامانلىقىنى قىلماسا ياخشىلىغىچە بار ۋە بىر ياخشىلىغ قىلسا ئۇن ياخشى قىلىقچە

ھەر كىشىكىم تاپسا دەۋران ئىچرە جاھۇ ئىئتىبار
كىم ئانىڭ زاتىدا بىدادۇ ستەم بولغاي قىلىغ.

ياخشىلىغ گەر قىلماسا، بارى يامانلىغ قىلماسۇن
كىم يامانلىغ قىلماسا، قىلغانچە باردۇر ياخشىلىغ.

**نەزمىنىڭ بەيتلەرىن غەرىب مەنىلەر بىرلە غەرىبخانە دەپتۇر يەئنى داروشىفاكى مۇجىبى شىفا بولغاي:**

نەزمىم ئىچرە غەرىب مەنىلەر
غۇرەبا خەيلىدىن نىشانە دۇرۇر.

ئاندا ھەر بەيت نىچە مەئنى ئىلە،
بەيت ئەمەسكىم غەرىبخانەدۇرۇر.
(«ف - ك»)

**مەزلۇم ئاھى بىرقىدىن خەبەر بېرۇركىم، يەشىم بىلە دەفئ قىلماس بەلكى لۇتق سۇيى بىلەن ئۇچۇرمەگۇنچە دەفئ بولماس:**

ئەيكى، ئىستەرسەن چاقىن دەفئىغە يەشىم،
ئۇزگە تەگمەككە بېرىپ ئىمكانغە يول.

بىخەبەر مەزلۇم ئاھى بەرقىدىن
كىم، چاقىندىن داغى سوزانراقدۇر ئول.

تۇرفەراق بۇكىم، ساڭا مەخسۇس ئېرۇر.
گەر ساڭا جانىڭ كېرەك، ئاگاھ بول..

**مەنزۇرنىڭ ھۆسنى بەھارى ئالۇ گۈلىدىن سەپىدە قىلىپ، شاپتالۇ گۈلىدىن گۈلگۈنە قىلغانى**

ئول بەھارى ھۆسنىنىڭ رۇخسارىنى دېھقانى سۇنئ،
ئەرغەۋانى تون ئۈزە ئەيلەپدۇرۇر ئالۇ گۈلى.

ھۆسنى رەئنالىق بىلەن دەستارى ئۈزرە سانچىبان،
ۋەھكى شاپتالۇ گۈلىدۇر يا ئېرۇر سالۇ گۈلى.

بارچە بىر سارىدۇر، ئولكىم ئەيلەباب قەددىمىنى خەم،
ئەشكىم ئەتتى لەئل ئېرۇر دەكلەي ئۈزدە دالۇ گۈلى
(«ب - ۋ»)

## ساقىينامە

كلاسسىك شېئىرىيەتتە، مەسنەۋى شەكلىدە يېزىلىدىغان ۋە ھەربىر بەندى بىۋاستە ساقىيغا مۇراجىئەت سۆپىتىدە باشلىنىدىغان، ئاندىن شائىرنىڭ كەچۈرمىشلىرى تەسۋىرلىنىدىغان لىرىك ژانىر — ساقىينامەدۇر.

ئۆتكەنكى شەرق كلاسسىكلىرىنىڭ تولىسى ساقىينامىلىرىنى ھەزەج بەھرىدە يازغان. لېكىن نەۋائىي ساقىينامىنى رەمەل بەھرىدە يەنى «رەمەلى مۇسەددەسى مەخبۇن» (فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلۇن) تۈرىدە يازغان.

ئادەتتە شائىر ساقىينامىنى ئۆزىنىڭ يېقىنلىرىنى (ئۆتكەن ۋە ھايات بولغان) خاتىرىلەش، شۇنىڭدەك «دەير» (دۇنيا) نىڭ بىقارارلىقى، زامان ئەھلىنىڭ بىۋاپالىقىدىن شىكايەت ئۈچۈن بېغىشلايدۇ.

نەۋائىي ساقىينامەسىدە ئۆزىنىڭ روھىي دۇنياسى، يەنى، ئىجتىمائىي - سىياسىي مەسىلىلەر توغرىسىدىكى پىكىرلىرى، ھېس - تۇيغۇلىرى، ئەخلاقىي ۋە ئېستېتىك قاراشلىرى، ئۆزى مۇلاقەتتە بولغان (شاھىدىن تارتىپ پىر - ئۇستاز، ئەدىب - ئۆلىما ۋە ئۈلپەتلىرىگىچە بولغان ھەر خىل) شەخسلەرنىڭ ھايات - پائالىيەتلىرى تەسۋىرلەنگەن.

نەۋائىينىڭ «ف - ك» دىۋانىغا كىرگۈزۈلگەن بىر ساقىينامىسى بار. بۇ 32 بەند (بەندلەرنىڭ بېيىت سانلىرى ئوخشاش ئەمەس. ھەر بەندنىڭ ھەجمى ئىپادىلىنىدىغان پىكىر- مەزمۇن ئېھتىياجىغا قاراپ بەلگىلەنگەن)، جەمئى 458 بېيىتتىن ئىبارەت. ھەربىر بەندى ساقىيغا مۇراجىئەت قىلىش بىلەن باشلانغان. ھەر بەندى قارىماققا، مەلۇم مەنىدە مۇستەقىل ئەسەردەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن روھىي مەزمۇنى ۋە ئۇسلۇبى جەھەتتىن بىر - بىرىگە باغلىنىپ، ھەممە بەندلەر بىرلىشىپ بىر پۈتۈن ئەسەرنى تەشكىل قىلغان. مەزمۇنىدىكى بەزى ئىپادىلەرگە قارىغاندا، بۇ «ساقىينامە» 1497 - يىلىدىن ئىلگىرىرەك يېزىلغانلىقى مەلۇم. نەۋائىينىڭ «سەددى ئىسكەندەر» داستانىدا ھەر بابىنىڭ ئاخىرىدا، ساقى بىلەن مۇغەننى يانداش قىلىپ يېزىلغان ئىككىدىن بېيىت بار: «ھەيرەتۇل ئەبرار» داستانىدىمۇ

ھەربىر ھەيرەت ۋە ماقالىنىڭ ئاخىردا، «فەرھاد ۋە شىرىن» داستانىدا ھەر بابنىڭ ئاخىرىدا ۋە خاتىمىسىدە، «لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانىنىڭ بەزى بابلىرىدا، شۇنىڭدەك، بىرمۇنچە غەزەللىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ياكى ئاخىردا ساقىيغا مۇراجىئەت تەرزىدە يېزىلغان بېيىتلار بار. نەۋائىينىڭ مەخسۇس «ساقىينامە» دەپ يازغان ئەسىرى مەزمۇن جەھەتتىن كەڭ بولۇپ، تۈرلۈك شەخسلەر بايان قىلىنغان؛ بۇنىڭدا مەلۇم - كونكرېت شەخسلەر توغرىسىدىكى بايانلارمۇ ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە چېتىشلىق قىلىپ بېرىلگەن. بۇ ئەسەرنىڭ باشتىكى بەندلىرى ( 1 — XX ) ھۇسەيىن بايقارا ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى، جىيەنلىرى ھەم نەۋرىلىرىگە بېغىشلانغان؛ ئوتتۇرىدىكى بەندلىرىدە نەۋائىي بىلەن يېقىن مۇلاقەتتە بولغان ئەدىبلەر (جۇمەلىدىن، ۋەفائىي، سۇھەيلى، تۇفەيلى، جامى، سەيىد ھەسەن، پەھلىۋان مۇھەممەد ۋە باشقىلار) توغرىسىدا ئەسلىمىلەر، ئۇنىڭدىن كېيىنكى بەندلىرى ئىشق - مۇھەببەت ۋە ئۇنىڭغا باغلىق كەچۈرمىشلەر، ۋاپادارلىق ھەم زامان ئەھلى قاتارلىق ھاياتىي ھادىسىلەرگە بېغىشلانغان. 30 - بەندى بولسا، ئۆزىنىڭ سادىق دوستلىرىغا (مۇقىمى، خوجا كامال، مىر سەدرى، بەدىئىي، مەرھۇم يارتەنبەل، سەبزەۋارىيگە) 31 - بەندى ھايات ئەدىبلەرگە يېغىشلانغان. ئاخىرقى — 32 - بەندى شاھنى مەدھىيىلەش ئارقىلىق خۇلاسە تەرزىدە يېزىلغان.

نەۋائىي «ساقىينامە» دە، شاھ ۋە شاھزادىلەر توغرىسىدا بايان قىلغاندا، ئۇلارنى قۇرۇق ماختاش بىلەنلا چەكلەنمىگەن. بەلكى شاھنى ئىجتىمائىي - سىياسىي پائالىيەتلەردە، خۇددى ئۆز غايىسىدە تەسەۋۋۇر قىلغىنىدەك ئادىل ۋە دەرۋىش سۈپەت بولۇشقا، مەملىكەت ۋە پۇقرانىڭ بارلىق ئىشلىرىغا تولۇق جاۋابكار بولۇپ خىزمەت قىلىشقا تەرغىب قىلغان. باشقا شەخسلەر توغرىسىدىمۇ بايان قىلغاندا، ئۇلارنىڭ قابىلىيەت ۋە تەجرىبىلىرى ئۈستىدە تەقرىزباھا بەرگەن.

«ساقىينامە» نىڭ 1 - بەندى 41 بېيىتتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇلاردىن ئۈزۈندىلەر كەلتۈرۈلدى.

ساقىيا، تۇت قەدەھى شاھانە.
قەترەسى لەئل ۋەلې يەكدانە.

لەئل كانى كىبى خۇمدىن چىقىبان.
لەئل يەكدانە ئۈزۈمدىن چىقىبان.

رەڭگى ئوتدىن قىزىغان نەئل كىبى،
تابى شاھ ئەفسەرىدە لەئل كىبى.

رۇھغە لەمئەسىدىن نۇرۇ سەفا،
تابىدىن ھۇرغە يوق سەترۇ خەفا.

كى ئەي، ئۇلۇس خانى شەھى چەرخ جەناب،
خاتىرىڭ بەھرۇ كەفىڭ مىسلى سەھاب.

بىۋەفادۇر فەلەكى بۇقەلەمۇن،

سازۇ ئاھاڭىغە يوق بىر قانۇن.

يوق بەقا جاھ ئىلە شەۋكەتكە داغى،
يوق ۋەفا ئۆمر ئىلە سەۋلەتكە داغى.

كۆركى، ھەر شەھكى، يۈرۈپ ئالدى جەھان،
بارچە باردۇرمۇ قارا يەردە نىھان.

قانى خانلار خانى چىڭگىزخان،
ئوكداي قانىكى ئەردى قائان.

قانى تېمۇر - شەھى ئىسلامپەناھ.
كى جەھان ئالدى، چېكىپ خەيلى سىپاھ.

جەددۇ ئابا ساڭا ئەۋلادى قانى،
ئاغا - ئىنى ساڭا ئەھفادى قانى.

تا فەلەك بىلدى تەئەددى فەنىنى،
قايسىدىن ئالمادى بەرگەنىنى. . .

مۇلكۇ كىشۋەر ئېلىگە داد ئەيلە،
ئەدل ئىلە ئىككىسىن ئاباد ئەيلە. . .

بولماغىل ھېچ نەفەس غەفلەت ئىلە،
ئەدل قىل، يوق ئېسە، بول ئىشرەت ئىلە.

ئەلگە سەندىنچۇ يەتكەي ئاسايىش،
تەڭرىدىن ئەيلە تەمەئ بەخشايىش.

«ساقىينامە» نىڭ 29 - بەندى 24 بېيتتىن ئىبارەت بولۇپ، ساقىيغا مۇراجىئەت بېيتى بىلەن باشلانغان. بۇنىڭدىمۇ شائىر ئۆزىنىڭ كەچۈرمىش. ھېس - تۇيغۇلىرىنى، تارتقان ئەلەملىرىنى ۋە زامان ئەھلىنىڭ ۋاپاسىزلىقىنى تەسۋىرلىگەن.

* *

نەۋائىينىڭ لىرىك ژانىرلىرىدىن يەنە قەسىدە، تەرجىئبەند، مۇخەممەس، مۇسەددەس، مۇسەممەن، مۇستەھزاد، تۇيۇق، لۇغز (تېپىشماق)، فارد شەكىللىرىمۇ بار.

مەسىلەن، «فەرد» مۇستەقىل بەدىئىي ژانىر، ئۇ نەۋائىي لىرىك ئەسەرلىرى ئىچىدە، فەرد سۇپىتىدە ئايرىم يېزىلغانلىرىمۇ ۋە ئەسەرلىرى ئىچىدە قىستۇرما تەرىقىسىدە يېزىلغانلە-

رىمۇ بار. «فەرد» نىڭ سۆزلۈك مەنىسى «يەككە»، «يالغۇز» دېگەنلىك بولىدۇ، ئۇ بىر بېيىت يەنى ئىككى مىسرادىنلا ئىبارەت. كۆپىنچە ھېكمەتلىك ئىبارىلەر، ماقال - تەمسىل تەرزىدىكى ئافورىستىك شېئىرىي جۈملىلەردۇر.

مۇرۇۋۋەت بارچە بەرمەكدۇر، يېمەك يوق،
فۇتۇۋۋەت بارچە قىلماقدۇر، دېمەك يوق.

* *

يۇقار يامانلىغ ئاتاكىم كىرەر يامان ئەل ئارا،
كۆمۈر ئارا ئىلىك ئۇرغان قىلۇر ئىلكىنى قارا.

* *

كىشى ئەيىبىڭ دېسە، دەم ئۇرماغىلكىم، ئۇل ئېرۇر كۆزگۈ،
چۇ كۆزگۈ تىيرە بولدى، ئۆزگە ئەيىبىڭ زاھىر ئەيلەرمۇ؟

* *

قاتىق كۆڭلۈڭدىن ئاقنى خەلق ياشى،
كى، يامغۇر بائىسىدۇر يادە تاشى.

* *

ئەي فەلەك، زۇلم ئەتكەلى يوقدۇر مېنىڭدەك بىر كىشىڭ،
تۈت غەنىمەتكىم، بۇ دەم تۇشمىش مېنىڭ بىرلە ئىشىڭ.

* *

نېتەي ئەلنىڭ بەھارىنكىم، ماڭا ئاشۇبى ھىجراندۇر،
كۆزۈمدە سەرۋ ئوقدۇر، كۆڭلۈم ئىچرە غۇنچە پەيكاندۇر.

## 3. نەۋائىينىڭ بەدىئىي سەنئەتلىرى

كلاسسىك شېئىرىيەتتە، شۇنىڭدەك ئومۇمەن نەسرىي - نەزمى ئەسەرلەردە، «بەدايىئ سەنايىئ» (بەدىئىي سەنئەتلەر) يەنى تەسۋىرىي ئۇسۇللار 120 خىلغا يېتىدىغانلىقى، جۈملىدىن نەۋائىينىڭ دىۋانلىرىغا كىرگۈزۈلگەن ئەسەرلەردە ئىشلىتىلگەن تەسۋىرىي ئۇسۇللار 100 خىلدىن ئاشىدىغانلىقى مەلۇم.

نەۋائىي بىرەر ئوي - پىكىرنى ئاڭلىتىش ئۈچۈن، شۇنىڭغا مۇناسىپ كېلىدىغان ژانىر-شەكىلنى تاللىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدا ئىشلىتىلىدىغان بەدىئىي سەنئەتكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. نەۋائىي ئىشلەتكەن، بەدىئىي سەنئەتلەرنى، مەنە ئېتىبارى بىلەن ئىشلىتىلگەن ئورۇنلىرىغا قاراپ، 4 تۈركۈمگە بۆلۈپ تەھلىل قىلىش مۇمكىن.

### 1) ئىستىئارد سەنئىتى

بۇ ئادەتتە، تەسۋىرنىڭ ئىستىئارە - رەمز ئۇسۇلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ — بەدىئىي ئەدەبىياتتا چوقۇم ئىشلىتىلىدىغان ئۇسۇللاردىندۇر. بۇ تۈركۈمگە ئىستىئارە بىلەن رەمزىدىن باشقا، مەجاز، كىنايە، قىياس ئۇسۇللىرى كىرىدۇ. بۇلار مەنە جەھەتتىن بىر - بىرىگە يېقىن ۋە گاھىدا مەنىداشلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ.

ئىستىئارە، ئادەتتە، ياۋروپا تىللىرىدا، مېتونىمىيە ۋە سېنكدوخا دەپ ئاتالغان سۆزلەر-نىڭ مەنىلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

رەمزە — ئەسلىدە «ئىما - ئىشارە» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان سۆز. رەمزە — بىرەر ئوبيېكتنى بىۋاستە ئەمەس، ئىما بىلەن بايان قىلىش ئۇسۇلى.

مەجاز — مىتافورا دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تۈپ مەنىسى ھەقىقىي ئەمەس (ئىشقدە)، زاھىرەن دېگەنلىك بولىدۇ؛ بىرەر سۆزنىڭ ئۆزىنىڭ تۈپ مەنىسىدە ئىشلىتىلمەي. ئوخشىتىش ئارقى-لىق باشقا مەنىدە ئىشلىتىلىشى.

كىنايە — ۋاستە ئارقىلىق ئىپادىلەشنىڭ بىر تۈرى. «قىزىم سەن ئىشىت. كېلىنىم سەن ئاڭلا» دېگەندەك دارىتما يولى بىلەن ئاڭلىتىش، ئاللېگورىيىگە توغرى كېلىدۇ.

قىياس — بۇداش، چاغلاش، خىيالەن سېلىشتۇرۇش، مۆلچەرلەپ كۆرۈش، نىسبەت-لەشتۈرۈش بىلەن ئوخشىتىش.

نەۋائىي لىرىكىلىق ئەسەرلىرىدە ئىستىئارە سەنئىتىدىن (جۈملىدىن رەمزە، كىنايە، قىياس ئۇسۇللىرىدىن) كۆپ پايدىلانغان. ئىستىئارىنى كۆپ ھاللاردا تەشبىھى بىرىكمىلەر بىلەن ئىپادىلىگەن. مەسىلەن،

ئىشق — ئىشق ئوتى، مۈلكى ئىشق، ئىشق دەرياسى،
ھەجر — ھەجر بەرقى، ھەجر تاشى، خەنجەرى ھىجران.
غەم — غەم سىپاھى، غەم تۈنى، غەمىم خەيلى.
كۆڭۈل — كۆڭۈل بوستانى، كۆڭۈل رەۋزەسى، كۆڭلۈم قۇشى.
جان — جان گۈلشەنى، جان رىشتەسى، جان پەردىسى.
فىراق — فىراق شامى، فراق تاغى، تىغى فۇرقەت.

شۇنىڭدەك، نەۋائىي ئەسەرلىرىدە قۇياش لالەسى، ئاي لىباسى، كۆك بايابانى، كۆك دەبىرى، ئەخزەرى گۈمبەز دېگەندەك مىڭلىغان ئىستىئارەۋى سۆزلەرنى ئىجاد قىلغان ۋە ئىشلەتكەن.

نەۋائىي ۋە باشقا كلاسسىك شائىرلارنىڭ لىرىكىلىق ئەسەرلىرىدە «قۇياش» سۆزىنى، كۆپ ھاللاردا، باشقا سۆز بىلەن بىلدۈرۈش بىر تەسۋىرىي ۋاستە بولۇپ قالغان. مەسىلەن، «خوتەن خاۋەرى»، «شاھى خوتەن»، «تۈركى خوتەن» دېگەندەك سۆزلەر — قۇياشنىڭ

ئىستىئارەۋى نامىدۇر.

بۇ نەۋئ ئۈيۇدۇمكىم، مېنى ئويغانقۇچى تاڭلا،
يۈز سىيمپىشانلىغ بىلە شاھى خوتەن ئەردى.
(«غ- س»)

تۈركى خوتەن تاپتى چۇ زىبا جەمال.
مۇشك فىشان بولدى نەسىمى شەمال.
(«ھ - ئە»)

شۇنىڭدەك، گۈزەل مەھبۇبىنىمۇ «ئاھۇيى خوتەن»، يارنىڭ خۇشى بۇيىنى ياكى چېچە-نىڭ قارىلىقىنى «مۇشكى خوتەن» دەپ، ئىستىئارەۋى ئىپادىلەش نەۋائىينىڭ ئىزچىل بەدىئىي سەنئەتلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ.

نەۋائىي لىرىكىلىق ئەسەرلىرىدە، كۆپىنچە، كىنايە، قىياس يوللىرى بىلەن ئىستىئارە-ۋى تەسۋىر كۈچلەندۈرۈلگەن. نەۋائىي ئۆزىنىڭ ساۋاقدىشى، دوستى پادىشاھ ھۇسەين بايقاراغا ھەر جەھەتتىن ياردەم بەرگەن ۋە ئۇنى ھامان توغرا يولغا دەۋەت قىلغان. ئەمما، ئۆز تەبىئىتىگە يارىشا، ئۇ نەۋائىينىڭ مەسلىھەتلىرىگە قۇلاق سالماي، بىرمۇنچە تەلۋىلىكلەرنى قىلغان، ھەتتا پىتنىخورلارنىڭ چېقىملىرىغا ئىشىنىپ، نەۋائىينى چەتكە قاققان، نەۋائىي پادىشاھنىڭ بۇ ھەددى - ھەرىكەتلىرىگە نارازى بولغان، نەۋائىي مۇنداق نارازىلىقىنى ئۆز غەزەللىرىدە كىنايە يولى بىلەن ئىپادىلىگەن.

مەتلەئ: تەختۇ جاھىڭ كىشۋەرى مۇلكى سىكەندەر بولدى، تۇت،
خىزر ئۇمرى ھەم بۇ مۇلك ئۇزرە مۇيەسسەر بولدى، تۇت.
مەقتەئ: ئۆلسە دەپ ئەردىڭ نەۋائىي، تىرگۈزەي ۋەسلىم بىلەن،
بۇلتۇر ئۆلگەنلەر بىلە ئانى بەرابەر بولدى تۇت.
(«ب - ۋ»)

يەنە بىر غەزىلىدە، شاھىنىڭ مەيخورلۇقتا بېرىلىپ، ئەل - ئۇلۇس ئىشىنى بىر چەتكە قايرىپ قويغانلىقىغا كىنايە قىلىپ، مۇنداق يازغان:

مەتلەئ: باشىغا مەي چىقىبان، بولدى ئول ستەمگەر مەست،
يوق ئەھلى ھۇسن ئارا بىر ئۇيلە قاتىلى سەرمەست.

مەقتەئ: نەۋائىي ئۇسرۇك ئەگەر قىلسا ئەربەدە، تاڭ يوق.
كى شەين ئولۇر كىشى مەجنۇننى گەر قىلۇرلار مەست.
(«ب - ۋ»)

پادىشاھ ئۆزىنىڭ شان - شەۋكىتىگە ۋە كۈچ - قۇدرىتىگە تەمەننا قىلىپ، ئادالەتسىز ئۇرۇش قوزغىغانلىقىغا نارازى بولغان نەۋائىي ئۆزىنىڭ غەزەللىرىدىن بىرىدە، قىلىچ كىنايە-سى بىلەن ئۆز نارازىلىقىنى ئىپادىلىگەن:

چىقتى باغلاپ يەنە ئۇل كافىرى خۇنرىز قىلىچ.
مەست ھەر سارى سۇرەر رەخش، چېكىپ تىز قىلىچ.

١

قىلىچىن كۆردۇمۇ جانىمغە تەرەب يۈزلەندى،
تۇرفەدۇر قان تۆكۈپ ئۆلمەك، تەرەب ئەنگىز قىلىچ.

قەترە قانلاركى، تامار تىغىدىن، ئۇچماق گۇلىدۇر.
كى شەھىدىن قىلۇر ئۇل غەمزەغە خۇنرىز قىلىچ.

ھەر قايان تىغ سالۇر، كۆڭلۈم ئاسىغلىغدۇر ئاڭا،
بۇيلە قەتل ئەھلىدە كىم كۆردى دىلاۋىز قىلىچ.

لەمئەئى تىغى دىمە، بەرق جاقىلغان كىبىكىم،
گويىيا كەسكەلى ئىلكىدىن ئىتەر خىز قىلىچ.

ئىش ئارا ئەجزىنى كۆرگىلكى، ئۆلەرگە فەرھاد
خەسمى فەرتۇت تىلىن ئەيلەدى پەرۋىز قىلىچ.

شەھ نەۋائىي تىلىدەك تىغ ئىلە كۆپ مۇلك ئاچتى.
تارتمىش ئاچقالى باغداد ئىلە تەبرىز قىلىچ.
(«ب - ۋە»)

نەۋائىي ئۆز ئىستەكلىرىنى تەسەۋۋۇر ئارقىلىق ئىپادىلەشتە، بەزىدە قىياسى سەنئەتتىن ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن پايدىلانغان. مەسىلەن:

تۇشۇمگە كىردى جەننەت ئىچرە ھۇرۇ تۇبىيۇ كەۋسەر،
مەگەر كويىدا تاپقۇم ئارەزۇ، قەددى لەبىدىن بەر.

مەن ئەتتىم ئىشقى تەركىن ھەم ئۇل ئەتتى ۋەسلىدىن ۋەئدە،
نە ئاندىندۇر ماڭا باۋەر، نە مەندىندۇر ئاڭا باۋەر.

يۈزى كۆزگۈگە خەتتى يۈزگە زىينەت بەردى كىم كۆرمىش،
قەمەرغە سۇبھدىن رەۋنەق، قۇياشقە شامدىن زىۋەر!

يۈزىندە خەيمۇدۇر يا ماڭلايىدىن قەترە، ۋەھ، كۆرگىل
كى گۇلدىنمۇ ئاقار شەبنەم، قۇياشدىنمۇ تامار ئەختەر؟!

لەبىدە نۇتقۇ نۇتقىدا لەتافەت كۆركى، نە ياڭلىغ
سۇدۇر ياقۇت ئارا مۇدغەم، ھەيات ئۇل سۇ ئارا مۇزمەر.

يۈزىنىدەك پەرتەۋۇ ئول پەرتەۋ ئىچرە لەئلىنى كۆركىم،
ئوت ئۇزرە شۇئلە كۆرگۈزدى ۋە لېكىن شۇئلەدە ئەخگەر.

خۇمارى ھەجرۇ دەردى ئىشقدىن مۇزتەرمەن، ئەي ساقى،
كەرەم ئەيلەپ، ئوتۇمغا سۇ قۇي، ئەمما جانىمە ئازەر.

زەماندىن ئەھلى يا ئەھلى زەماندىن ئىستەگەن ئىھسان،
يانار ئوتدىن تىلەركىم سۇ چىقارغان، خاردىن گەۋھەر.

تىلەر لەيلىنى مەجنۇن، دىلبەرىن مىسكىن نەۋائىي، ۋەھ،
كىرەك بۇلبۇلغە گۈل، دىۋانەغە يارى پەرى پەيكەر.
(«ب - ۋ»)

ئىستىئارە سەنئىتىنىڭ يەنە بىر مۇھىم تەركىبى — رەمزە، نەۋائىي لىرىك قەھرىمانـ. ىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى تەسۋىرلەشتە ئىشلەتكەن رەمزە — كۆپىنچە رەڭلەر رەمزىسىدۇر، يەنى رەڭلەر سىيمالىقى (سىمۋوللۇقى) نەۋائىينىڭ مۇھىم بەدىئىي سەنئەتلىرىدىن بىرىدۇر. «خەزايىنۇل مەئانى» غا كىرگۈزۈلگەن غەزەللەر ئىچىدە، رەڭلەر رەمزىسى ئىشلىتىلگەن غەزەللەرنى كۆپ ئۇچرىتىمىز، نەۋائىي غەزەللىرىدە قىزىل، ئەرغەۋان (چىلان قىزىل)، يېشىل، كۆك - سەبزە، بىنەپشە، سۆسۈن، ئاق، قارا - مۇشىك ۋە ئەنبەر، سېرىق، كۈل رەڭ — كۆمۈش رەڭ ۋە باشقا رەڭلەرنى كۆرىمىز. نەۋائىي بىرەر ھالەت ياكى كەيپىياتنى گەۋدىلەندۈرۈپ تەسۋىرلەش ئۈچۈن، مەزكۇر رەڭلەرنى ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن جاي - جايىدا ئىشلەتكەن.

نەۋائىي لىرىك قەھرىمانىنىڭ ئاشقى ۋە ئىچكى گۈزەللىكلىرىنى ۋە ھېس - تۇيغۇلىرىنى تەسۋىرلەشتە، كۆپىنچە، قىزىل، ئالا ياكى ئۇنىڭغا مەنىداش گۈل (قىزىلگۈل)، گۈلگۈن، گۈلنار رەمزىلىرىنى ئىشلەتكەن.

ياكى گۈلگۈن تون - ئېگىنمۇ يۈزگە ئەيلەپتۇر ھىجاب،
يا ياشۇرمىشتۇر قۇياش رۇخسارىنى گۈلگۈن سەھاب.

يوقكى، ئىشق ئەھلىگە ئالەمنى قارائغۇ قىلغالى،
ئول شەفەقدىن ياپتى خۇرشىد ئۇزرە گۈلنارى نىقاب.

تا قىزىل تون ئىچرە بولدى جىلۋەگەر ماھىم مېنىڭ،
مىھر ئېتەر ھەر تۈن شەفەق خۇنابى ئىچرە ئىزتىراب.

قان ياشىم ئەكسىمۇ ئال ئەتمىش فەلەك مىرئاتىنى
كىم، بولۇپتۇر لەئلگۈن ئەتلەستە سايىر ئافتاب.

تون كىيىپ گۇلرەڭگى، ئالەمنى گۇلىستان ئەيلەدىڭ،
بىزگە قىسىم ئەيلە خەزانى ھەجر ئارا خارى ئەزاب

ساقىئى گۇلچېھرە، گۇلگۇن بالا بىئەندازە تۇت
كى، بۇ گۇلشەن ئىچرەدۇر خارى مەلالەت بىھىساب.

ئىككى ئالەمدە نەۋائىي، سۇرخرولۇغ ئىستەسەڭ،
ھەم نەبى، ھەم ئالى ھۇببىغە دۇرۇست ئەت ئىنتىساب.
(«ب - ۋ»)

يار - مەھبۇبنىڭ قامىتى ۋە ئېگىنىنى سۆسۇن رەمزىسى ۋە سەرۋ - شەمشاد بىلەن تەشبىھ قىلىپ، سالاپەت - سۆلىتىنى گەۋدىلەندۇرگەن.

سەۋسەنى تون بىرلە ئۇل قەد سەۋسەنى ئازاد ئېرۇر.
يا بىنەفشە بەرگىدىن زىب ئەيلەگەن شەمشاد ئېرۇر.

ئەللاھ - ئەللاھ، بىلمەن ئۇل قەدىنكى سەۋسەن بەرگىدىن،
زىبلىك شەمشاد ئېرۇر يا سەۋسەنى ئازاد ئېرۇر.

ۋەھ، نە سەرۋدۇركى، تا خىلئەت كىيىپدۇر سەۋسەنى،
چاك ئۇلۇپ گۇل خىلئەتى، بۇلبۇل ئىشى فەرياد ئېرۇر.

سەۋسەنۇ سەرۋى ئەگەر يوقتۇر دەممىدىن باغ ئارا،
ئۆرتەنىبان سەرۋۇ سەۋسەن، ھۇللەسى بەرباد ئېرۇر.
(«ف - ك»)

نەۋائىي يارنىڭ يۈز - كۆزىنى تەسۋىرلەشتە، قارا - نەرگىس بىلەن گۇل (قىزىلگۇل) رەمزىسىنى ئىشلەتكەن:

قارا نەرگىس كۆزۈ گۇل يۈز بىلە گەر سەن كىبى يوق،
بۇلبۇل مەن كىبى يوق نەغمەسەرا، ئەي قارا كۆز.

ئەمما، يەنە شۇ قارا - تىيرە رەمزىنى نەۋائىي ئۆز دەردىنى ۋە ئۆزىنىڭ ئېتىزارلىقتا كۆزى قاراڭغۇلاشقانلىقىنى ئىپادىلەشتىمۇ ئىشلەتكەن:

بۇ كىم قارادى چۇ تەردامەن ئەردىيۇ غەممار،
فىراق شامىدادۇر تىيرە روزگار كۆزۈم.

نەۋائىي يار - مەھبۇبنىڭ ياكى لىرىك قەھرىمانىنىڭ قەددى - قامىتى قىياپىتى —

كىيىم - كېچەكلىنى ۋە يۈرۈش — تۇرۇشلىرىنى تەسۋىرلەشتە، قىزىل بىلەن مەنىداش بولغان باشقا رەڭ رەمزىلىرىنى ئىشلىتىپ، تەسۋىرنىڭ رەڭدارەڭلىكىنى ۋە جەلپكارلىق سېھرىنى ئاشۇرغان ۋە بۇنىڭدا تەكرار سەنئىتىنى قوللانغان.

ئەرغەۋانى تونمۇدۇركىم كىيمىش ئول سەرۋى رەۋان،
يا مەگەر سەرۋى رەۋان قىلمىش لىباسىن ئەرغەۋان.

سەرۋىنىڭ ھەر بەرگى باغرىم قانىدىن سىراب ئېرۇر،
يوقسە بولماس ئەرغەۋانى بەرگلىك سەرۋى رەۋان.

سەرۋىدىن تا تاپتى زىينەت ئەرغەۋان يۈز شەۋق ئىلە،
باشقا سانچار ئەرغەۋان ھەرزاد سەرۋ نەۋجۇۋان. . .

ئەرغۋانىي تون بىلە قەتل ئەيلەمەس ئول سەرۋكىم،
قان ئىلە قىلمىش لىباسىن ئەرغۇۋانىي بىر ئەۋان.

ئەرغەۋانى سەرۋىدىن تا دەھر باغى زەبىتدۇر،
بولسۇن ئول كىم دەھر ئارا ھەم شاھ ئېرۇر ھەم پەھلەۋان.
(«غ - س»)

نەۋائىي گاھى غەزەللىرىدە مۇرەككەپ قىياپەت ھادىسە ۋە ھېس - تۇيغۇنى تەسۋىرلەشتە، مۇرەككەپ رەڭلەر رەمزىسىدىن پايدىلانغان.

خىلئەتىن تا ئەيلەمىش جانان قىزىل، سارىغ، ياشىل،
شۇئلەئى ئاھىم چىقار ھەريان قىزىل، سارىغ، ياشىل. . .

لەئلگۇن مەي تۇتقىل ئالتۇن جام بىرلە سەبزەدە
كىم بۇلاردىن ياخشى يوق ئىمكان قىزىل، سارىغ، ياشىل. . .

ئەي نەۋائىي، ئالتىنۇ شەنگەرفۇ زەنگار ئىستەمە،
بولدى نەزمىڭ رەڭگىدە دىۋان قىزىل، سارىغ، ياشىل.
(«ف - ك»)

نەۋائىي مۇنداق مۇرەككەپ رەڭلەر (قىزىل، سېرىق، يېشىل) ئارا ئايرىمچە كۆرۈنىدىغان قېنىق ۋە ئۇرۇن رەڭلەرنى نىسبەتلەشتۈرۈپ، تەسۋىر ئوبيېكتىنى تېخىمۇ تولۇسلەندۇرۇپ، سىيمانى ئالاھىدە چېنىقتۇرۇشنى كۆزلىگەن. مەسىلەن، سېيمىنبەر (كۈمۈش رەڭ ياكى ئۇرۇن) بىلەن بىنەفش، سەۋسەن بىلەن ئەرغۇۋان، گۇلروي (قىزىل يۈزلۈك) بىلەن ئاقۇش بىنەفش تون ۋە باشقىلار..

## 2) مۇبالىغە سەنئىتى

مۇبالىغە سەنئىتى شېئىرىيەتتىلا ئەمەس، ئومۇمەن بەدىئىي ئەدەبىياتتا، شائىر ۋە ئەدىبنىڭ تىل بايلىقى ۋە ئەدەبىي تىل پاساھىتىنى تېخىمۇ گەۋدىلىك نامايان قىلىدىغان بەدىئىي سەنئەتلەرنىڭ مۇھىم بىر تۈركۈمىدۇر.

مۇبالىغە سەنئىتىگە تەبلىغ (ئاشۇرۇش، جۈملىدىن غۇلۇ — ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىش)، تەشبىھ (ئوخشىتىش)، مۇراجىئەت (رۇجۇئ — يۈكلەش، ئۈندەش). سوئال - جاۋاب، رىتورىكىلىق سوراق قاتارلىق تەسۋىرىي ئۇسۇللار كىرىدۇ. نەۋائىينىڭ ئەسەرلىرىدە بەدىئىي سەنئەتنىڭ بۇ تۈركۈمى جاي - جايىدا ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن روشەن ئىپادىلەنەن.

مۇبالىغە بىلەن تەشبىھ كۆپ ھاللاردا يانمۇيان كېلىدۇ ۋە بىر - بىرىنى تەقەززا قىلىدۇ ھەم تولۇقلاندۇرىدۇ؛ ئۇ بەدىئىي ئەسەرنىڭ غايىۋى تەسىرى ۋە بەدىئىي ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشتا جۈپتەك ۋاستىدۇر. تاجىك - پارس ئەدىبى سەئىد نەفىسىي شۇنداق دەيدۇ: «ھەربىر شائىرنىڭ كاتتا ماھارىتى تەشبىھلەردە كۆرۈنىدۇ. تەشبىھتە قۇدرەتلىكرەك بولغان ھەربىر شائىر جاھانگىرراقدۇر.» نەۋائىي كلاسسىك شائىرلار ئىچىدە، مۇبالىغە - تەشبىھ سەنئىتىدە ھەقىقەتەن قۇدرەتلىكرەك شائىردۇر. نەۋائىينىڭ بۇ ئەبىياتلىرىنى ئوقۇپ كۆرەيلى.

يۈزۈڭ غەمىدىن ئېرۇر ئەبرى نەۋباھار كۆزۈم.
نە ئەيب، يەر يۈزىنى قىلسا لالەزار كۆزۈم.
(«غ - س»)

سۇپۇردۇم كۆز بىلە كويۇڭ فىزاسىن
كى، جانلار جىلۋەگاھىدۇر بۇ ساھەت.
(«ب - ۋ»)

چىقىپ ئىشق ئوتى كۆكسۇم چاكىدىن، باشىمدىن ئاشىپدۇر.
بۇ ئەسكىرگەن ياغاچقا ئۆز ئىچىدىن ئوت تۇتاشىپتۇر.
(«ب - ۋ»)

ئاھىم غەمىڭدە گۇنبەزى ئەخزەرنى كۆيدۇردى،
ھەر ئۇچقۇنى فەلەكدە بىر ئەختەرنى كۆيدۇردى.

ئاتەشكەدە ئوتىدا سەمەندەر تاپار ھەيات،
كۆكلۇم ئوتى ۋەلېك سەمەندەرنى كۆيدۇردى.
(«ب - ۋ»)

گەر قۇياشتىن قەدرىم ئارتۇقراقدۇر شاھ ئاللىدا،
زەررەدىن يۈز قەتلە ئۆكسۈكرەكمەن ماھ ئاللىدا.

ياندا ئاي ئاللىدا خۇرشىد ئېرۇر ھەر كىمسەكىم،

گاھ بولسا دىلبەرىنىڭ ياندا، گاھ ئاللىدا. .

(«ف ـ ك»)

تەشبىھ — ئوچۇق تەشبىھ (تەشبىھى جەلى)، يېپىق تەشبىھ (تەشبىھى خەفى) دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. مەسىلەن، يېپىق تەشبىھنى كۆرەيلى:

كۆڭۈلۈم قاشىڭ خەيالى بولدى تەنۇن نۇندەك،
ئۆيلە نۇنغە نۇكتە بولدى، داغى پىنھان ئاقىبەت.
(«ب ـ ك»)

نەۋائىي غەم ـ قايغۇ، فىراق ـ ھىجران موتىفلىرىنى تەبىئەت ھادىسىلىرى ئارقىلىق تەسۋىرلەشتە، تەشبىھنىڭ مۇسەلسەل تۈرىنى (زەنجىرسىمان تەسۋىرنى) ئىشلەتكەنكى، بۇ سەنئەتتە نەۋائىينىڭ ماھارىتى كىشىنى ھەيران قىلىدۇ.

سۆزى بەرقى ئىچرە جىسمى رازى غەمناك ئۆرتەنۇر،
ئۆيلەكىم، بەرقى بەلا چاقىلسا، خاشاك ئۆرتەنۇر. . .

سۇبھىدەم گۈلگۈن بۇلۇت يا شام ھەم گۈلگۈن شەفەق،
يا ئول ئاي ھىجرانىدا ھالىمغە ئەفلاك ئۆرتەنۇر.
(«ف ـ ك»)

نەۋائىي نۇرغۇن غەزەللىرىدە، يار ـ مەھبۇبنى، يار ـ بۇرادەرلىرىنى، ھۆكۈمران ـ ئەربابلارنى ئەدلى ـ ئىنسابقا، ياخشىلىققا، ۋاپادارلىققا، ساخاۋەتكە، ھەتتا ئۆزىنىمۇ بىھۇدە خىيال ۋە ئارزۇدىن تىيەشكە ئۈندەپ، مۇراجىئەت سەنئىتىنى ئىشلەتكەن، بۇ سەنئەتتە، كۆپىنچە «ئەي» ئۈندىشىنى ۋە پېئىلنىڭ ئىستەك، چاقىرىق رايلىرىنى قوللانغان.

كىشىكى ئىستەسەكىم، يەتمەگەي مەلالەت ئاڭا،
كىرەكمەس ئەھلى جەھان بىرلە زەۋقۇ ھالەت ئاڭا. . .

يامانىنى دېمەكى، ئىزلال ئېتەر ئىكىن شەيتان،
دېگىل، فەساددە مۇندىن يېتەر زەلالەت ئاڭا.

دېمەكى ئىلمىدە كەلمىش مەلەكدىن ئول ئەفزۇن
كى دىۋدىن داغى ئەفزۇن ئېرۇر جەھالەت ئاڭا.
(«ف ـ ك»)

ئوتقا سالغىلى سەرۋىنى، ئول قەددى مەۋزۇن بولماسا،
يەلگە بەرگىل گۈلنى، ئول رۇخسارى گۈلگۈن بولماسا.

ئەي نەۋائىي، تانما، گەر دەر ئۇل پەرى مەجنۇن سېنى،
ئاشىق ئۇلغايمۇ پەرىغە، ئۇلكى مەجنۇن بولماسا.
(«ب - ۋ»)

نەۋائىي ئۆزىنى غەم بالاسىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىگىمۇ ۋە مەھبۇبىغىمۇ مۇراجەئەت قىلغان.

ئايرىل، ئەي زەئىف، ئەمدى ماھى ناتەۋانىمدىن مېنىڭ،
كەم قىل ئەندۇھ ئوتىنى ئازۇردە جانىمدىن مېنىڭ...

ئەي فەلەك، جىلۋەك ئۈچۈن ئەيلەي رەۋانىمنى فىدا،
جىلۋەگەرلىك ئالماغىل سەرۋى رەۋانىمدىن مېنىڭ.

جىسمىم ئارا ھەردەم ھەرارەت فەھم قىلساڭ، ئەي قۇياش،
غافىل ئولما جان داغى رۇھى رەۋانىمدىن مېنىڭ.

خۇردەئى جانىم نىسارىڭ، ئەي نەۋائىي، گەر دېسەڭ،
سەھھەت ئايىن نۇكتە شاھى خۇردەدانىمدىن مېنىڭ.
(«ب - ۋ»)

نەۋائىي پىكىر - مەقسەتنى زىددىيەتلەر ئارقىلىق ئىپادىلەشتە، تەشبىھى مۇبالىغىنى تولۇقلىغۇچى، ئىلتىپات، سوئال - جاۋاب ۋە رىتورىكىلىق سوراق سەنئىتىنىمۇ كۆپ ئىشلەتكەن.

نە گۈلشەندىن ئەتر دىماغىمغا يېتىشتى،
نە غۇنچەسىدىن نۇكتە قۇلاغىمغا يېتىشتى...

دېسەم: نە ئۈچۈن ساغەرى مەيدىن تاپار ئەل جان؟
دەر: بەزمدە بىر قەتلە دۇداغىمغە يېتىشتى.
(«ف - ك»)

بۇ سەنئەتنى تەتبىق قىلغاندا (يەنى سوئال - جاۋاب شەكلىدىكى تەسۋىر ئۇسۇلىدا)، نەۋائىي كۆپىنچە. «دېسەم»، «دەر» (ھەم يوقلۇق شەكلى) پېئىللىرىنى ئىشلەتكەن.

دېمە يۈزىكىم، خوتەن گۈلزارىدۇر بۇ،
دېمە خەت، نافەئى تاتارىدۇر بۇ.

دېسەم: زۇلفۇڭنىمۇ كۆڭلۈم ئەيلەدى بەند،
دەر: ئەي مىسكىن، ئانىڭ بىر تارىدۇر بۇ.

نەۋائىيغە، دىسەم، قىل، ئەي يىگىت، رەھىم،
كۆلۈپ دەر: نە ھەياسىز قارىدۇر بۇ.
(«ب - ۋ»)

نەۋائىي ئۆزگىگە قىلغان ۋاپادارلىقىنىڭ بەدىلىگە ئۆزگىنىڭ بىۋاپالىق قىلغانلىقىدىن، ئۈستىلەپ جاپا قىلغانلىقىدىن ھەيران بولۇپ، ئۆزىگە ئۆزى تەتۈر سوئال قويۇش تەسۋىرىنى ئىشلەتكەن:

كىمگە قىلدىم بىر ۋەفاكىم، يۈز جەفاسىن كۆرمەدىم؟!
كۆركۆزۈپ يۈز مىھر، مىڭ دەردۇ بەلاسىن كۆرمەدىم؟!

كىمگە باشىمنى فىدا قىلدىمكى، باشىم قەسدىغە
ھەر تەرەفدىن يۈز تۈمەن تىغى جەفاسىن كۆرمەدىم؟!

كىمگە كۆڭلۈم ئەيلەدى مىھرۇ مۇھەببەت فاشكىم،
ھەر ۋەفاغە يۈز جەفا ئانىڭ جەزاسىن كۆرمەدىم؟!
(«ب - ۋ»)

قەسرىنىڭ ھەر كۈنگۈرى ئۈزرە بالا تاشىمىدۇر؟
يوقسە باتىل ئىشق دەئۋا قىلغان ئەل باشىمىدۇر؟

غەم تۈنى بىلمەن شەفەقدۇر يا فەلەك مىرئاتىدا،
ئەكس كۆرگۈزگەن كۆزۈمنىڭ لەئلگۈن ياشىمىدۇر؟...

ئىلكىدە جامۇ كۆرەر مەي ئىچرە ئالەم ھالەتى،
يا رەب، ئول جەمشىد يا مەيخانە قەللاشىمىدۇر؟

تاڭلاغى كەۋسەر ئۈچۈن، دەرسەن، بۇ كۈن مەي ئىچمەگىل،
تىك تۇر، ئەي زاھىد، نەۋائىي سەن كىبى ناشىمىدۇر؟
(«ب - ۋ»)

نەۋائىي بەدىئىي سەنئەتنىڭ بۇ تۈركۈمىگە كىرىدىغان تەلمىھ (سۆز ئىشارىسى)، تەنسىقۇس - سىفات (رەتلىك سۈپەتلەش)، مۇرائاتى نەزىر (ئىككى بىسلىق ئىبارە بىلەن ئىپادىلەش)، لەففۇ نەشر (ئەگىتمە سۆزلەر بىلەن كۆرسىتىش). تەمسىل (ماقال - تەمسىللەر بىلەن ئىپادىلەش)، تەسدىر (بىرىنچى سۆز يەنى شېئىردىكى بىرىنچى مىسرانىڭ بىرىنچى سۆزىنى نۇقتا قىلىش) قاتارلىق تەسۋىرىي ئۇسۇللارنىمۇ قوللانغان.

## 3) بەدىئىي قۇرۇلما سەنئىتى

بۇ سەنئەت شېئىرنىڭ سىنتاكسىسلىق — ئىستىلىستىكىلىق تەسۋىرىي ئۇسۇللىرىنى كۆرستىدۇ. شېئىرىي گراماتىكىغا تەئەللۇق بۇ سەنئەتنىڭ مەزمۇنى كەڭرى ۋە تۈرلىرىمۇ كۆپ، بەدىئىي سەنئەتنىڭ بۇ تۈركۈمى تەرسىئ، رەددۇل مەتلەئ، تەشبىھۇل ئەتراف، تەكرار، تەززاد، تەجنىس - ئىيهام، تەزمىن، ئىهتىزا قاتارلىق ئۇسۇللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. لىرىكىلىق ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىلىرىنى خىلمۇخىل قىلىپ شېئىرىي گراماتىكا جەھەتتىن پۇختا - مۇنتىزىم، ئىستىلىستىك تەسۋىر جەھەتتىن مۇكەممەل - پاساھەتلىك قىلىشتا، بەدىئىي قۇرۇلما سەنئىتى مۇرەككەپ رول ئوينايدۇ. بۇ سەنئەتتىمۇ نەۋائىي ئەڭ يېتۇك ۋە نەمۇنە ياراتقان مۇمتاز شائىردۇر. بۇ سەنئەتنىڭ بەزى تۈرلىرىنى تونۇشتۇرىمىز.

**تەرسىئ** — شېئىردىكى ئىككى مىسرانى بىر - بىرىگە ماس سۆزلەر بىلەن بېزەپ، ئاھاڭداش قىلىش سەنئىتى. بۇنىڭدا، بىرىنچى مىسرا سۆزلىرى بىلەن ئىككىنچى مىسرا سۆزلىرى ياكى بىرىنچى مىسرادىكى تۇراقلار ئۆزئارا ۋە بۇلار بىلەن ئىككىنچى مىسرادىكى تۇراق ئاھاڭداش، قاپىيىداش ھەم ۋەزنداش قىلىنىدۇ.

گۇلخان كۈلى ئىچرە نىهان، جىسمىم جۇنۇندىندۇر نىشان،
تا تەلبەلىك پەرقى ئەيان بولغاچ كۆيۈپتۇر خىرمەنىم.

تا ئىشق ئارا ئەفسانەمەن، ئوت ئىچرەكى دىۋانەمەن،
ئول شەمئ ئۈچۈن پەۋانەمەن كىم بولمىش ئۆرتەنمەك فەنىم.
(«غ - س »)

**رەددۇل مەتلەئ** — كەمالىدىن ھۇسەيىن ۋائىز كاشفىينىڭ تەبىرىچە: «رەددۇل مەتلەئ - كېيىنكى دەۋردىكىلەر بۇ ئەمەلنى سەنئەتلەر جۈملىسىدىن ھېسابلىغان ۋە ئۇ شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، شائىر مەتلەئدىكى مىسرانىڭ قاپىيىسىنى كېيىنكى بېيىتتە كەلتۈرىدۇ.» ئەمما، نەۋائىينىڭ بۇ سەنئەتنى ئۆز شېئىرىيىتىدە تەتبىق قىلىشىغا ئاساسلانغاندا، مەتلەئدىكى بىرىنچى مىسرانى مەقتەئنىڭ ئىككىنچى مىسراسىدا تەكرارلاش سەنئىتى — رەددۇل مەتلەئ سەنئىتىدۇر. بۇ سەنئەت نەۋائىي غەزەللىرىگە تەتبىق قىلىنىش داۋامىدا تەرەققىي قىلدۇرۇلغان. يەنى، غەزەلنىڭ پىكىر - مەقسىتىنى بىلدۈرىدىغان مەتلەئنىڭ بىرىنچى مىسراسىنى غەزەلنىڭ يەكۇنى ھېسابلىنىدىغان مەقتەئنىڭ ئىككىنچى مىسراسى قىلىش ئارقىلىق، ئوي-پىكىر بىلەن يەكۇننى جىپسىلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن: رەددۇل مەتلەئنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى — تەكىتلەش.

نامەسى قوينۇمدا بەسكىم، ئىزتىراب ئەيلەر كۆڭۈل،
ئۆپكەلى چىقماقتا گويا كىم شىتاب ئەيلەر كۆڭۈل.

ئەي نەۋائىي، ئاچتى كۆڭسۈمنىڭ تىكىلگەن چاكىنى،
نامەسى قوينۇمدا بەسكىم، ئىزتىراب ئەيلەر كۆڭۈل.
(«غ - س »)

ئەي مۇغەننى، چۈن نىھان رازىم بىلۇرسەن، سازتۈز،
تارتىبان مۇڭلۇغ نەۋا سازىڭ بىلە، ئاۋاز تۈز.

بەزم ئارا ئۈرتەر نەۋائىينى نىھان مۇڭلۇغ سۇرۇد،
ئەي مۇغەننى، چۈن نىھان رازىم بىلۇرسەن، ساز تۈز.
(«ب - ۋ»)

نەۋائىي بەدىئىي سەنئەتنىڭ بۇ تۈرىنى جانلىق ئىشلەتكەن. بەزى غەزەللىرىدە، مەتلەئدە-كى بىرىنچى مىسرانى شېئىرىي گراممانىكىنىڭ خەۋەر گەپلىك قۇرۇلما شەكلىنى ئىشلەتكەن بولسا، مەقتەئدە ئازراق سۆز ئالماشتۇرۇپ، سوراق گەپ شەكلىدە «رەد» (تەكرار) قىلغان.

**تەكرار** — بەدىئىي سەنئەتنىڭ ئىستىلىستىكىلىق تەسۋىرىي يوللىرىدىن بىرى. غەزەل-دە مىسرالاردىكى ئايرىم سۆزلەرنى كېيىنكى مىسرالاردا تەكرار ئىشلىتىش يولى بىلەن مەننى چوڭقۇرلاشتۇرۇش سەنئىتى. بۇ سەنئەتمۇ نەۋائىي غەزەللىرىدە رۋاجلاندۇرۇلغان.

ۋەھ، نېچە جىسمىمنى غەمدىن ناتەۋان ئەتكەي فىراق،
ناتەۋان جىسمىمغا ھەردەم قەسدى جان ئەتكەي فىراق.

جىسمىم ئەيلەپ ناتەۋان جانىمغە قەسد ئەيلەپ نىھان،
قەسد قىلغان جاننى رەسۋايى جەھان ئەتكەي فىراق...
(«غ - س»)

جان يېتىپ ئاغزىمغە تاپمان دەردى ھىجراندىن خەلاس،
جاننى ھىجراندىن خەلاس ئەت، يا مېنى جاندىن خەلاس.
(«غ - س»)

دىلرەبالار گەر كۆڭۈل ئالماقتادۇرلار ئەسرۇ شوخ،
لېك دىلدارىم ئېرۇر بۇ شوخلاردىن ئايرۇ شوخ.

شوخلاردىن بەئزى ئالسا جانۇ بەئزى بەرسە جان،
سەن قىلۇرسەن ئىككىسىن، ۋەھ، سەن كېبى بولغايمۇ شوخ.
(«ب - ۋ»)

نەۋائىي «رەد» ۋە تەكرار سەنئەتلىرىنى تەتبىق قىلغاندا، تەشبىھى مۇسەلسەلنى قوللان-غان، غەزەلنىڭ بېشىدا مۇسەلسەل تەشبىھنى قوللانغان بولسا، كېيىنكى بېيىتتا شۇ تەشبىھ-نىڭ يېڭى ھالقىسىنى شەكىللەندۇرگەن. بۇنىڭ بىلەن تەسۋىرنىڭ كۆتۈرەڭگۈلۈكى تېخىمۇ يۇقىرى بالداققا چىققان.

**تەشبىھۇل ئىتراف** — غەزەللەردە مىسرالارنىڭ بەلگىلىك بۆلۈكىنى ئىزچىل تەكرار-لاش يولى بىلەن، پىكىرنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈش سەنئىتى. تەشبىھۇل ئىترافنىڭ سۆزلۈك مەنىسى تەرەپ - تەرەپتىن تەشبىھ قىلىش. بۇ سەنئەتتە، تەشبىھ ئاساسىي ئورۇن تۇتقان

بولىدۇ. نەۋائىي غەزەللىرىدە، شېئىردىكى بىرىنچى مىسرانىڭ ئاخىرىدىكى سۆز ياكى ئىبارە كېيىنكى مىسرانىڭ بېشىدا ياكى ئوتتۇرىسىدا ئىشلىتىلگەن؛ ئىككىنچى بىر خىلدا بولسا، بىر بېيىتنىڭ ئىككىنچى مىسراسىدا كەلگەن سۆز ياكى ئىبارە ئىككىنچى بېيىتنىڭ بىرىنچى مىسراسىغا باشلانما قىلىنغان. بۇنىڭ بىلەن، تەشبىھلەر زەنجىرسىمان گىرەلىشىپ، پىكىر-نىڭ چوڭقۇر مەنىسى تۈرلۈك تەسۋىرلەر بىلەن ئېنىق يورۇتۇپ بېرىلگەن.

يادىن ئايرۇ كۆڭۈل مۇلكىدۇرۇر، سۇلتانى يوق،
مۇلكىكىم، سۇلتانى يوق، جىسمىدۇرۇركىم، جانى يوق.

جىسمىدىن جانسىز نە ھاسىل، ئەي مۇسۇلمانلاركى، ئول
بىر قارا تۇفراقدەكدۇركىم، مەھى تابانى يوق.

ئول قاراڭغۇ كېچەكىم، يوقتۇر مەھى تابان ئاڭا،
زۇلمەتىدۇركىم، ئانىڭ سەرچەشمەئى ھەيۋانى يوق.

زۇلمەتىكىم، چەشمەئى ھەيۋانى ئانىڭ بولماغاي،
دەۋزەخىدۇركىم، يانىدا رەۋزەئى رىزاۋنى يوق.

دەۋزەخىكى، رەۋزەئى رىزۋانىدىن ئولغاي ئۇمىد،
بىر خۇمارىدۇركى، ئاندا مەستلىغ ئىمكانى يوق.

ئەي نەۋائىي، بار ئاڭا مۇنداق ئوقۇبەتلەركى، بار
ھەجرىدىن دەردى ۋە لېكىن ۋەسلىدىن دەرمانى يوق.
(«ن - ش»)

**تەززاد** — تەززادنىڭ سۆزلۈك مەنىسى زىتلەشتۇرۇش، بۇ سەنئەتتە مەلۇم ئوبيېكتنى تەسۋىرلەشتە، شۇ ئوبيېكتنىڭ خىلمۇخىل جەھەتلىرىنى بىلدۈرىدىغان سۈپەت سۆزلەرنى بىر-بىرىگە سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئىپادىلىمەكچى بولغان مەقسەتنى روشەنلەشتۇرۇش كۆزلىنىدۇ. ئۇ تەئرىپ - تەۋسىپلەر مىسرالاردا ئورۇن ئالماشتۇرۇش يولى بىلەن يېڭىچە تۈس ئېلىپ، ئوبيېكتنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. نەۋائىي غەزەللىرىدە، ئوي - پىكىر قارىمۇ قارشى ئىككى ئوبيېكتنى ئۆزلىرىنىڭ تېگىشلىك خاراكتېر سۈپەتلىرىگە لايىق ئۆز چېغىدا بولۇشقا ئۈندەش يولى بىلەن ئاڭلىتىلغان. نەۋائىي غەزەللىرىدە تەززاد سەنئىتىنىڭ ئىككى خىل تىپى ئۇچرايدۇ. بىر تىپى زىت تەرەپلەردىن بىرىگە مايىللىقنى ئىپادىلەش تىپى؛ يەنە بىر تىپى زىت تەرەپلەر ئوتتۇرىسىدا ھەر ئىككى تەرەپكە مايىل بولماي، ئۇ تەرەپلەرنى ئۆزلىرىگە مۇناسىپ بولۇشقا رىجۇئ (يۈكلەش، ئۈندەش) قىلىش تىپى.

I خەستەدۇر جانىم مېنىڭ، تا باردى جانانىم مېنىڭ.
بولماسۇن گەر بارسا جانانىم مېنىڭ جانىم مېنىڭ.
(«ف - ك»)

تا قۇلاغىمغا زىرىمە سالدىڭمۇ قاشىڭغا گىرىمە،
خەستە كۆڭلۈمدەدۇر يۈزگىرىمۇ، ئانداق زىرىمە.
(«ف - ك»)

بارغالى شەھ ئايدا بىر مەي ئىچمەدىم ماھىم بىلە.
كاشكى، بىر ئايچىلىق بارغاي ئىدىم شاھىم بىلە.

شاھىمۇ ماھىمغا مەردۇد ئۇلسام، ئەرمەس ئەيبكىم،
بارمادىم شاھىم بىلەن، چۇن قالمادىم ماھىم بىلەن.
(«ف - ك»)

نەۋائىي بەزى غەزەللىرىدە، قىرلىق بىلەن يىگىتلىك - ئىككى زىت تەرەپنى تەززاد يولى بىلەن تەسۋىرلىگەن.

قارىدە گەرچە سەبۇك رۇھلۇغ فەراۋاندۇر،
ۋەلې يىگىتلەر ئارا چۇن كىرەر، گەرانجاندۇر.

شەبابىنىڭ ھەۋاسىدىن ساقالىنى رەڭ ئەتمە،
ئاقارسا سەبزە، كۆكەرمەك يەنە نەئىمكاندۇر.

قارى يىگىتلەر ئىشىن چۇن قىلۇر، ئىرۇر مەبھۇت،
يىگىت قارىلار ئىشىن پىشە قىلسە، ناداندۇر.

ئەسا يۈرۈرگە مەدەددۇر، ۋەلې ئەسا ئەھلى
چۇ نەيزە تۇتتى، ھەمۇل يول يۈرۈرگە نۇقساندۇر.

چۇ قەد ئىگىلدى، ئەسا بىرلە داغى بولماس تۈز،
ئىشتىسە تۈز ئاڭا بىر كۇنچى بەيتۇل ئەھزاندۇر...
(«ف - ك»)

نەۋائىي قىرىلارنى دوراپ مۇكچىيىۋالىدىغان يىگىتلەرنى تەززاد ئۇسۇلىدىكى غەزەللىرى ئارقىلىق ساتىرا قامچىسىغا تۇتقان.

يىگىتلىگىندە قىلۇر قەدنى بىنەۋالار كۈج،
مەگەركى فاقە يۈكىدىن بولۇر گەدالار كۈج.

ھەۋەس قارىلىغ ئىتىپ، گوپپىاكىم ئەيلەرلەر،
كۆڭۈل كەممىنى ئۇچۇن قەدنى دىلرەبارلار كۈج..

ئەسا تۇتۇپ نەئىلاج ئەيلەگەي گەداكى، بولۇر
چۇ ۋەقتى يەتتى — فەلەكقەدر پادشالار كۆچ.

نەۋائىي ئەتتى يىگىتلىك مەگەر ۋەفاسىزلىق
كى قىلدىلار قاربىان قەدنى بىنەۋالەر كۆچ.
(«ب - ۋ»)

يەنە بىر تەرەپتىن، ئانتىتېزا ئۇسلۇبىنى قوللىنىپ، ئانتونىم سۆزلەر، بىر - بىرىگە تەتۈر قويۇلىدىغان سۆزلەر ياكى شەكىللەر، تەستىق ۋە ئىنكار شەكىللىك سۆزلەر بىلەن پىكىرنى زىددىيەتلەر ئىچىدە ئىپادىلىگەن. بۇمۇ تەززاد سەنئىتىنىڭ بىر شەكلى.

تەزمىن — بىركىمنىڭ شېئىرىدىن ئۆزىنىڭ شېئىرىغا بېيىت، مىسرا ياكى ئىبارە كۆچۈرمە قىلىپ كىرگۈزۈش سەنئىتى. شۇنىڭدەك ئىھتىزا - بىرەر ئەسەرنىڭ تەرزۇ ئۇسلۇ-بى بويىچە ئىزىدىن مېڭىپ، شۇنىڭغا ئوخشاش ئەسەر يارىتىش سەنئىتى. نەۋائىي پارسچە لىرىكىلىق ئەسەرلىرىدە، تەزمىن ۋە ئىھتىزا ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ، ئابدۇرەھمان جامى ۋە هافىز شىرازى غەزەللىرىدىن پايدىلانغان. يەنە، ھىجائى ھۇرۇف (ھەجۋىي سۆزلەر) ۋە باشقا تەسۋىر يوللىرىنىمۇ نەۋائىي ئۆز ئەسەرلىرىدە كەڭ قوللانغان.

تەجنىس — ئوممۇنىملار (مەنىسى باشقا - باشقا شەكىلداش - ئاھاڭداش سۆزلەر) نى كەلتۈرۈپ، جىنسداش قىلىش، بۇ تۈركىي شېئىرىيەتتە قەدىمكى بەدىئىي سەنئەتلەردىن بىرى بولۇپ، «تۇيۇق» دەپ ئاتالغان. بۇ سەنئەت — «تەجنىس تام»، «ئىيھام» دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. تەجنىس تام — تۇگەل، تولۇق تەجنىس، يەنى ئوممۇنىملارنى شېئىر قاپىيىلىرىدە ھەممە مەنىلىرىدە تولۇق ئىشلىتىلگەن تۇيۇق؛ ئىيھام — سۆزلۈك مەنىسى ۋەھىمىگە سېلىش، شېئىرىيەتتە ئىككى مەنىلىك سۆز ئىشلىتىپ، بۇ ئىككى مەنىدىن كەم ئىشلىتىلىدىغىنىنى كۆزدە تۇتقان. تۇيۇق - تەجنىس ئادەتتە تۆتلۈك بولىدۇ.

يا رەب، ئول شەھدۇ شەكەر يا لەبدۇرۇر،
يا مەگەر شەھدۇ شەكەر يالەبدۇرۇر.
جانىمە پەيۋەستە ناۋەك ئاتقالى
غەمزە ئوقىن قاشىغە يالەبدۇرۇر.

* *

نېچە دېدىم ئول سەنەمگە: بارماغىن،
قىلمادى ئول تەرەك ئاخىر بارماغىن.
مۇنچە كىم خۇدرايلىق كۆرگۈزدى ئول،
ئەقىل ھەيرەت قىلدى، تىشلەپ بارغانىن،

نەۋائىي تەجنىس سەنئىتىدە مۇستەقىل تۇيۇقلارنى يازغاندىن باشقا، غەزەللىرى ئىچىدىمۇ تەجنىس بېيىتلارنى كۆپ ياغان. مەسىلەن،

كۆڭۈل چاكىغا غەم تۇخمىن خەتنىڭ فىكرى تولا قىلمىش،
زەخىرە، كۆركى، خەيلى مور مەسكەن ئىچرە تاشىپتۇر. . .

فەلەكنىڭ پەردەئى زەيلىن بۇ كىم قىلدى شەفەق گۈلرەڭ،
مەگەركىم يەر يۈزىدىن كۆز ياشىم خۇنابى تاشىپتۇر. . .
(«ب - ۋ»)

بەدىئىي سەنئەتنىڭ بۇ تۈركۈمىگە كىرىدىغان تەسمى (تەسمىيە — ئىسمىنى ئاتاش)، تەردىد (رەت قىلىش يولى بىلەن پىكرىنى بىلدۈرۈش)، مۇتەزەلزىل (زىلزىلىگە كەلتۈرۈش)، تەۋزىھ (روشەنلەشتۈرۈش)، تەرزۇ (ئىزلاش)، تەئلىق (ئاسماقچىلاش)، تەجاھىلى ئارىف (بىلىپ تۇرۇپ بىلمەسلىككە سېلىش) قاتارلىق تەسۋىرىي ئۇسۇللارنىمۇ نەۋائىي ئۆز ئەسەر-لىرىدە قوللانغان. نەۋائىينىڭ بەزى غەزەللىرىدە، بەدىئىي سەنئەتنىڭ بىرقانچە ئۇسۇللىرى تەڭ ئۇچرايدۇ. نەۋائىي بىر غەزەلنى بىر خىل سەنئەتتىلا يازغان دېگەنلى بولمايدۇ.

### 4) قاپىيە سەنئىتى

نەۋائىي شېئىرىي ئەسەرلىرىدە قاپىيە سەنئىتىگە ناھايىتى ئېتىبار بەرگەن ۋە قاپىيىنى لىرىكلىق ئەسەرگە غايىۋى ھەم ئېستېتىكىلىق ۋەزىپە - فۇنكسىيە يۈكلىگۈچى ۋاستە دەپ قارىغان. نەۋائىي ئىشلەتكەن قاپىيە سەنئىتى ئېينات (ئۇچۇق، ئۆلچەملىك)، ئىتار رەددۇل قاپىيە، يەنى تەكرار قاپىيە)، ھاجىب (پەردىلەنگەن، يەنى يېپىق)، تەجنىسلىك قاپىيە (جىنسداش ياكى ئاھاڭداش قاپىيە)، زۇلقافىيەتەين (قوش قاپىيە)، مۇسەججەئ (سەجئ - سۆز ئىبارىلىرى تۇتاش قاپىيىلەنگەن)، تەسمىت (چۆكمە يەنى جاراڭسىز) ئۇسۇللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شېئىرىي ئەسەردە ئادەتتە كۆپ ئۇچرايدىغان قاپىيىلەرنى مۇستەسنا قىلغان ھالدا، قاپىيە سەنئىتىدىكى نەۋائىي ئۇسلۇبىنىڭ بىرقانچە خاسلىقى بىلەنلا تونۇشماقچىمىز.

ئىتا — سۆز مەنىسى: ئىزلاش، ئىز بېسىپ مېڭىش، بۇ شېئىرىيەتتە ئەڭ قەدىمكى ئۇسۇللاردىن بىرى، بۇنى «رەددۇل قاپىيە» دەپمۇ ئاتايدۇ. ئەرەب ئەدەبىياتشۇناسلىرىدىن شەمس قەيس دەيدۇ: «ئالدىنقى قاپىيىنى باشقا قاپىيە ئورنىغا ئۆتكۈزسە ۋە بىر قاپىيىنى شەكىل ۋە مەنە جەھەتتىن ئۆزگەرتمەي، باشقا قاپىيە تەرزىدە كەلتۈرسە، ئۇنى ئىتا دەيدۇ» . شۇنىڭدەك، «ئىتا — بىر قاپىيىنى ئىككىنچى مەرتىۋە قايتىلاشتۇر. ئۇ ئىككى خىل: جەلى ۋە خەفى» ، پارس ئەدەبىياتشۇناسلىرىدىن دائى جەۋاد دەيدۇ: «رەددۇل قاپىيە شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، قەسىدە ياكى غەزەلدىكى بىرىنچى مىسرانىڭ قاپىيىسى ئىككىنچى بېيىتنىڭ ئاخىرىدا تەكرارلىنىدۇ. »

يەنى، قاپىيىنىڭ ئۆزگەرمەي ئەينەن تەكرارلىنىشى — ئىتائى جەلى (ئۇچۇق ئىتا — تەكرار) بولىدۇ. بۇنىڭدا، قاپىيە قىلىنغان سۆزنىڭ قاپىيە ياسىغۇچى قوشۇمچىسى ئەينەن تەكرارلانغان ۋە تەكرارلىنىشى ئۇچۇق بىلىنمىگەن بولسا، ئۇ «ئىتائى خەفى» (يېپىق تەكرار) بولىدۇ. مەسىلەن، «ئان» ، بان» ، «دان» دېگەندەك قاپىيە ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ئوخشاش (تەكرار) كېلىپ، قوشۇمچە ئالدىدىكى قاپىيە قىلىنغان سۆزلەر ھەر خىل (قاپىيە-

سىز) كېلىۋېرىدۇ: مېھرىبان، پاسىبان، نىگاھبان، ئاۋادان، قەدىردان ۋە باشقىلار.

ئۇستادا، گاھىدا قاپىيىلا تەكرارلىنىپ كەلمەستىن، بەلكى قاپىيىگە باغلىق پۈتۈن بىر سۆز بىرىكمىسى (سۆز ئالمىشىش بىلەن) تەكرارلىنىپمۇ كېلىدۇ. شۇڭا، بۇنداق ئۇسۇل يەنە بىر جەھەتتىن قۇرۇلما سەنئىتىگە كىرىدىغان تەكرار ئۇسۇلى بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ. ئەدەبىياتشۇناسلارنىڭ تەھلىلىگە قارىغاندا، تەكرار ئاساسەن ئىككى خىل بولۇپ، بىرى فرازېئولوگىيىلىك تەكرار، يەنە بىرى لېكسىكىلىق تەكرار.

**فرازېئولوگىيىلىك تەكرار** — تۇراقلىق سۆز بىرىكمىسى ۋە ماقال - تەمسىل تۈسىگە كىرگەن تۇراقلىق ئىبارىنىڭ تەكرارلىنىشى، بۇ ئۇسۇلدا كەلگەن بەزى قاپىيىلەر تەجنىس ھېسابلىنىشىمۇ مۇمكىن:

تاۋۇشكىم ئۆي تاشىدىن كەلسە، دەرمەن باغرى تاشىمدۇر،
ئىشكىدىن سايە كىرگەچ، ساغىنۇرمەنكىم قۇياشىمدۇر.

ئىچىندە تاغنىڭ قان، تاشىدا يۈز مىڭ بەلا تاشى،
ئانىڭ تاشۇ ئىچى مۇتلەق دېگەيسەن ئىچۇ تاشىمدۇر.
(«ف - ك»)

ۋەھكى، ئول مۇغبەچە، ھەردەمكى چىكەر بادەئى ناب،
قوزغالۇر ئەربەدەسىدىن بۇ كۆھەن دەيرى خەراب...
چەكتىمۇ ھۇش يۈزىن كۆرمەدىم، ئاندىن سوڭرە،
تۈشمىشەم كويى خەرابات ئىچىدە مەستى خەراب.
(«ب - ۋ»)

**لېكسىكىلىق تەكرار** — بۇ ئۇسۇل ئاساسەن سۆزمۇسۆز تەكرار ۋە ئىزاپەلىك تەكرار دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ.

I فىراق دەشتىدە تۇفراق بولۇپ ئىدى باشىم،
كۆتەرمەس ئىدى تۇفراغدىن ئانى ياشىم.

باشىمنى گوي قىلىپمەن يولۇڭدا، ئەي چابۇك،
ئانىڭ ئاياغى قايان بولسە، ئاندادۇر باشىم.
(«ب - ۋ»)

نېچە ھىجراندىن بۇزۇغ كۆڭلۈمدە بولغاي دەم بەدەم،
غەم ئۈزە غەم، دەرد ئۈزە دەردۇ ئەلەم ئۈززە ئەلەم...
سەبر ئازىدىن ئەزاب، ئەندۇھ كۆپىدىن ئىزتىراب،
ئەشكىبلدىن سېلى بەلا، ئاھ ئوتىدىن ھەردەم ئەلەم.
(«ب -ۋ»)

II ئۇن چىكەرمەن ئىشق ئارا، بىر نەرگىسى جادۇ كۆرۈپ،
باغلاغان ئىتدەككى، فەرياد ئەيلەگەي، ئاھۇ كۆرۈپ.

ۋەھ، نەتىپ مەششاتەنى ئالللىدا كۆرگەيمەنكى، يار
ئەكىسىدىن غەيرەت قىلۇرمەن، ئاللىدا كۆزكۆ كۆرۈپ.
(«ب - ۋ»)

قايدا تاپقاي تەلبە كۆڭلۈم ئول قارا كۆزدىن خەبەر،
چۈن جۇنۇن ئىچرە قارارىپ، تاپماي ئول ئۆزدىن خەبەر.

دەير تاغى ئىچرە ئۆسرۈك بىل خەبەرسىز كافىرى.
ئەيكى بىلمەن ئىستەدىڭ ئول قاش ئىلە كۆزدىن خەبەر.
(«ف - ك»)

نەۋائىينىڭ بەزى غەزەللىرىدە، مەتلەئدە فرازئولوگىيلىك تەكرار قاپىيە سۈپىتىدە باشقىچە مەنىدە ئىشلىتىلگەن بىرىكمە ئىبارە مەقتەئدە باشقىچە مەنىدە تەكرار كەلگەن.

ئەي لەبىڭ بادەسىغە رۇھى رەۋان ئىچرە نۇفۇز،
قايسى رۇھى رەۋانۇ، جەۋھەرى جان ئىچرە نۇفۇز.

گەر نەۋائىيغە ئىرۇر روھى رەۋان مەست، نە تاڭ
كى مەيى ئىشق قىلۇر رۇھى ەۋان ئىچرە نۇفۇز.
(«ب - ۋ»)

شۇنىڭدەك، فرازئولۇگىيلىك تەكراردا، نەۋائىي غەزەلدە ئىزاپەلىك سۆزلەرنى تەكرار قاپىيە قىلىش يولى بىلەنمۇ مەنىلەرنى قاتمۇقات قىلىپ، غەزەلنىڭ بەدئىيلىكىنى يۈكسەلدۈرگەن.

چەرخدىن جەنىمغادۇر يۈز تىغى قاتىل ھەر زەمان،
دەۋردىن جامىمدا مىڭ زەھرى ھەلاھىل ھەر زەمان...

بولسە يۈز جانىم بىرىپ ئۆلمەكنى ئالسام مۇفت ئىرۇر.
جانغە مۇنداقكىم يېتەر يۈز تىغى قاتىل ھەر زەمان.

**زۇلقافىيەتەين** — قوش قاپىيىلەر، نەۋائىي غەزەللىرىدە، رەدىفلەردىن باشقا، قاپىيەلەر جۈپ - جۈپ قىلىپ قوشلاپ ئىشلىتىلگەن. بۇ شەكىل مەنىلەرنى ئاڭلىتىشتا، شېئىر-

نىڭ ئاھاڭدارلىقىنى ئاشۇرۇش ۋە سۆزلەرنىڭ ئۆزئارا ماسلىشىپ پاساھەت دەرىجىسىنى كۆتۈرۈش رولىنى ئوينىغان. نەۋائىي ھېچقاچان قاپىيە قوغلىشىپ، سۆزلەرنى مەنەن باغلىنىشسىز شەكلەن قاپىيەداش قىلىشقا ئۇرۇنمىغان.

بىر رەدىفلىك قوش قاپىيە:

بىردەم ئۇلۇس مېھنەتىدىن كام يوق،
بىر نەفەس ئەل جەۋرىدىن ئارام يوق.
(«ھ - ئە»)

كۆزۈڭ نە بەلا قارا بولۇپتۇر
كىم، جانغە قارا بەلا بولۇپتۇر.

مەجمۇئى دەۋانى دەرد قىلدى.
دەردىڭكى ماڭا دەۋا بولۇپتۇر.

قوش رەدىفلىك تاق قاپىيە:

## رۇبائىي

گەردۇن ئۇزە بەزم ئۇچۇن مەقام ئەيلەدى تۇت،
ئول بەزمدە خۇرشىدىن جام ئەيلەدى تۇت؛
ئول جام ئىلە ئىشرەتنى مەدام ئەيلەدى تۇت،
ئاخىر دەمى يەر قوينى ھەرام ئەيلەدى تۇت.

قوش رەدىفلىك قوش قاپىيە:

ياردىن ئايرىلغالى شەيدا كۆڭۈل، بىخاب كۆز،
ھەر زەمان زاھىر قىلۇر سەۋدا كۆڭۈل، خۇناب كۆز.

كۆزۈ كۆڭلۇم بەھرۇ بەر سەير ئەتتىلەر يار ئىستەبان،
بۇ سەفەردە تاپتىلەر يەغما كۆڭۈل، غەرقاب كۆز.
(«غ - س»)

نەۋائىي قاپىيە سەنئىتىدىمۇ يېتۈك شائىر، بۇ سەنئەتتە نەۋائىي سۆزلەر ئارا مۇناسىپ ئاھاڭداشلىق پەيدا قىلىپ، تىلنى تەسىرلىنەرلىك، جاراڭلىق ۋە مۇزىكىلىق گۈزەللىككە ئىگە قىلىشقا، شېئىرىي ئەسەرنىڭ رىتىملىقىنى كۈچەيتىشكە، بولۇپمۇ ئىپادىلەنمەكچى بولغان مەزمۇننىڭ تەلىپىگە، تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇرنىڭ ئەركىن بايان قىلىنىشىغا مۇۋاپىق بولۇشنى كۆزدە تۇتقان.

# «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى بۇددىزم تەسىرى

تۇرسۇنجان مۇھەممەت

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىممەتلىك ئەدەبىي مىراسلىرى ئىچىدە «قۇتادغۇبىلىك» ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇ پەلسەپە، دىن، ئۆرپ - ئادەت، سىياسىي - قانۇن، ھەربىي ئىشلار دىپلوماتىيە ساھەلىرىگە كەڭ چېتىلغان. كۆپ خىل سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنى- يەت ئامىللىرىنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن بولۇپ، XI ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ دۇنياۋى شۆھرەت قازانغان يۈكسەك پەللىسى ھېسابلىنىدۇ.

قاراخانىيلار دەۋرىدە ياشىغان ئۇلۇغ ئالىم، مۇتەپەككۇر شائىر، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزى باشتىن - ئاخىر ئىسلام دىنى مۇھىتىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن. مۇكەممەل بولغان ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە ئىسلام ئېتىقادى بىلەن تەربىيە كۆرگەن بىر تەقۋادار مۇسۇلمان بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ ئىدىيە سىستېمىسىدا كۆپ مەنبەلىك ۋە مۇرەككەپ مەدەنىيەت ترادىتسىيىلىرى روشەن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان، «قۇتادغۇبىلىك» ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا كەم - كۈتىسىز ۋە شەك - شۈبھىسىز ھالدا ئىسلام مەدەنىيەت فورمىسىغا خاس ئەسەر ئىكەنلىكى ئېنىق. ئەمما، ئۇنىڭدا كۆپ خىل ئىدىيىۋى ئېقىم ۋە ئېتىقاد ھادىسىلىرىنىڭ تەسىرىمۇ مۇئەييەن دەرىجىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. جۈملىدىن بۇددا دىنىغا خاس بولغان بەزى ئېتىقاد ۋە چۈشەنچىلەرنىڭ تەسىرىمۇ بۇ ئەسەردە كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ.

مەن «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدىكى بۇددىزم تەسىرى ئۈستىدە ئۆزۈمنىڭ ئاددىي ۋە يۈزەكى چۈشەنچىلىرىمنى كىتابخانلار بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن.

بۇددىزم مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 560 - 480 - يىللىرى ياشىغان سىددخارتخا (ساكيامو- نى) تەرىپىدىن ئىختىرا قىلىنغان. ئۇ ھازىرقى ھىندىستان - نېپال چېگراسىغا توغرا كېلىدىغان قەدىمكى كاپلوۋاستو (Kaplavastu) پادىشاھلىقىنىڭ پادىشاھى سوددو دانا (SUddhodana) نىڭ شاھزادىسى ئىدى. بوددا رىۋايەتلىرىدە سىددخارتخانىڭ ئانىسى گۈزەل خانىش مايا (Maya) ئۇنى لۇمبىنى (LUmbini) باغچىسىدا تەۋەللۇد قىلغاندا، ناندا (Nanda) ۋە ئۇپاناندا (UPananda) قاتارلىق جاسارەت ۋە شادلىق مۇئەككەللىرى ئۇنىڭغا ھامىيلىق قىلىپ، ئۇنى يۇيۇندۇرغان، دەپ تەسۋىرلىنىدۇ.

سىددخارتخا كىچىكىدە ئانىسىز يېتىم بولۇپ قېلىپ، ئانىسىنىڭ سىڭلىسى ماھاپرا جاپاتى تەرىپىدىن تەربىيەت قىلىنغان. بالاغەتكە يەتكەندە گۈزەل قىز گوپا (Gopa) بىلەن نىكاھلىق بولغان. ئۇ 29 يېشىدا ساراي ئەيش - ئىشرەتلىرىنى تاشلاپ ماگادخا (Magadha) مەملىكىتىگە بېرىپ تەلىم ئالغان. ئۇ ئالتە يىللىق دەرۋىش ھاياتىنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، 35 يېشىدا بۇددا تەلىماتى ياراتقان. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان 45 يىللىق ۋاقىت ئىچىدە ماگارخا، كوسالا (Kosala) ۋە گانگى ۋادىسىدا بۇددىزمنى تەشۋىق قىلغان.

بۇددىزمنىڭ نېگىزلىك تەلىماتى «تۆت ئالىي ھەقىقەت» ئەقىدىسى غوللۇق ئورۇندا تۇراتتى. بۇ «تۆت ئالىي ھەقىقەت» رېئال دۇنيانىڭ ئازابلىق بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى

ھەقىقەت، ئازابنىڭ ئون ئىككى سەۋەبتىن بولىدىغانلىقى ھەقىقەت، ئازابتىن قۇتۇلۇش مۇمكىنچىلىكى ھەقىقەت، ئازابتىن قۇتۇلۇش يوللىرى ۋە ئۇسۇللىرى دەر ھەقىقەت دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. بۇددىزمنىڭ «ئون ئىككى سەۋەب» ئەقىدىسى ئازابنىڭ سەۋەبلىرى يىلتىزلىرىغا قارىتىلغان بولۇپ، ئۇلار: بىلمەسلىك، بىلىپ قىلىش، روھىيەت، بەدەن، سەزگۇ، تەسىرلىنىش، مۇھەببەت، ئىنتىلىش، موھىت، تۇغۇلماق، كېسەللىك ۋە قېرىش، ئۆلمەك قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

بۇددىزمنىڭ ئىككى مەزھىپى بولۇپ بىرى ھىنايانا مەزھىپى، يەنە بىرى ماھايانا مەزھىپى، بۇددىزم ئىنساننىڭ ئازاب دۇنياسىدىن پەقەت نىرۋانا، (Nirvana) دۇنياسىدىلا قۇتۇلۇش مۇمكىنچىلىكىنى جەزملەشتۈرىدۇ. نىرۋانا ئىبارىسى ئەنەتكەك (سانسكرىت) تىلىدا «ئۆچمەك» دېگەن سۆز بولۇپ ئۇ ئىنساننىڭ تۈرلۈك ئارزۇ ۋە ھەۋەستىن مەھرۇم بولۇشىنى، ئاڭنىڭ يوقىلىشىنى، پانىي دۇنيا خىياللىرىنىڭ يوقىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ئارخاتلىق يولى - ئازابتىن قۇتۇلۇشنىڭ نىرۋانىچە نىجادىيەت يولى دېيىلىدۇ.

بۇددا دىنىنىڭ ئون چوڭ پەرىزى بولۇپ بۇنىڭ ئىچىدە جانلىقلارنى ئاسراش پەرىزى ھەممىدىن چوڭ بولۇپ، بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان كىشى ھەرقانداق جانلىققا ئازار بەرمەسلىكى ۋە پانىي دۇنيادىكى بارلىق ھاۋايى - ھەۋەس، ئارزۇ - ئارمان، راھەت - پاراغەتتىن ئۆزىنى چەكلەش، باقىي ئالەمنى ئويلاش تەشەببۇس قىلىنىدۇ. پانىي دۇنيادا ساۋابلىق ئىشلارنى قىلغاندىلا ئاندىن پانىي ئالەمدىكى بارلىق ئازابنى تۈگىتىپ باقىي ئالەمدە مەڭگۈلۈك بولىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ.

بۇددا دىنىنىڭ ھىنايانا مەزھىپىدە «ئۆلۈم» نى ھەقىقىي ئازابنىڭ سەۋەبلىرى قاتارىدا كۆرىدۇ. پانىي دۇنيانى تەرك ئېتىش، كىشىلەردىن ئايرىلىپ تەركىدۇنيا بولۇپ ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولۇش، نەپسىنى يىغىش، ئۆزىنى خالاسلاندۇرۇش قاتارلىقلارنى تەكىتلەيدۇ.

يەنە بۇددا دىنىدا فىزىئولوگىيىلىك ئازاب- ئوقۇبەت ۋە ھېسسىيات جەھەتتىكى ئازاب-ئوقۇبەتنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ، ھەرقانداق بىر ئادەم تۇغۇلۇش، قېرىش، كېسەل بولۇش، ئۆلۈشنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلالمايدۇ. ئادەمنىڭ دۇنيادا ياشىشىدا ئۇچرىغان پېشكەللىكتىن ئازابلىنىش، ئايرىلىش ئازابى، ئارزۇغا يېتەلمەسلىك تەلىپىنىڭ قانائەتلەنمەسلىكى پەيدا قىلىدىغان ئازاب قاتارلىقلار بولىدۇ.

بۇددىزمنىڭ ھىنايانا مەزھىپى مىلادى I ئەسىردە كەشمىر ئارقىلىق خوتەنگە كىرگەن، كېيىن قەشقەرگە، مىلادى III ئەسىردە كۇسەنگە تارقالغان.

بىز «قۇتادغۇبىلىك» تىكى باش قەھرىمانلارنىڭ ئىسمىنى تەھلىل قىلىدىغان بولساق ئىسىملارنىڭ سىمۋوللۇق مەنىسىنى بۇددا دىنىنىڭ مەدەنىيىتىدىن قوبۇل قىلغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. مەلۇمكى بۇددىزم ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيىتى تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىنغىچە كەڭ تارقالغان ۋە ئۇزاق دەۋرلەرگىچە، ئۇيغۇرلار دۇنياسىدا ئىسلام دىنى بىلەن بىر قاتاردا مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن.

«قۇتادغۇبىلىك» تىكى قانائەت ۋە باقىي ئالەمنى كۆزلىگەنلەرنىڭ سىمۋولى بولغان ئۇدغۇرمىشنىڭ ئىسمىدىن ئۇنىڭ «ئويغىنىش»، يەنى بۇ دۇنيادا ئويغىنىپ توۋا - ئىستىغپار ئېيتىپ، باقىي دۇنيادا تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتىغا يېتىپ مەڭگۈلۈك بولۇشتۇر، ئۇدغۇرمىش پادىشاھ ئېلىگكە ئويغىنىپ ھاۋايى - ھەۋەستىن قول ئۈزۈپ. خەلقنى ئويلاش ھەم تەڭرىگە سېغىنىش ئۆلۈمنى كۈتۈش توغرىسىدا نەسىھەت قىلىدۇ.

بۇ يەردىكى «ئويغىنىش» كونكرېتنى ئۇقۇم بولۇپ، ئىنسان بىر ئۆمۈر پانىي دۇنيادا ئۆتكۈزگەن گۇناھلارنى تونۇپ پەقەت تەڭرىگە سېغىنىش ئارقىلىق ئۆزلىرى ئۆتكۈزگەن

گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىشنى ئويلاشتۇر. بۇ تەشەببۇس تەسەۋۋۇپچىلار، ئەدىبىيسىدىمۇ ۋە بۇددىزم ئەقىدىسىدىمۇ ئوخشاشلا تەكىتلىنىدۇ.

ئۇدغۇرمىش ئوبرازى، بۇددىستلىق ئاسترولوگىيىسىنىڭ ئەڭ مۇھىم سىمۋولى بولغان ساتۇرنىغا ئىنتايىن يېقىن، بۇ سەييارە كۈن بىلەن ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدا چۆرگىلەيدىغان بولۇپ، ئادەتتە تەركىدۇنيا بولۇپ، يەككە - يېگانە ياشىغۇچى راھىبنىڭ قىياپىتىگە ئوخشاپ كېتىدۇ.

ئادالەتنى ئىپادىلىگۈچى كۈنتۇغدى ئېلىگ ئىسمىغا ئاساس بولغان كۈننىڭ ئوبرازى بۇددا دىنىنىڭ كۆزقارىشىغا ئاساسەن تەبىئەت ھادىسلىرىنى باشقۇرغۇچىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇ ئادەتتە بەگنى، نۇرنى، پادىشاھنى بىلدۈرىدۇ.

بۇنىڭدىن مۇئەللىپنىڭ ئۆزىنىڭ داستانىدىكى باش قەھرىمانلارنىڭ ئىسمىنى، بۇددىزم-نىڭ سىمۋوللۇق چۈشەنچىلىرىگە ئاساسەن قويغانلىقىنى پەرەز قىلىمىز. داستاندا يەنە ئايتولد-ىنىڭ (بەخت - سائادەتنىڭ سىمۋولى) ئوبرازى كېيىن ئويغانغان، بۇددىزم تۈسىنى ئالغان ئوبرازدۇر، ئۇ كېسەل بولۇپ، ئۆلۈم بوسۇغۇسىغا كېلىپ قالغاندا ئوغلى ئۆگدۈلمىش (ئەقىل - پاراسەتنىڭ سىمۋولى) گە: «كۆپ كۆڭلۈمنى بېرىپ بۇ دۇنياغا (پانىي دۇنيا) خەلق ئۈچۈن ئىشلىدىم. بىراق بۇ دۇنيا ماڭا ۋاپا قىلماي مېنى ئەجەل قويىنىغا سۈرەپ كەتتى.» «خەلق ئىشلىرىنى قىلغاندا تەڭرىگە سېغىنىشنى ئۇنتۇما، ھەر دائىم تەڭرىگە ئىبادەت قىل» دەپ نەسىھەت قىلىپ تۇرىدۇ. (1172 - 1370- بېيىتلار) ئۇ تۇرىلىش بىلەن ئۆلۈمگە نىسبەتەن ناھايىتى قاتتىق ھەسرەت، نادامەتلىك پوزىتسىيە تۇتۇپ: «شادلىق، تىرىكلىك ئۆزىنى ئېلىپ قاچتى، تۇراقسىز دۇنيا مەندىن يۈزىنى ئۆرىدى» (1073 - 1074 - بېيىتلار). ئۇ يەنە ئۆلۈم پەيتىدە «دۇنيادا ئۆلۈمدىن قاتتىق نېمە بار؟ ئۆلۈمنى ئويلىساڭ بارلىق لەززەت كېتىدۇ.» (1139 - بېيىتلار) دەيدۇ. مانا بۇ مىسرالار ئارقىلىق ئايتولد-ىنىڭ ئەدىبىيسىدە بۇددىزم ئامىللىرىنىڭ بارلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ھەم مۇئەللىپمۇ: «ياخشىمۇ، يامانمۇ قالمايدۇ. ھەممىسى ئوخشاشلا ئۆلىدۇ، ئۆلۈغمۇ، كىچىكمۇ قارا يەر بولىدۇ. ئۆلۈمگە تاڭ قالمىغۇلۇق، تۇغۇلغان ئۆلىدۇ، قارا يەر بولىدۇ.» (1540 - 1545-بېيىتلار) دەيدۇ. مۇئەللىپنىڭ ئىسلام شارائىتىدىكى بۇددىزم تەسىرىگە ئۇچرىغان ھەم بۇ ئىدىيىسىنى ئەسەردىكى باش قەھرىمانلارنىڭ ئىدىيىسىگە ئانچە - مۇنچە سىڭدۈرگەن بولۇپ، مۇئەللىپنىڭ بۇ ئىدىيىسى ئۇنىڭ ئەسىرىدە كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ. «قۇتادغۇ بىلىگ» داستاندا ئۇدغۇرمىش ئەڭ ئاخىردا سەھنىگە چىقىدۇ، ئۆگدۈلمىش پادىشاھ كۈنتۇغدى-غا تونۇشتۇرۇپ «بۇنداق بىلىمى كۆپ كىشىلەر مېنىڭ دوستلىرىم ئارىسىدا يوق ئەمەس، بار. ھەر خىل پەزىلىتى بار، تەقۋادار، ھوشيار، قانداق ئىشقا كىرىشسە زېھنىنى بېرىدىغان، ھەرىكىتى توغرا بىر كىشى بار. ئىسمى — ئۇدغۇرمىش، ئۇنىڭ قولىدىن ھەر خىل ياخشىلىقلار كېلىدۇ. لېكىن، بۇ دۇنيادىن يۈز ئۆرىگەن، تاغقا چىقىپ (پانىي دۇنيانى) كۆڭلىدىن چىقىرىۋەتكەن، تەڭرىگە ئىبادەت قىلىپ مۇشەققەت چەكمەكتە» (3145 - 3150-بېيىتلار) دەيدۇ. ھەم پادىشاھ كۈنتۇغدى ۋەزىر ئۆگدۈلمىشنى ئۈچ قېتىم تاغقا چىقىپ، ئۇدغۇرمىشنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنى تاغدىن چۈشۈپ ئەلنىڭ ئىشلىرىنى قىلىشقا، دەۋەت قىلىشقا ئۈندەيدۇر. ئۇدغۇرمىش پادىشاھ كۈنتۇغدىنىڭ بۇ تەلىپىنى ئىككى قېتىم رەت قىلىپ، ئۈچىنچى قېتىم تاغدىن چۈشۈپ پادىشاھ كۈنتۇغدى بىلەن كۆرۈشۈپ، بەزىبىر خەلق ئۈچۈن پايدىلىق نەسىھەتلەرنى قىلىپلا، يەنە تاغقا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن چىقىپ كېتىدۇ، ۋە ئۆلگىچە تاغدا ئىبادەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئۆگدۈلمىش، ئۇدغۇرمىش بىلەن كۆرۈشكەندە، ئۇرغۇرمىش ئۆگدۈلمىشكە جاھاننىڭ ئەيىبىنى ئاچقان ۋاقىتتا تۆۋەندىكى مىسرالارنى ئېيتىدۇ: «بۇ دۇنيا ۋاپاسىز، ئادەمگە ۋاپا قىلمايدۇ، بەختى بىقارار زىنىندۇر، تەڭرى نېمە بەرسە شۇنى تېز ئالىدۇ.» «بۇ دۇنيا ئازاب

ھەم يىغىدۇر، ئادەم بۇ دۇنيادا ئازاب يىغىسى بىلەن ئۆتىدۇ.» (3533 ـ 3583 ـ بېيىتلار) دەيدۇ.

بۇ مىسرالار ئارقىلىق ئۇرغۇرمىش بۇ دۇنيانىڭ ئازابلىق دۇنيا ئىكەنلىكىنى، ئىنسان بۇ دۇنياغا ئازاب ئۈچۈن تۇغۇلىدىغانلىقىنى، ياشاش، تۇرمۇش كەچۈرۈش، قېرىش، كېسەل بولۇشنىڭ ھەممىسى ئازابلىق بولىدىغانلىقىنى پەقەت ئۆلگەندىلا ئازابتىن قۇتۇلۇپ، مەڭگۈلۈك بولۇپ، تەڭرىگە ئېرىشىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن. بۇ قاراش بۇددىزمنىڭ ئىنسان روھىنىڭ كامالەتكە ئېرىشىپ «نىرۋانا» غا ئېرىشىدىغانلىقى توغرىسىدىكى كۆزقارىشىغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

يەنە ئۇدغۇرمىش: «مەيلى پادىشاھ بولسۇن، مەيلى گادايى بولسۇن تەڭرى ئۇلارنى بۇ زىندان (پانىي دۇنيا) غا سولاپ، ئۇلارنى سىنايدىغانلىقى، ئادەم پەقەت ئۆلۈم قولىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقى تەڭرى بۇ پانىي دۇنيادا گۇناھ قىلغان ئىنساننى ئۇنىڭغا قاماپ (سىناپ) ئۇنى بىر ئۆمۈر ئازاب تارتقۇزىدىغانلىقى»نى تەكىتلەيدۇ (3520 ـ 3586 ـ بېيىتلار).

بۇددىزمدا ئازابنىڭ مەنبەسى تۇغۇلۇش بولۇپ، ئادەم تۇغۇلۇش، قېرىش، كېسەل بولۇش ۋە ئۆلۈشتىن ئىبارەت بۇ بىر قانۇنىيەتنى تەكىتلەيدۇ. ھەم بۇددا دىنىدا دۇنيادىكى بارلىق شەيئىلەر ھەرىكەت قىلىپ تۇرىدۇ دەپ قارايدۇ.

بىز يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۇرغۇرمىش ئوبرازىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق دۇنيادىكى شەيئىلەر پەيدا بولۇش، تەرەققىي قىلىش ۋە يوقىلىشتىن ئىبارەت بۇ بىر پەلسەپىۋى قانۇنىيەتنى ئېچىپ بەرگەن.

ئۇدغۇرمىش نەسىھەت تەرىزىدە ئۆگدۈلمىشكە يەنە مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ ئىبادەت قىلىپ ئاچ ـ توق يۈرۈشۈم، پەقەت بىر بۇتنىڭ سىماسىنى ئىزدەش ئۈچۈن، بۇ دۇنيا ۋاپاسىز، ئۇ كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە ئۆتۈپ كېتىدۇ. شۇڭا ئويغىنىپ تەڭرىگە سېغىنغىن» (3796 ـ 3753 ـ بېيىتلار) دەيدۇ. بۇ مىسرالاردىن ئۇرغۇرمىشنىڭ بۇددا دىنىنىڭ خالىس راھىبلىرىغا خاس چۈشەنچىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇددا دىنىدا، بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان كىشى بۇددا نوملىرىنى تاغقا ئېلىپ چىقىپ، يالغۇز تەنھا تەپسىر قىلىدۇ. ھەمدە ساكيامونىنىڭ جامالىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئىبادەت قىلىدۇ.

ئۇدغۇرمىش ئوبرازى ئۈستىدە نۇرغۇنلىغان ماقالىلەر ئېلان قىلىندى. كۆپىنچە تەتقىقاتچىلار بۇ پېرسوناژنى تار، شەخسىيەتچى، شەخسكە ئايلاندۇرۇپ ھەم سوفىزمنىڭ تەسەۋۋۇپ ئىدىيىسى بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرۈپتۇ، بۇ كۆزقاراشلارمۇ ئۇلارنىڭ ئەقلىي ئەمگىكىنىڭ مەھسۇلى.

ئەسەردىكى ئۇدغۇرمىش ئىدىيىسى، سوفىزمدىكى تەسەۋۋۇپ ئىدىيىسىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. سوفىزمدا «ئىشق» — ئىنسان روھىنىڭ كامالەتكە ئېرىشىپ تەڭرىگە قوشۇلۇش ۋە ئېرىشىش ئارزۇسىدۇر، ئۇ بۇ تەرەپتىن بۇددىزمنىڭ ئىنسان روھى كامالەتكە ئېرىشىپ «نىرۋانا» غا ئېرىشىدىغانلىقى توغرىسىدىكى تەلىماتى بىلەن ئوخشاشتۇر، سوفىزمدا «تەڭرى، ئاللا» ، بۇددىزمدا «نىرۋانا» ئىشلىتىلىدۇ. بۇلار ماھىيەتتىن بىر «ئاللا» نىڭ جامالىغا ئېرىشىپ ئۇنىڭ بىلەن قوشۇلۇپ مەڭگۈ بەختلىك بولۇش دېمەكتۇر.

ئىسلام دىنىدىكى سوفىزمدا بۇددا دىنى تەسىرى ناھايىتى چوڭقۇر، سوفىزمنىڭ دەسلەپكى شەكىللەنگەن ۋاقتىدىكى كەمبەغەللىككە تەن بېرىش، مۇشەققەت تارتىش، نەپسىنى يىغىش قاتارلىق تەشەببۇسلىرى ئىچىدە بۇددا دىنى ئىدىيە تامغىسى روشەن ئىپادىلەنگەن. سوفىزم گەرچە ئىسلام دىنىدىكى بىر ئېقىم بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا روشەن ئۆزگىچىلىك بار. سوفىزمدا ئىسلام دىنى ئەقىدىسى بىلەن بۇددا دىنىغا خاس بەزى چۈشەنچىلەر بىر گەۋدە بولۇپ كەتكەن. سوفىزم VII ئەسىردە پەيدا بولغان بولۇپ بۇ چاغدا ئۇنىڭ تەرغىپ قىلىدىغىنى مۇشەققەت تارتىش ھەم نەپسىنى يىغىش ئىدى. VIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، سوفىزم ئىككىنچى باسقۇچقا قەدەم قويدى. بۇ دەۋردە سوفىزم ئاللا بىلەن بىر بولۇپ كېتىشنى قاتتىق تەشۋىق قىلغان.

ئۇدغۇرمىش ئوبرازىدا بىر ئادەم بىلەن ئىلاھنىڭ قوشۇلۇپ كېتىشىدەك بۇنداق چۈشەنچىلەر كۆرۈلمەيمىز. بىز ئۇدغۇرمىشنىڭ ئوبرازىدىن جاھاندىن جاق تويغان، جەبىر - جاپا تارتىشنى ئۆزىگە راۋا كۆرگەن بۇددا راھىبلىرىنىڭ سىماسىنى كۆرەلەيمىز.

هەرقانداق بىر ئەقىل ئىگىسى تارىختىن بۇيان پادىشاھ ھوزۇرىدا چەتكە قېقىلىش تراگېدىيىسىنى باشتىن كەچۈرمەي قالمىغان، يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ نەق ئەنە شۇنداق تراگېدىيىنى باشتىن كەچۈرگەن بولۇپ، مۇئەللىپنىڭ ئىدىيىسى پادشاھقا خىزمەت قىلىش. لېكىن، ئۆز ئارزۇسىدىكىدەك غايىۋى پادىشاھنىڭ بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ، ئۇ ئۇدغۇرمىش ئوبرازىغا ئۆزىنىڭ بۇ خىل ئىدىيىسىنى سىڭدۇرۇۋەتكەن بولۇپ، ئۇنى تەقۋادار زات قىلىپ تەسۋىرلىگەن.

ئۇدغۇرمىش ئۆگدۈلمىشكە: «خەلق ئۈچۈن توغرا يول تۇتقىن، خەلققە كۆڭۈل بۆل، ئۆمۈر بويى يىغقان مال - دۇنيالىرىڭ بىلەن خەلقنى سۆيۈندۈر، ئاشۇ ۋاقىتتا خەلق سېنى ئۇلۇغلايدۇ.» 6099 - 6093 - 6088 - بېيىتلار) دەيدۇ. بۇنىڭدىن بىز ئۇدغۇرمىشنىڭ خەلققە كۆيۈنىدىغان، ئاق كۆڭۈل پاك تەقۋادار، ئوبراز ئىكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز.

«قۇتادغۇبىلىك» داستانىدىكى بۇددىزىم تەسىرى گەرچە ئىسلام دىنى ئىدىيىسى، بىلىم-مەرىپەت ئىدىيىسى، قانۇن ۋە دۆلەت باشقۇرۇش ئىدىيىلىرىدەك ئۇنداق گەۋدىلىك ۋە ئېنىق ئىپادىلەنمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىكى مەلۇم چۈشەنچە ۋە تەرغىباتلارغا دىققەت قىلىدىغان بولساق، ئۇنىڭ بۇددىزىم ئەقىدىلىرى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقىنى ياكى تولىمۇ يېقىن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. بۇنىڭدىكى سەۋەب ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشتىن بۇرۇن مىڭ يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان بولغاچقا، بۇددىزىم ئەقىدىلىرى ئۇيغۇر ئىدېئولوگىيىسىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە ناھايىتى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان. «قۇتادغۇبىلىگ» يېزىلغان مەزگىلدە ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى ئىسلام دىنىغا كىرىپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭغا ئۇزۇن بولمىغان، يەنە كېلىپ بىر قىسىم ئۇيغۇرلار تېخى يەنىلا بۇددا دىنىدا بولۇپ، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە بۇ ئىككى دىن تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقتىن، مەدەنىيەت ساھەسىدىمۇ ئۇلار بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسەتمەي قالمىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىدىيە خەزىنىسى يالغۇز ئىسلامىيەت دۇنياسىدىنلا ئەمەس، بەلكى يۇنان جۇڭگو، ھىندىستان، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىغا ئوخشاش غەيرىي ئىسلام مەملىكەتلىرىنىڭ بىلىم بايلىقلىرىدىنمۇ مۇئەييەن ھاسىلاتلارغا ئېرىشىپ، ناھايىتى مول ۋە كۆپ مەنبەلىك جۇغلانمىغا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ خىل كۆپ قىرلىق ۋە مۇرەككەپ مەدەنىيەت، ئېتىقاد ئامىللىرى ئۇنىڭ بۈيۈك ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىك»تە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار


① ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. 1997 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى، 68 - بەت.

② روبېرت دانكو: «قۇتادغۇ بىلىگ» داستانىنىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمە كىرىش سۆز، ئىمىنجان ئەخمىدى تەرجىمىسى، تۇرپان ژۇرنىلى 1996 - يىللىق 4 - سان.

③ ۋالىرى مەخپرۇۋ: «قۇتادغۇ بىلىگ، تىكى ئاساسىي قەھرىمانلارنىڭ ئىسىملىرى ھەققىدە» «بۇلاق» ژۇرنىلى 1995 - يىللىق 2 - سان.

④ ئىقبال تۇرسۇن: «ھېكمەت ئۈنچىلىرى» شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1992 - يىل 2 - ئاي نەشرى، 145 - بەت.

⑤ لاڭ يىڭ «قۇتادغۇ بىلىگ، ۋە شەرق - غەرب مەدەنىيىتى» (ئۇيغۇرچە) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 - يىل 12 - ئاي، 1 - نەشرى.

# كۆسللە①

(داستان)

باغقىمۇ جىرىم سالسام،
ئەچكۇ تازلار غاجايدۇ.
كالتەك بىلەن بىر قويسام،
ئوپۇر - توپۇر قاچادۇ.
— باغقا ئەچكۇ كىردى ئانا،
— قانداق ئەچكۇكەن بالام؟
— جاغال ئەچكۇكەن ئانا.
— توسۇۋەتسەڭچۇ بالام،
— چۆگۈلۈپ ئۇسۇتكەن ئانا②،
— قىرقىۋەتسەڭچۇ بالام،
— قىيتاق ئەچكۇكەن ئانا.
— ئولتۇرۇۋەتسەڭچۇ بالام،
— ياغاق ئەچكۇكەن ئانا.
— سېغىۋەتسەڭچۇ بالام،
— پورداق ئەچكۇكەن ئانا.
— ئۆلتۇرۇۋەتسەڭچۇ بالام،
— گەپ قىتقان ئەچكۇكەن③ ئانا.
— نېمە دىتۇ - مە ...
— نېمە دىتۇ - مە ...
— يەنە نېمە دىتۇ؟
— ئەپىيپە پىپىيپۇ
هەببە بىببو،
پۇۋۋەببە بىبو،
هوۋۋەببە هوۋبو④...
— هەببە خېنىم،
بىر سۆيەڭ خېنىم.
هە پىژ قىلدى يۇرەك،
هە غىژ قىلدى يۇرەك،
هە بىر سۆيەڭ خېنىم،
دېسەم، كۆسللە،
— ياغا مەيلىڭىز،
بولسا مەشۇقۇم،
مەسە ئەكىلىڭ
دېدى كۆسللە،
— مەسچى ئەمەسمەن،
— قانداق قىلىمەن؟
— دېسەم كۆسللە،
— ياغا مەيلىڭىز،
بولسا مەشۇقۇم.
مەسە ئەكىلىڭ
دېدى كۆسللە.
يەتتە پۇل ئېلىپ،
يانچۇققا سېلىپ،
خوجۇننى ئېلىپ،
دۇلدۇلغا مىنىپ،
بازارغا بېرىپ،
مەسچىنىڭغۇ
ئالدىغا بېرىپ،
— مەسچى ئاكا
مەسەڭ نەچچە پۇل،
دېدىم كۆسللە،
— كۆرەپ ئېلىڭلا،
دېدى كۆسللە،
— ئۈچ پۇل بېرەي - ياق،

---

① كۆرسىلە دېگەن سۆز ئامالى، ئۇرغۇ تەلەپپى بىلەن «كۆسللە» دەپ ئوقۇلغان ۋە ئاڭلىغۇچىلارغا شۇنداق ئۆزلەشكەن.
② ئۇسسۇيدىكەن.
③ گەپ قىلىدىغان
④ ئۆشكىنىڭ ئاۋازىنى دوراش

— ھە تۆت پۇل بېرەي،
دەپقىنا بېرىپ،
مەسنى ئېلىپ،
خوجۇنغا سېلىپ.
ھەببە خېنىمنىڭ
ئالدىغا كېلىپ،
مەسنى قۇياپ،
— بىر سۆيەڭ خېنىم،
غىژ قىلدى يۈرەك،
ھە بىر سۆيەڭ خېنىم،
پىژ قىلدى يۈرەك،
دېسەم كۆسىللە.
— يارغا مەيلىڭىز،
بولسا مەشۇقۇم.
دوپپا ئەكىلىڭ،
دېدى كۆسىللە،
قالدىم بالاغا،
چىقتىم: تالاغا،
قاندىغا قىلاي،
قاندىغا چىداي،
يارنىڭ دەردىگە،
دەپقىنا كېلىپ.
يەتتە پۇل ئېلىپ،
يانچۇققا سېلىپ،
بازارغا چىقىپ،
دوپپىچىنىڭما،
ئالدىغا كېلىپ،
— دوپپىچى ئاكا،
دوپپاڭ نەچچە پۇل،
دېدىم كۆسىللە.
— كېلىڭ خىدىرىم[1]،

كۈرەپ ئېلىڭلار،
دېدى كۆسىللە.
ئۇچپۇلنى بېرىپ،
دوپپىنى ئېلىپ،
بېشىمغا كىيىپ.
ھەببە خېنىمنىڭ،
ئالدىغا كېلىپ،
— بىر سۆيەڭ خېنىم،
پىژ قىلدى يۈرەك،
ھە بىر سۆيەڭ خېنىم،
غىد قىلدى يۈرەك،
دېدىم كۆسىللە.
شۇنداق ئۆرۈلۈپ،
ئارقىسىنى قىلىپ،
تۈردى كۆسىللە.
— ھەببە خېنىم،
نېمە بولدىكىن.
نېمە لازىمكىن،
دەرھال ئەكىلەي،
دېدىم كۆسىللە.
ئالدىمدا شۇ چاغ،
غىتىلداپ مېڭىپ،
كەتتى كۆسىللە.
تۈرغان يېرىمدا،
قاققان قوزۇقتەك،
قالدىم كۆسىللە،
ئاچچىقىم كېلىپ،
تۆت تامغا مېڭىپ،
باشلىرىم قېتىپ،
ئەندىمنى ئالدىم،

تىللاپ كۆسىللە.
— توختاپ تۇر جۇما،
ئارقىڭدىن يېتىپ،
ئالدىڭغا ئۆتەپ،
ئاسماققا ئېسىپ،
باسماققا بېسىپ،
پىخلداتمىسام،
توختاپتۇر جۇما،
پاسىراخۇنىنىڭ،
ئالۋاش توپىقىدەك،
بۆ ... بۆ ... بۆ ...
بۆقىرەتمىسەم.
توختاپتۇر جۇما،
زىۋەرىخاچامنىڭ،
سېرىق ئاسلىنىدەك
مىر ... مىر ... مىر ...
مىرقىراتمىسام.
توختاپتۇر جۇما،
پاسادا ياتقان،
يالاقتا ياتقان،
قارا قانجىقتەك،
كاڭ ... كاڭ ... كاڭ ...
كاڭىلداتمىسام.
توختاپ تۇر جۇما،
سېنى تاپمەن.
چاچتىن تۇتۇمەن.
راسا قانغىدەك،
ئەنتىمنى ئالىمەن،
خەپ - خەپ - خەپ.
توختاپ تۇر جۇما.

سۆزلەپ بەرگۈچى قاراقاش ناھىيە زاۋا يېزا شەيدان كەنتىدىن دېھقان: **ئىمىر ئابدۇللا.**

رەتلىگۈچى: **مەمتىمىن قۇربان**

[1] خىرىدارىم

# چۆچەكلەر

## ئىچ پۇشۇقى دورىسى

ئۆتكەن زامانلارنىڭ بىرىدە، ئاۋات شەھەرنىڭ چېتىدە كەڭ - كۇشادە قورۇ - جايى، باراقسان باغ - ۋارانى، يېتەرلىك ۋەج - تەئەللۇقاتى، سودىسى يۈرۈشۈپ تۇرىدىغان ئاۋات دۇكىنى بار بىر ئاق كۆڭۈل ياش سودىگەر ياشايدىكەن. تېخى پەرزەنت يۈزى كۆرمىگەن بولسىمۇ، مېھرىبان ساھىبجامال ئايالى بىلەن ئىناق - ئامراق ئۆتىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ياش سودىگەرنىڭ كۆڭلىگە يۇرت ئارىلاپ سودا قىلىپ كېلىش ئارزۇسى كىرىۋېلىپ، سەپەر تەييارلىقى قىپتۇ. ئايالى ھويلا - ئارامىلاردىن خەۋەر ئېلىپ تۇرىدىغان بوپتۇ. سودىگەرنىڭ ئايالى ئېرىگە كۆيۈمچان، قائىدە - يوسۇنلۇق، ئىنساپلىق بولغان بىلەن بېشىدىن ئىسسىق - سوغۇق ئۆتمىگەن ساددا چوكان ئىكەن. شۇڭا ياش سودىگەر ئايالى بىلەن خوشلىشىۋېتىپ:

— خوتۇن، مەن خۇدا يولىدا سەپەرگە كېتىۋاتىمەن، «بارماق ئىرادە، ياتمان ئىجازە» دەپتىكەن. قانچە ئۇزاقتا، قايسى مەزگىلدە قايتىپ كېلىشىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. ئاش - تاماق خۇرۇچسىز ئوخشىمىغاندەك، تۇرمۇشمۇ جۈپ - جۈرىسىز كۆڭۈللۈك ئۆتمەيدۇ. ئەگەر مەن سەپەردىن ئۇزاق قالغۇدەك بولسام، سەن يولۇمغا قاراپ زېرىكىپ ئولتۇرۇۋەرمەي ئېپى كەلسە ئىچ پۇشۇقى دورىسى تېپىپ ئۆزۈڭگە ئەمەك قىلىپ ئولتۇرۇپ تۇرغىن، — دەپتۇ. ساددا ئايال ئېرىنىڭ سۆزلىرىنى چۈشىنەلمەي:

— ئىچ پۇشۇقى دورىسى دېگەنلىرى قانداق دورا؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئىچ پۇشۇقى دورىسى دېگىنىم باشقا نەرسە ئەمەس، ئۇ ئەر - ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى ئىشق - مۇھەببەت ئالاقىسى، — دەپتۇ سودىگەر چۈشەندۈرۈپ.

— سىلى يېنىمدا بولمىسىلا كىم بىلەن ئىشق - مۇھەببەت ئالاقىسى قىلغۇدەكمەن؟ — دەپ سوراپتۇ ئايالى ئەجەبلىنىپ.

— يۈزىنىڭ قېنى بار، گەپ - سۆزىنىڭ تورى بار، يۈرۈش - تۇرۇشى قائىدە - يوسۇنلۇق ئادەم بولسىلا بولۇۋېرىدۇ، — دەپتۇ ئېرى.

— ئۆزلىرى تەرىپلەۋاتقان ئادەمنى نەدىن تاپىمەن؟ — دەپتۇ ئايالى.

— بۇ ئاسان گەپ، يول يۈرگەندە يولنىڭ چېتىدە ماڭىدىغان، ھاجەتكە ئولتۇرغاندا ئۆزىنى دالدىغا ئالىدىغان، مەزلۇم كىشى بىلەن پاراڭلاشقاندا، كۆزىنى قاچۇرىدىغان ئادەملەر دەل مەن تەرىپلىگەن ئادەملەر جۈملىسىدىن، — دەپتۇ ئېرى.

ئايالى ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ ئېرى بىلەن خوشلىشىپ قورۇسىدا يالغۇز قاپتۇ.

ئارىدىن بىرقانچە ئاي ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئېرىدىن دېرەك بولماپتۇ. كۈز كېتىپ قىش

كەپتۇ، قىشمۇ ئاخىرلىشىپ ئەتىياز يېتىپ كەپتۇ؛ يەر - زېمىن يېشىللىققا پۈركۈنۈپتۇ، گۈل - چېچەكلەر ئېچىلىپ، خۇش پۇراقلىرى ئەتراپنى بىر ئاپتۇ؛ كاككۇكلار سايرىشىپ، كۆكلۆللەرگە مۇڭ ساپتۇ؛ سودىگەرنىڭ ئايالى ئېرىنى سېغىنىپ، يالغۇزچىلىقتا زېرىكىپ كۆڭلى يېرىم بولۇشقا باشلاپتۇ. جىگدىلەر چېچەك ئېچىپ پۇرىقى ھەممە يەرگە تارالغان ئىللىق ئاپتاپلىق كۈنلەرنىڭ بىرى سودىگەرنىڭ ئايالى يۇيۇنۇپ - تارىنىپ، چىرايلىق ياسىنىپ ھويلىسى ئالدىدىكى چوڭ يول بويىدا ئۆتكەن - كەچكەنلەرگە قاراپ تۇرۇپتۇ. بىر چاغدا شەھەر تەرەپتىن رەتلىك كىيىنگەن يولنىڭ چېتى بىلەن خىيال سۈرۈپ كېلىۋاتقان كېلىشكەن بىر ئەركەك كۆزىگە چېلىقىپتۇ. ھېلىقى ئەركەك سودىگەرنىڭ قورۇسى ئەتراپىغا كەلگەندە ھاجەتكە ئولتۇرماق بولۇپ، يولنىڭ سىرتىغا چىقىپتۇ - دە، ئۆپچۆرىسىگە كۆز يۈگۈرتۈپتۇ. سودىگەرنىڭ خوتۇنىنى كۆرگەندىن كېيىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، بىر دالدا جاينى تېپىپ ھاجىتىنى راۋا قىپتۇ. شۇ چاغدا سودىگەرنىڭ ئايالىنىڭ ئېسىگە ئېرىنىڭ سەپەرگە ماڭغان چېغىدا ئېيتقان گەپلىرى كېچىپتۇ. ھېلىقى ئەركەك ئۇدۇلىغا كەلگەندە سودىگەرنىڭ ئايالى ئەدەپ بىلەن:

— ھوي ئاكا، توختاپ تۇرسىلا! سىلىگە بىر ئېغىز گېپىم بار ئىدى، — دەپ ھېلىقى كىشىنى توختىتىپتۇ.

— نېمە گەپلىرى بار؟ — دەپ سوراپتۇ ھېلىقى كىشى بېشىنى ئۇستۇن كۆتۈرمەي تۇرۇپ. سودىگەرنىڭ ئايالى:

— ئېرىم سەپەرگە ماڭار چېغىدا: «مەن سەپەردىن ئۇزاقلاپ قالسام، سەن زېرىكىپ ئولتۇرۇۋەرمەي، يولنىڭ چېتى بىلەن ماڭىدىغان. ھاجەتكە ئولتۇرسا ئۆزىنى چەتكە دالدىغا ئالىدىغان، مەزلۇم كىشىنى كۆرگەندە كۆزىنى قاچۇرغان ئادەمدىن ئىچ پۇشۇقى دورىسى ئېلىپ ئۆزۈڭگە ئەمەك قىلغىن» دەپ تاپىلىغانىدى، قارىسام سىلى دەل شۇنداق ئادەمدەك قىلىلا، خاپا بولماي ماڭا ئىچ پۇشۇقى دورىسى بېرىپ ھاجىتىمدىن چىقارسىلا ئىكەن، — دەپتۇ.

ھېلىقى ئەر كىشى بۇ ئايالنىڭ تۈز، ئەمما، ساددا ئىكەنلىكىنى پەملەپ بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ قاپتۇ - دە:

— ماقۇل ئەمىسە، ئۆيلىرىگە باشلىسىلا، — دەپتۇ.

ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن سودىگەرنىڭ ئايالى ھېلىقى كىشىنىڭ ئالدىغا داستىخان سېلىپ چاي قۇيۇپتۇ. چاي ئىچىلىپ بوپتۇ. داستىخانمۇ يىغىلىپ بوپتۇ.

سودىگەرنىڭ ئايالى «بۇ كىشى ماڭا قانداق دورا بېرەركىن، ئېرىم: ئىچ پۇشۇقى دورىسى دېگەن ئەر - ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى ئىشق - مۇھەببەت ئالاقىسى، دېگەندەك قىلىۋىدى، ئىشق - مۇھەببەت ئالاقىسى دېگەن قانداق بولىدىكىن» دېگەنلەرنى ئويلاپ كۈتۈپ تۇرۇپتۇ.

ئايالدىن باشقا شەپە كەلمىگەندىن كېيىن، ھېلىقى ئەركەك ئايالغا ئىشىك - دېرىزىلەرنى تاقاپ ئورۇن راسلاشنى بۇيرۇپتۇ. ھەممە ئىش تەق بولغاندا، ئايالغا:

— ئەمىسە ھازىر سىلىگە ئىچ پۇشۇقى دورىسى تەييارلايمەن. مەن «تەييار بولسىلا» دېگەن چاغدا ئوڭ قوللىرىنىڭ ئالىقىنىنى ئېچىپ تەق بولسىلا، — دەپتۇ - دە، ئايالنى ئورۇن - چۇشەككە چىقىرىپتۇ.

ھېلىقى ئەركەك ئۆزۈن ئۆتمەي:

— تەييار بولسىلا! — دەپتىكەن، سودىگەرنىڭ ئايالى ئوڭ ئالىقىنىنى چىقىرىپتۇ. ھېلىقى ئەركەك ئايالنىڭ ئالىقىنىغا «ئىچ پۇشۇقى دورىسى» قۇيۇپ بېرىپتۇ - دە، ئۇ ئايالنىڭ ئالىقىنىنى چىڭ يۇمدۇرۇپ باش ياغلىقى بىلەن مەھكەم تېڭىپتۇ، ئاندىن:

— ئالىقىنىڭىزغا قۇيۇپ بەرگىنىم «ئىچ پۇشۇقى دورىسى» بولىدۇ. قوللىرى بىر ئايغىچە تېڭىقلىق تۇرىدۇ. «قىچىشتى، ئاغرىدى» دەپ يېشىۋەتسىلە ھاياتلىرىغا خەۋپ يېتە-

دۇ. مەن دەل بىر ئاي تولغاندا ئۆزلىرىنى ئىزدەپ كېلىمەن، ئاڭغىچە تاقەت قىلغايلا، — دەپ يولغا راۋان بوپتۇ.

بىر كۈن ئۆتۈپتۇ، بەش كۈن ئۆتۈپتۇ، ئون كۈنمۇ ئۆتۈپتۇ. ئايالنىڭ ئالىقىنى تېگىق ئىچىدە تۇرۇپ قىچىشىپتۇ، ئاغرىپتۇ. ئاش - تاماق ئېتىش، قازان - قومۇچنى يىغىشتۇرۇش، ھاجەت قىلىشتا بىئەپ بولۇپ بەكمۇ ئازاب تارتىپتۇ. ئازابقا پايلىماي تېگىقنى يېشىۋېتەي دېسە ھاياتىغا خەۋپ يېتىپ جىنىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقۇپتۇ. شۇ تەرىقىدە بىر كۈن بىر يىلغا تەڭ بولۇپ، كۈنلەرنى ئىنتايىن جەبىر - مۇشەققەتتە ئۆتكۈزۈشكە باشلاپتۇ.

دەل بىر ئاي تولغان كۈنى ھېلىقى ئەركەك يېتىپ كەپتۇ. سودىگەرنىڭ ئايالى يىغلامسىراپ تۇرۇپ:

— جېنىم ئاكا، قولۇمنى تېزراق يېشىۋېتىپ مېنى بۇ ئازابتىن قۇتۇلدۇرسىلا. «ئىچ پۇشۇقى دورىسى» نىڭ ئازاب - ئەلەملىرىنى بالدۇرراق بىلگەن بولسام ھەرگىزمۇ ئارزۇلىماس ئىكەنمەن، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ. ھېلىقى ئەر كىشى:

— ئالدىرىمىسىلا خېنىم، دورا دېگەننىڭ تاتلىقى نەپ بەرمەيدۇ. ئاچچىق - ئازابلىق دورىنىڭلا ئۈنۈمى زور بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈنۈمىنى ئەمدى كۆرىلا، — دەپ ئايالنىڭ قولىدىكى تېگىقنى ئالدىرىماي يېشىشكە باشلاپتۇ.

سودىگەرنىڭ ئايالى قولىدىكى تېگىق يېشىلىپ بولغاندا، ئالىقىنىنى ئېچىپ قارىغۇدەك بولسا، ئالىقىنى ئىچىدە چىمچىلاق قولدەك بىر چوڭ قارا باش قۇرت لۆمشۈپ تۇرغۇدەك، قۇرت ئايالنىڭ يۇمران ئالىقىنىنى غاجىلاپ بىر قەۋەت گۆشىنى يەپ بولغانىكەن. سودىگەرنىڭ ئايالى قورقۇپ يىغلاپ كېتىپتۇ. ھېلىقى ئەر كىشى:

— خېنىم، سىلى بەكمۇ سادىدا، نادان ئىكەنلا. ئەسلىدە سىلىنىڭ ئەرلىرى ئۆزلىرىنىڭ ساداقەتلىرىنى سىناپ باققانىكەن. سىلى چۈشەنمەي قاپتىلا، ئۇنىڭ «مەن يوق چاغدا زېرىكسەڭ «ئىچ پۇشۇقى دورىسى بىلەن ئۆزۈڭگە ئەمەك قىل» دېگىنى تەتۈر ئېيتىلغان گەپ. ساداقەتسىز، شاللاق ئاياللارلا ئېرى يوق ۋاقىتلاردا ساداقەتسىزلىك قىلىپ، يات ئەرلەر بىلەن ئىشق - مۇھەببەت ئالاقىسى ئورنىتىپ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىدۇ. بۇنداق ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئويۇنى لەززەتلىك باشلىنىپ، ئاخىردا خۇددى ئالىقانلىرىدىكى قارا باش قۇرتقا ئوخشاش تەننى غاجىلاپ ئاخىرى جاننى ئالىدۇ. ئەرلىرىنىڭ «يول يۈرگەندە يولنىڭ چېتىدە ماڭىدىغان، ھاجەتكە ئولتۇرغاندا ئۆزىنى دالدىغا ئالىدىغان، مەزلۇم كىشىلەرنى كۆرگەندە كۆزىنى قاچۇرىدىغان» دېگىنى ئەدەپ - ئەخلاقلىق، شەرمى - ھايالىق، ئىنسابلىق، ئەقىللىق كىشىلەرگە بېشارەت قىلىپ، شۇنداق كىشىلەر ئارقىلىق ئۆزلىرىنى غەپلەتتىن ئويغاتماقچى بولغىنى. مانا مەن ئەرلىرىنىڭ رايى بويىچە ئۆزلىرىگە «ئىچ پۇشۇقى دورىسى» نىڭ نېمىلىكىنى، ئۇنىڭ ئىنسانغا قانداق ئاقىۋەت كەلتۈرىدىغانلىقىنى مىسال ئارقىلىق كۆرسىتىپ قويدۇم. قالغىنىنى ئۆزلىرى بىلىۋالارلا، — دەپ خوشلىشىپ كېتىپ قاپتۇ.

شۇ چاغدىن تارتىپ سودىگەرنىڭ ئايالى نادانلىقتىن ئويغىنىپ ئىشتا ئەقىل ئىشلىتىدىغان، ھالال مۇھەببەتلىك تۇرمۇشنى قەدىرلەپ، ئۆزىنى پاك تۇتىدىغان، ئاق كۆڭۈل، ئەقىللىق ئېرىگە تېخىمۇ ئەقىدە قىلىدىغان بوپتۇ. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، سودىگەرنىڭ ئايالى بىر يىلغىچە ئېرىنى كۈتۈپ، ئېرى قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا بۇرۇنقىدىنمۇ مېھرىبانلىق كۆرسىتىپتىمىش. كېيىن ئۇلار ئىككى پەرزەنتلىك بولۇپ، تېخىمۇ ئىناق، تېخىمۇ بەختىيار ئۆتكەنىمىش.

ئېيتىپ بەرگۈچى: **چېدىر يېزا دېھقانلىرى**

توپلاپ رەتلىگۈچى: **ئابلىمىت مۇھەممىدى ئاقىيولى**

# لەتىپىلەر

## پادىشاھ ۋە يىپ

ئەپەندى ناھايىتى دۆت بىر پادىشاھقا ۋەزىر بوپتۇ. پادىشاھ باشقا مەملىكەتلەردىن كەلگەن ئەلچىلەر، ئالىملار، ساياھەتچىلەر ئالدىدا كەلسە ـ كەلمەس گەپلەرنى قىلىپ، ھەدېسىلا ئۆزىنىڭ دۆتلۈكىنى ئاشكارىلاپ قويىدىكەن. ئەپەندىم بۇنىڭدىن تولىمۇ بىزار بوپتۇ. شۇنداق‐تىمۇ چىشىنى چىشىغا چىشلەپ ئۆتۈۋېرىپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى ئاخىر تاقىتى تاق بولۇپ، پادىشاھقا:

— بۇنىڭدىن كېيىن گەپ قىلماقچى بولسىلا، پۇتلىرىنى يىپ بىلەن باغلاپ، بىر ئۇچىنى مەن تۇتۇپ تۇراي. توغرا جاۋاب بەرسىلە ياكى ئورۇنلۇق سوئال سورىسىلا جىم تۇرىمەن، مۇبادا گەپتىن چەتنەپ كەتسىلە يىپنى ئاستا تارتىپ قوياي، — دەپتۇ.

پادىشاھ ماقۇل بولۇپتۇ. بىر كۈنى بىر مەملىكەتتىن ئەلچى كەلگەندە، دېيىشۋالغىنى بويىچە، پادىشاھنىڭ بىر پۇتىنى يىپ بىلەن باغلاپ بىر ئۇچىنى ئەپەندىم تۇتۇپ تۇرۇپتۇ. ئەلچى كىرىپ ئولتۇرۇشى بىلەنلا پادىشاھ ئۇنىڭدىن:

— مەملىكىتىڭلارنىڭ ئىت ـ مۇشۈكلىرى سېمىزمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ئەپەندىم بۇ گەپنى ئاڭلاپ، تۇيدۇرماستىن يىپنى تارتىپ، پادىشاھنى گەپتىن توختاتقاندىن كېيىن، ئەلچىگە بۇ گەپنىڭ «مەنىسىنى» چۈشەندۈرۈپتۇ:

— پادىشاھىمىز مۇشۇنداق مەنىلىك گەپلەرنى قىلىدۇ. «ئىت ـ مۇشۈكلەر» نىڭ توق ئىكەنلىكىنى خەلقنىڭ تىنچ ۋە پاراۋان تۇرمۇش كەچۈرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئەلچى پادىشاھنىڭ چوڭقۇر مەنىلىك گېپىگە قايىل بولۇپ، تەزىم قىلىپتۇ. پادىشاھ بۇنى كۆرۈپ، ئەپەندىمگە ۋارقىراپ:

— كالۋا، شۇنداق چوڭقۇر مەنىلىك گەپلەرنى قىلسام، نېمىشقا يىپنى تارتتىڭ، — دەپتۇ.

## موللا مەرەسۇلنىڭ قۇرئانى

ئەپەندىنىڭ بالىسى يىغلاڭغۇ بولۇپ، خوتۇنى تاڭ ئاتقۇچە بۆشۈك تەۋرىتىپ چىقىدىكەن. بىر كېچىسى خوتۇنى بۇنىڭغا چىدىماي، ئەپەندىنى ئويغىتىپ:

— مەن ئانىسى بولسام، سىلى دادىسى، بۇ كېچە بالىنى سىلى ئۇخلاتسىلا، ماڭمۇ جان كېرەك، — دەپتۇ.

ئەپەندی بۇ گەپنی ئاڭلاپ، ئورنىدىن دەس تۇرۇپتۇ ـ دە، كىيىملىرىنی كىيىپ: — مەن ھېرىپلا موللا مەرەسۇلنی چاقىرىپ كېلەي، — دەپتۇ.

بۇنىڭغا خوتۇنىنىڭ ئاچچىقی كېلىپ:

— بالىنی ئوخلاتىسلا دەۋاتسام، موللا مەرەسۇلنی نېمە قىلىدىلا؟ — دەپتۇ.

— مەسچىتتە موللا مەرەسۇل قۇرئان ئوقۇغاندا ھەممىمىز ئۇخلاپ قالاتتۇق، — دەپتۇ ئەپەندی.

## نېرىقی ئىشىكتىن چىقىپ كەتكەندۇ...

ئەپەندی ۋاقىتسىز ئۆيىگە مېھمان باشلاپ كەلگەنىكەن، خوتۇنی ئورۇشۇپتۇ.

— ئونداق بولسا، — دەپتۇ ئەپەندی — مېھمان ئىشىكتە ساقلاپ تۇرىدۇ، چىقىپ ئەپەندی ئۆيىدە يوق، دەپ قويغىن، — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئەپەندىنىڭ خوتۇنی چىقىپ، ئىشىكنىڭ كەينىدە تۇرۇپ: — خوش كەپسىز مېھمان. ئۆيگە تەكلىپ قىلاي دېسەم، ئەپەندی يوق. بار چاغدا باشقىدىن كېلەرسىز، — دەپتۇ.

مېھمان بۇنی ئاڭلاپ تېرىكىپ:

— قانداق بولمىغۇر خوتۇن سىلی؟ ئەپەندی ئۇنىمىسام ئۇنىماي ئېلىپ كېلىپ، ھازىر ئۆيگە كىرىپ كەتكەنىدىغۇ؟ — دەپتۇ.

گەپكە قۇلاق سېلىپ تۇرغان ئەپەندی ئىشىككە يېقىن كېلىپ:

— ئەپەندىنىڭ ئۆيىنىڭ بىرلا ئىشىكی بار، دەپ ساڭا كىم ئېيتقان، بۇ ئىشىكتىن كىرگەن بولسا، نېرىقی ئىشىكتىن چىقىپ كەتكەندۇ، — دەپتۇ.

## ھېلىمۇ ياخشی ئىشەنمەپتىمەن

نەسرىدىن ئەپەندی يىراق بىر ئەلگە ساياھەتكە بېرىپ، قايتىش يولىدا بىر دەرەخنىڭ تۆۋىدە سەگىدەپ ئولتۇرسا، بىر ياساۋۇل كېلىپ ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:

— سەن نېمە ئادەم؟

— مەن بۇ يەرگە ساياھەتكە كەلگەنىدىم، ساياھىتىم ئاخىرلىشىپ يۇرتۇمغا قايتماقچی بولۇۋاتىمەن، — دەپتۇ ئەپەندی جاۋابەن.

— قانداق، شەھىرىمىز كۆڭلۈڭگە ياقتىمۇ؟

— ماڭا ياقمىدی، ئادەملىرىڭلار ئاچ كۆز، مەككار، شەھەرنىڭ تازىلىقی ناچار، نەرسە-كېرەكلەر بەك قىممەت ئىكەن، — دەپتۇ ئەپەندی.

— بۇ شەھەرنىڭ بېگی توغرۇلۇق نېمىلەرنی ئاڭلىدىڭ؟

— پۇقرالىرى شۇنداق بولسا، ئۇنىڭ بېگی نېمە بولماقچىدی؟ زالىم، شۆھرەتپەرەس دېيىشىدۇ.

ياساۋۇل بۇ گەپنی ئاڭلاپ، چىرايی ئۆڭۈپ، تىكەندەك بۇرۇتلىرى دىر - دىر تىترەپ كېتىپتۇ. ئۇ ئەپەندىگە كۆزىنی ئالايتىپ:

— بۇ شەھەرنىڭ بېگی مەن بولىمەن، — دەپتۇ.

ئەپەندى بۇنى ئاڭلاپ، ئالاقىزادىلىك ئىچىدە بەگكە سالام بېرىش ئۈچۈن قول ئۇزىتىپ:
— سالامەت تۇرۇۋاتامدىلا . . . سىلى توغرۇلۇق گەپلەرگە ھېلىمۇ ياخشى ئىشەنمەپتىمەن، — دەپتۇ.

## ئاخىرى خەيرلىك بولسۇن

نەسرىدىن ئەپەندى كېتىۋېتىپ يول بويىدىكى بىر كۆكتاتلىقتا كۆزى چۈشۈپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دەرھال ئۆيىدىن تاغار ئەكېلىپ كۆكتاتلىقتا كىرىپ، ئاۋۋال تۇرۇپ - چامغۇر-دىن سەككىز - ئون باش يۇلۇپ تاغارغا ساپتۇ، ئاندىن سەۋزە يۇلۇشقا باشلاپتۇ. بۇ چاغدا كۆكتاتلىقنىڭ ئىگىسى كېلىپ ئەپەندىمنى تۇتۇۋاپتۇ.

ئەپەندى يېلىنىپ يالۋۇرۇپتۇ. كۆكتاتلىقنىڭ ئىگىسى ئەپەندىنىڭ دۈمبىسىگە سەۋزە بىلەن ئۇرۇش شەرتى بىلەن خەلقئالەمگە سازايە قىلمايدىغان بوپتۇ.

ئەپەندى ياۋاشلىق بىلەن دۈمبىسىنى چىقىرىپ تۇرۇپتۇ. كۆكتاتلىقنىڭ ئىگىسى سەۋزە بىلەن ئۇرۇشقا باشلاپتۇ. ئەپەندىمنىڭ ئۇستى يېلىڭ، سەۋزە قاتتىق بولغانلىقتىن، ھەر قېتىم سەۋزە تەگكەندە ئالدىغا مۈدۈرۈپ چۈشۈپتۇ ۋە «ئاخىرى خەيرلىك بولسۇن» دەپتۇ.

كۆكتاتلىقنىڭ ئىگىسى ئەپەندىمنىڭ سۆزىدىن ئەجەبلىنىپ:
— ھەر قېتىم سەۋزە تەگكەندە «ئاخىرى خەيرلىك بولسۇن» دېگىنىڭ نېمىسى، — دەپ سوراپتۇ.

— ھەي، تاغا، — دەپتۇ ئەپەندى — تاغاردىكىنىڭ ھەممىسى سەۋزە بولغان بولسا، بۇ گەپنى دېمەي چىشىمنى چىشلەپ، ئۈندىمەي تۇرۇۋېرەتتىم، تاغاردىكى تۇرۇپ-چامغۇرغا نۆۋەت كەلگەندە ئۆپكەم چۈشۈپ قالمىسۇن، دەپ شۇنداق دېدىم.

## جازانىخور

ئەپەندى پۇلدىن قىسىلىپ، باشقىلاردىن سوراشقا ئاغزى بارماي، يېرىم كېچىدە تۇرۇپ خۇداغا يالۋۇرۇپ:
— يا خۇدا، ئۆزۈڭدە يۈز تىللا بولمىسا، پەرىشتىلىرىڭدىن قەرز ئېلىپ بولسىمۇ بەرسەڭ، — دەپ تۇرۇشىغىلا، ئىشك چېكىلىپتۇ. ئەپەندى بېرىپ ئىشىكنى ئاچسا، ئىشىكتىكى ئەللىكبېشى ئىكەن. ئۇ ئەپەندىگە:
— مەھەللىگە مەسچىت سالىدىغان بولدۇق، شۇڭا سىزگە ئون تىللا سېلىق چۈشتى، — دەپتۇ.

ئەپەندى بۇ گەپنى ئاڭلاپ تېرىكىپ:
— بەللى، خۇدا يامان جازانىخور چىقتى، تېخى قەرزنى بەرمەي تۇرۇپلا پايدىسىنى قىستاۋاتامدۇ؟ — دەپتۇ.

## ئات نېمىشقا كۈلۈۋاتىدۇ؟

پادشاھ بىر كۈنى ئەپەندىنى ئوۋغا بىرگە ئېلىپ چىقىپتۇ. ئوۋ ئوۋلاۋاتقان چاغدا

پادىشاھ ئەپەندىنى مازاق قىلىش ئۈچۈن، ئېتىنىڭ تۆۋەنكى كالپۇكىنى كېسىۋېتىپتۇ. ئەپەندى بۇنى ئۇقۇپ قېلىپ، پادىشاھنىڭ ئېتىنىڭ قۇيرۇقىنى كېسىپ تاشلاپتۇ.

ئۇۋدىن قايتىش سەپىرىدە پادىشاھ ئارقىسىغا قاراپ:

— ئەپەندى ئېتىڭىز نېمىشقا كۈلۈۋاتىدۇ؟ — دەپتۇ.

— ئالىيلىرى، ئاتلىرىنىڭ كەينى ئېچىلىپ قاپتۇ، شۇنىڭغا كۈلۈۋاتىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندى ئىككىلەنمەستىنلا.

## ماڭا باب قوۋم ئىكەنسىلەر

نەسىردىن ئەپەندى تەرەت ئالمەي ئىماملىق قىلغاچقا ئەيىبلىنىپ، شەھەردىكى مەسچىتتىن قوغلىنىپ، يىراق بىر يېزىنىڭ مەسچىتىگە ئىمام بولۇپ بېرىپتۇ. بۇ يېزىدا ناماز ئوقۇيدىغانلار بەكمۇ ئاز ئىكەن. ئەپەندى جامائەت توپلاشقان بىر تويدا ئوتتۇرىغا چىقىپ، كىشىلەرنى ناماز ئوقۇشقا دەۋەت قىلىپتۇ، بىر كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ ئەپەندىدىن!

— بۇ يېزىنىڭ ئادەملىرى تەرەت ئېلىشنى بىلمەيمىز، تەرەتسىز ناماز ئوقۇساقمۇ بولامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ،

ئەپەندى خۇشال بولۇپ:

— مەنمۇ تەرەت ئېلىشنى بىلمەيدىغان قوۋملارنى تاپالماي قايغۇرۇپ يۈرەتتىم، خۇداغا شۈكۈر، ماڭا باب قوۋم ئىكەنسىلەر، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## كىشىنىگەندىن ھاڭرىغان يامان

شەھەر ھاكىمىنىڭ خوتۇنى بازارغا چىقسىلا، كىمنىڭ دۇكىنىدا ياخشى مال كۆرسە، «پۇلىنى ئېرىمدىن ئالىسىز» دەپلا ئېلىپ كېتىدىكەن. ئۇنىمىغان دۇكاندارلارغا «ماڭا گەپ قىلدى» دەپ تۆھمەت قىلىپ سولىتىدىكەن.

بۇ خوتۇندىن بەزگەن كىشىلەر نەسىردىن ئەپەندىگە داد ئېيتىپ:

— سىز ھاكىم بىلەن پات - پات سۆھبەتلىشىپ تۇرىسىز، خوتۇنى ھاكىمنى ئېشەك قىلىپ مىنىۋالغانلىقىنى تەنە بىلەن ئېيتسىڭىز، بەلكىم خوتۇنىنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ قويار. . . دەپتۇ.

ئەپەندى پەيتىنى كەلتۈرۈپ، ھاكىمغا كىشىلەرنىڭ پىكرىنى يەتكۈزۈپ:

— خوتۇنىڭىز ئابرۇيىڭىزنى تۆكۈۋاتىدۇ، — دەپتۇ.

ھاكىم خوتۇنىنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ قويۇپتۇ. ھاكىمنىڭ خوتۇنى كىمنىڭ چېقىشتۇرۇپ قويغانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈپ بىلگەندىن كېيىن، ئەپەندىدىن ئۆچ ئېلىش مەقسىتىدە ئۇنىڭ خوتۇنى بىلەن دوست بولۇشۇپتۇ. بىر كۈنى ھاكىمنىڭ خوتۇنى ئەپەندىنىڭ خوتۇنىغا:

— مەن ھاكىمدىن بەكمۇ زېرىكتىم، زادى ئەركىلىتىشنى بىلمەيدۇ، خوتۇنلارنى ئەرلىرى ئەركىلىتىدۇ، دەپ ئاڭلىغانىدىم، سىزنىڭ ئېرىڭىز قانداقراق؟ — دەپتۇ.

ئەپەندىنىڭ خوتۇنى:

مەن ئارىلاپ ئەپەندىنى ئات قىلىپ مىنىمەن، ئۇ مېنى كىشىنىگەنچە ھويلىنى بىر ئايلاندۇرۇپ چىقىدۇ، — دەپتۇ.

هاكىمنىڭ خوتۇنى بۇ گەپنى هاكىمغا يەتكۈزۈپتۇ. بىر كۈنى هاكىم ئەپەندىگە تەنە قىلىپ:

— بەزىلەر خوتۇنلىرىغا ئات بولۇپ، كىشنەپ يۈرىدىكەنغۇ، — دەپتۇ.

ئەپەندى بۇ گەپنىڭ تېگىگە يېتىپ دەررۇ:

— كىشنىگەننىڭ ئەيىبى يوق، هاڭرىغان يامان، كىشىلەر تويۇپ كېتىدۇ، — دەپتۇ.

## ئۇچار ئات

پادىشاهنىڭ ئۇچار ئات مىنگۈسى كېلىپ، بۇنى نەسىرىدىن ئەپەندىگە ئېيتىپتۇ. ئەپەندى پادىشاهنى ئەخمەق قىلىش ئۈچۈن:

— ئاتقا قانات پەيدا قىلىش ئىلىم - هېكمەتكە ۋە سەۋر تاقەتكە باغلىق، ئەستايىدىل هەرىكەت قىلساق، قارا يايلىق قۇلان ئاتلىرى قانات چىقىرىدۇ، مىنىپ ئالەمنى كەزسىلە بولىدۇ، — دەپتۇ.

— ئۇنداقتا بەك ياخشى، بۇنىڭغا نېمىلەر كېرەك؟

— بۇنىڭغا دورا - دەرمەك يىغىش ئۈچۈن بىر خالتا ئالتۇن ۋە ئون يىل ۋاقىت كېرەك.

پادىشاه ئەپەندىگە بىر خالتا ئالتۇن بېرىپ، ئاتقا مىندۇرۇپ يولغا ساپتۇ. ئەپەندى ئوڭ قولىدا ئالتۇننى كۆتۈرگەن، سول قولىدا ئاتنىڭ تىزگىنىنى تۇتقان پېتى ئۆيىگە يېتىپ كەپتۇ ۋە بولغان ئىشلارنى خوتۇنىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئەپەندىنىڭ خوتۇنى بۇلارنى ئاڭلاپ، پادىشاه نەسىرىدىن ئەپەندىنىڭ ئۆزىنى ئەخمەق قىلغانلىقىنى بىلىپ قېلىپ، ئۇنى زىندانغا تاشلارمۇ دېگەنلەرنى ئويلاپ قاتتىق ۋەهىمىگە چۈشۈپتۇ. ئەپەندى خوتۇنىنىڭ كۆڭلىنى ياساپ:

— خوتۇن بەك قورقۇنچاق ئىكەنسەن، ئاتنى ئۈچ - تۆت ئاي باقىمىز، - دە، سويۇپ يەيمىز، ئالتۇنلارنى خالىغانچە ئىشلىتىمىز، ئاتنىڭ قانات چىقىرىشىغا ئىشەنگەن ئەخمەق «مۇددەتتىن بۇرۇن ئۇچۇپ كەتتى» دېسەك ئىشەنمەسمۇ؟ — دەپتۇ.

## قىرىق مىكيانغا بىر خوراز

پادىشاه نەسىرىدىن ئەپەندىنى مات قىلماقچى بولۇپ، قىرىق مەهرىمىگە:

— هەممىڭلار بېلىڭلارغا بىر تالدىن تۇخۇم قىستۇرۇپ كۆلگە چۈشۈڭلا، چىقىشتا تۇخۇمنى قولۇڭلاردا تۇتۇپ چىقىڭلار، — دەپ بۇيرۇپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن قىرىق مەهرەم پادىشاهنىڭ بۇيرۇقى بويىچە بىر تالدىن تۇخۇمنى بېلىگە قىستۇرۇپ كۆلگە چۈشۈپتۇ. ئەپەندى 41 - بولۇپ كۆلگە چۈشۈپتۇ. كۆلدىن چىقىشتا قىرىق يىگىت بىر تالدىن تۇخۇم كۆتۈرۈپ چىقىپتۇ. بۇنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنگەن ئەپەندى ئۇدۇل پادىشاهنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئىككى قولىنى قانات قىلىپ، خورازغا ئوخشاش چىللاپتۇ.

پادىشاه بۇنىڭدىن هەيران بولۇپ:

— بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئەپەندى تەمكىن هالدا:

— پادىشاهىم، توخۇ بېقىشنى بىلمەيدىكەنلا، قىرىق مېكىيانغا هېچبولمىغاندا بىر خوراز كېرەك ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ.

## تىنچ ئۆتكەن كۈن

نەسىرىدىن ئەپەندىنىڭ خوتۇنى بەك ئۇرۇشقاق ئىكەن. يوقىلاڭ ئىشلارنى باھانە قىلىپ قاچا - قومۇچلارنى سۇندۇرۇپ، ئەپەندىنىڭ يۈزىگە چاڭگال سالىدىكەن، ئۇنى ئاز دەپ ۋايساپ مەھەللىنى بېشىغا كېيىدىكەن.

بىر كۈنى ئەپەندى ئۆيگە كىرىشكە پېتىنالماي كەچكىچە كوچىدا لاغايلاپ يۈرۈپ، ئاخىر بولماي ئۆيگە كىرىپ چاپىنىنى سالاي، دەپ تۇرۇشىغا خوتۇنى يەنە چالۋاقاشقا باشلاپتۇ:

— ئانام مېنى نېمىشقا تۇغقان بولغىيدى؟ سىز بىلەن ئۆي تۇتۇپ ھېچ راھەت كۆرمىدىم، باشقا ئەرلەر سىرتقا چىقسا خوتۇنىغا ھېچبولمىسا پىستە ئالغاچ كېلىدىكەن، سىز بولسىڭىز ئىككى قولىڭىزنى بۇرنىڭىزغا تىقىپلا كېلىسىز. مەندەك قانائەتچان خوتۇننىڭ قەدرىگە يەتمەيسىز. مەندىن باشقا خوتۇن بولغان بولسا، نىكاھ كېچىسىلا جېدەل باشلايتتى.

بارىكاللا خوتۇن، — دەپتۇ ئەپەندى، — ئوتتۇرىمىزدا تىنچ ئۆتكەن كۈن شۇ ئىدى.

## مەن يىغلىماي كىم يىغلىسۇن

بىر ئاي ئىچىدىلا نەسىرىدىن ئەپەندىنىڭ خوتۇنى بىلەن ئېشىكى ئارقا - ئارقىدىن ئۆلۈپ قاپتۇ. خوتۇنى قازا قىلغاندا ئىككى كۈن كۆز يېشى قىلىپلا بولدى قىپتۇ. ئېشىكى ئۆلگەندە بولسا بىر نەچچە كۈنگىچە كۆزىدىن ياش قۇرۇماپتۇ. بۇنى بايقىغان قوشنىسى سوراپتۇ:

— ئەپەندى، خوتۇنىڭىز قازا قىلغاندا ئىككى كۈنلا ھازا قىلغانىدىڭىز، ئېشىكىڭىز ئۆلۈپ قالسا نېمىشقا كۆزىڭىزدىن ياش قۇرۇمايدۇ؟

ئەپەندى جاۋاب بېرىپ:

خوتۇنۇم قازا قىلغاندا مەھەللىدىكىلەر يىغلىپ، كۆڭلۈمنى ياساپ «باشقىدىن ئۆيلەپ قويىمىز» دېگەنىدى، ئېشىكىم ئۆلۈپ قالغاندا بولسا «ئېشەك ئېلىپ بېرىمىز» دېگەن گەپ ھېچكىمنىڭ ئاغزىدىن چىقمىدى. مەن يىغلىماي كىم يىغلىسۇن؟ — دەپتۇ.

## ئېتىڭىزنى يېزىپ كېتىپسىز

نەسىرىدىن ئەپەندىنى بىر ئاغىنىسى بىرنەچچە قېتىم ئىزدەپ كېلىپ، ئۆيىدىن تاپالماي ئاخىر ئىشىكىگە «ئېشەك» دەپ يېزىپ قويۇپ كېتىپتۇ.

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئىككىيلەن كوچىدا ئۇچرىشىپ قاپتۇ. ئاغىنىسى:

— ئەپەندى، مەن سىزنى بىرنەچچە قېتىم ئىزدەپ بېرىپ تاپالمىدىم. لالما ئىتقا ئوخشاش نەلەردە يۈرىسىز؟ — دەپتۇ.

— بىرنەچچە قېتىم بارغىنىڭىزدىن خەۋىرىم يوق. — دەپتۇ، ئەپەندى — بىر قېتىم بارغىنىڭىزنى مەلۇم قىلىپ، ئىشىككە ئېتىڭىزنى يېزىپ كېتىپسىز.

## ئۆتكەن قېتىم ئالغانسىز...

بىر كۈنى نەسىرىدىن ئەپەندى ھامامغا بارغانىكەن، ھامام خوجايىنى ئەپەندىنى كۆز ئىلماي ئەسكى داس، يىرتىق لۆڭگە بېرىپتۇ.

ئەپەندى يۇيۇنۇپ چىقىپ پەتنۇسقا باشقىلاردىن كۆپرەك پۇل تاشلاپ كېتىپتۇ. ھامام خوجايىنى ئۇنىڭ قولىنىڭ بۇنداق ئوچۇقلۇقىدىن سۆيۈنۈپ، ئۆزىنىڭ بىھۆرمەتلىك قىلغانلىقىدىن خىجىل بولۇپتۇ.

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن ئەپەندى يەنە شۇ ھامامغا كەپتۇ. بۇ قېتىم ھامام خوجايىنى ئۇنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قىلىپ، يېڭى داس، يېڭى لۆڭگە بېرىپتۇ. ئەمما ئەپەندى يۇيۇنۇپ بولغاندىن كېيىن پۇل بەرمەي مېڭىپتۇ. بۇچاغدا ھامام خوجايىنى:

— ئەپەندى پۇل بېرىشنى ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ياق، — دەپتۇ ئەپەندى، — پۇل ئالغانلىقىڭىزنى ئۇنتۇپ قالغان ئوخشايسىز، ئۆتكەن قېتىم بەرگەنىدىم.

## كەچۈرۈم

پادىشاھ بىر كۈنى نەسىرىدىن ئەپەندىگە:

— ماڭا شۇنداق بىر قاتتىق چاقچاق قىلغىنكى، مەن سېنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلاي، كېيىن كەچۈرۈم سورىغىن بۇ ئۆتكۈزگەن گۇناھىڭىزدىنمۇ ئېشىپ چۈشىدىغان بولسۇن! — دەپتۇ.

ئەپەندى ماقۇل بولۇپ ئىككىيلەن باغقا قاراپ كېتىۋاتقاندا، ئەپەندى پادىشاھنىڭ بىقىنىنى چىمدىۋاپتۇ. بۇ ئىشتىن پادىشاھنىڭ ئاچچىقى كېلىپ:

— ئەخمەق بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ — دەپتۇ.

— كەچۈرسىلە پادىشاھ ئالىيلىرى، — دەپتۇ ئەپەندى — مەن سىلىنى خانىشىمىكىن دەپتىمەن.

## توشقان

قازى نەسىرىدىن ئەپەندى بىلەن چىقىشالماي، ئۇنىڭ ئۈستىدىن پىتنە - پاسات تارقىتىپتۇ. ئەپەندىنىڭ بۇنىڭغا ئاچچىقى كېلىپ، قازىدىن ئۆچ ئالماق بولۇپ، بىر كۈنى قويىنىغا بىر توشقان سېلىپ قازىخانىغا بېرىپ دەپتۇ.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم قازى تەقسىر، مېنى كەينىمدىن ماختاپ بىر زىياپەتكە قەرزدار قىلىپ قويۇپلا، شۇڭا قەرزنى ئادا قىلاي دەپ كەلدىم، ئەگەر ۋاقىتلىرى بولسا ئۆيىمىزگە قەدەم - تەشرىپ قىلىپ، بېشىمىزنى كۆككە يەتكۈزسىلە...

قازى ئەپەندىنىڭ باش ئېگىپ مېھماندارچىلىققا تەكلىپ قىلىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ تەلىپىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپتۇ.

ئەپەندى قازىنىڭ ئىلتىپاتىدىن سۆيۈنۈپ، قويىنىدىن ھېلىقى توشقاننى ئېلىپ ئۇنىڭغا:

— يولدا ئويناپ يۈرمەي، تېزدىن ئۆيگە بېرىپ ئاناڭغا ئېيت، مانتا ئەتسۇن، قېزىنى قايناتسۇن، سامانلىقتىكى كومزەكنى ئېلىپ، مۇسەللەس سۈزۈپ قويسۇن، قوغۇن، تاۋۇز ئالدۇرۇپ كېلىپ، سالقىن جايغا قويسۇن . . . ئۆزۈڭ سەۋزە ئاقلا، — دەپتۇ.

قازى بۇنىڭدىن ھەيران بولۇپ:

— ئەپەندى، مېنى ئەخمەق قىلىۋاتامسىز نېمە؟ — دەپتۇ.

— ھەي تەقسىر، سىلىنى ئەخمەق قىلىشقا نېمە ھەددىم، بۇ توشقاننىڭ ياخشىلىقىغا گەپ كەتمەيدۇ، بۇنى خەۋەرچى توشقان دېيىشىدۇ، — دەپتۇ-دە، ئەپەندى توشقاننى قويۇۋېتىپتۇ. توشقان قازىخانىدىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپ كېتىپتۇ.

بىر سائەتتىن كېيىن ئەپەندى قازىنى ئۆيگە ئېلىپ بېرىپتۇ. قازى قارىسا داستىخان راسلانغان، مۇسەللەس تەييار قىلىپ قويۇلغان، مانتىنىڭ مەززىلىك پۇرىقى كېلىپ تۇرغانىكەن. قازى توشقاننىڭ كارامىتىگە قايىل بولۇپ:

— توشقاننىڭ ئۆزى قېنى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئەنە تەقسىر، — ئەپەندى ھويلىنىڭ بىر چېتىدە سەۋزە قىرىندىسىنى ئەمەك قىلىپ يەپ ئولتۇرغان توشقاننى كۆرسىتىپتۇ.

قازى بېرىپ قارىسا ھەقىقەتەن ھېلىقى توشقان ئىكەن.

قازى ئەتىسى بىر مۇلازىمنى ئەۋەتىپ، خەۋەرچى توشقانغا خېرىدار بوپتۇ، ئەپەندى رەنجىگەن بولۇپ:

— ھەي، چوڭ ئادەملەر دېگەن شۇنداق-دە، مېھمان قىلساڭ تامىقىڭنى يەپ، كۆزىگە ياخشى كۆرۈنگەن نەرسىنى تالىشىدۇ. مەن بۇ توشقاننىڭ كەينىدە ئۈچ كۈن يۈرۈپ، ئاران دېگەندە 100 تىللاغا سېتىۋالغانىدىم. قازى سورىغان بولسا ئەللىك تىللا پايدىسىنى بېرىپ ئالسۇن، — دەپتۇ.

قازى 150 تىللاغا توشقاننى ئالدۇرۇپ كېلىپلا، توشقاننىڭ كارامىتىنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن، قازىخانىدىكىلەرنىڭ ئالدىدا زىياپەت بۇيرۇتۇپ قويۇۋېتىپتۇ.

قازى ئارىدىن بىر سائەت ئۆتكەندىن كېيىن مېھمانلارنى ئېلىپ ئۆيگە بېرىپ قارىسا، ئىشىك قۇلۇپلاقلىق، توشقانمۇ يوق تۇرغۇدەك. قازى ئۆزىنىڭ باشقىلار ئالدىدا لەت بولۇپ قالغانلىقىغا ئاچچىقى كېلىپ، نەسىردىن ئەپەندىنى چاقىرىپ:

— ئەپەندى، مېنى ئالداشقا قانداق پېتىندىڭ؟ 150 تىللانى تېزدىن قايتۇر، بولمىسا كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسىتىمەن، — دەپ ھەيۋە قىپتۇ.

— مەن توشقاننى سىلىگە زورلاپ ساتقىنىم يوق، ئاۋۋال سىلىدىن بىر ئىشنى سوراي: توشقانغا خىزمەت بۇيرۇشتىن بۇرۇن ئۆيلىرىنى كۆرسىتىپ قويغانمۇ؟ — دەپتۇ ئەپەندى تەمكىنلىك بىلەن.

— شۇ يادىمغا كەلمەپتۇ، توشقاننى ئۇدۇل قازىخانىغا ئەكېلىپلا قويۇۋەتكەن، — دەپتۇ قازى.

— ئەيىب ئۆزلىرىدە ئىكەن، — دەپتۇ ئەپەندى — تۈنۈگۈن خوتۇنۇم «قازى قەيەرلىك دەپ سورىغانىدى، مەن قازى ئاكاڭ شەھەرلىك» دەپ جاۋاب بەرگەنىدىم. توشقان بۇ گەپنى چوقۇم ئاڭلىدى، دېمەك توشقان بۇ مەملىكەتتىن چىقىپ كەتكىنى يوق، بەلكىم شەھەردە ئۆيلىرىنى ئىزدەپ يۈرگەن بولۇشى مۇمكىن.

توپلاپ رەتلىگۈچى: ئابلىز توختى، دىلنۇر ئابلىز

# قوشاقلار

رەتلىگۈچى: مۇھەممەتتوختى ئەخمەت

ئاينى ئايغا تارتايمۇ،
كۈننى كۈنگە تارتايمۇ؟
كېچە كۈندۈز ئاھ ئۇرۇپ،
سېنىڭ دەردىڭنى تارتايمۇ؟

ئالتۇندىن ئۈزۈك بولسا،
ياقۇتتىن كۆزى بولسا.
يار بولسا تۈزۈك بولسا،
يېقىملىق سۆزى بولسا.

ئاي قېشىدا بىر يۇلتۇز،
كۆرۈنمەيدۇ باشقىسى.
يارىم يۇرتىنىڭ ئىچىدە،
خۇددى ئاتىنىڭ قاشقىسى.

ئالتۇنگۈل ئۆيۈڭ نەدە؟
ھەر ئاخشام باراي دەيمەن.
تاڭ ئاتقۇچە مۈگدىشىپ،
ۋەسلىڭگە قاناي دەيمەن.

ئاينىڭ يورۇقى بىزدە،
كۈننىڭ يورۇقى بىزدە.
بۇ ئالەم ئۆزۈن ئالەم،
كۆز - كۆز قىلماڭ سىز بىزگە.

ئالتۇن بىلەن رەنانى،
يارىمغا تۇتاي دەيمەن.
مەي بەرسە خېرىدارىم،
بىر قەترە يۇتاي دەيمەن.

ئايدا ئوينىغان غالتەك،
كۈندە توختىغان غالتەك.
يېڭىياچى يار تۇتتۇم،
ئاي يۈزلۈك، بويى كالتەك.

ئالتۇن بىلەن ئەينەكنى،
كىم ئەتكەندۇر چەينەكنى.
تاپالمايسەن مەندەكنى،
مەن تاپارمەن سەندەكنى،

ئايمۇ ئايلاردىن يورۇق،
كۈنمۇ كۈنلەردىن يورۇق.
باغچا ساقلىغان جۇۋاننىڭ،
تۆشى پاختەكتەك ئورۇق.

ئاخشىمى قاراڭغۇدا،
كۆرۈنگەن چىراغ ئوتى.
ئاشىقلىق قىلاي دېسەم،
قورقىمەن، خەقنىڭ يۇرتى.

ئاڭلىدىڭمۇ جانانىم،
باغقا چىللىغىنىمنى.
كۆڭلۈڭگە ئېلىپ قالما،
ئوينىپ تىللىغىنىمنى.

ئالدىراپ كىردىم ئەجەب،
بۇ كۆڭۈلنىڭ كەينىگە.
بىر ئۆمۈر قالدىمغۇ ئەمدى،
بىۋاپانىڭ دەردىگە.

ئاناڭ ئايلانسۇن بۇيۇڭدىن،
ئاناڭ ئايلانسۇن بويۇڭدىن.
جىمى ئالەم گۇۋاھ بولسۇن،
جېنىم ئايلانسۇن خۇيۇڭدىن.

ئاتاسى يوقمىدۇ يارنىڭ،
ئاناسى يوقمىدۇ يارنىڭ؟
تۆت - بەش كۈنلۈك ئالەمدە،
ۋاپاسى يوقمىدۇ يارنىڭ؟

ئارەك بار - يۇ، ئارەك بار،
ئېتىزلىقتا ئارەك بار.
بىزنى كۆيدۈرگەن يارنىڭ،
ماڭلاي چېچى چارەك بار.

ئامرىقىم بولسا مېنىڭ،
يېنىمدا ئولتۇرماسمىدى.
بىرە - بىرە قاراپ قويۇپ،
كۆڭلۈمنى تىندۇرماسمىدى؟

ئاشقا كۆكتات، نانغا تۇز،
ھەركىمنىڭ يارى ئۆزىگە ئۆز.
كۆڭلۈم چۈشمىگەن ياردىن،
خۇدايىم مېنى قۇتقۇز.

ئارقا تاغقا يول مېڭىپ،
ئالتۇنغا قەرزىڭ بارمىدى؟
كېچىلەپ باغ ياقىلاپ،
چوكانغا دەردىڭ بارمىدى؟

ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق،
ھەقتىن بۇيرۇق ئىرادە.
يار ئۈستىگە يار كەپتۇ،
بىر - بىرىدىن زىيادە.

بېغىڭدىكى ئالماڭغا،
قۇرغۇي قوندۇرالامسەن؟
بۇرۇن قىلغان ۋەدەڭگە،
ھازىرمۇ تۇرالامسەن؟

بىز كىرگەن قومۇشلۇققا،
يولۋاسلار كىرەلمەيدۇ.
مەيلى بارمىكىن يارنىڭ،
ئەگىيدۇ، كېتەلمەيدۇ.

بىزنىڭ ھويلا چار سۇدا،
بارسىلا تاپالاملا؟
قولپىسى ئالتۇن قولپا،
قول سېلىپ ئاچالاملا؟

باغقا كىردىم غەم بىلەن،
گۈلنى ئۈزدۈم پەم بىلەن.
ئانىسى يامان خوتۇن،
ئوننى سالدى دەم بىلەن.

باغدىكى بولجا تېرەكنىڭ،
يىلتىزى بۇرغۇي بولار.
مېنى كۆيدۈرگەن قارا كۆز،
ئىزدىسەم قۇرغۇي بولار.

بېشىدا شايى رومال،
يەلپۈيدۇ سالقىن شامال.
مېنى مۇنچە كۆيدۈرگەن،
ئاي يۈزلۈك ساھىبجامال.

بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ،
قالدى ئۆتۈكنىڭ پاشنىسى.
بىر ئەمەس، ئىككى ئەمەس،
بىز دېگەننىڭ ئاشنىسى.

بىر باغقا ئانار سالدىم،
بىر باغقا يەنە توغاچ.
ئانىسىغا ئوتتۇن ياردىم،
قىزنىڭ كويىدا بولغاچ.

بىرىڭ قايماق، بىرىڭ ماي،
بىرىڭ شېكەر، بىرىڭ بال.
خۇش كېلىپسەن ئىككى يار،
بىرىڭ كېتىپ، بىرىڭ قال.

بۇ موللىكام، — داموللام،
بۇخارادا ئوقۇغان.
موللىكامنىڭ سەللىسىنى،
يىپەك يىپتا توقۇغان.

بۇ خېنىمنىڭ ئۈزلۈكى،
ئاپتاپتا قېپتۇ تۈزلۈكى.
ئالتىنچى ئاي تومۇزدىمۇ،
ئېرىمەپتۇ مۇزلۇقى.

بۇ خېنىمنىڭ ئۈزلۈكى،
بۇلۇڭدا قېپتۇ تۈزلۈكى.
قىش - زىمىستاندىن بەتەر،
گەپ - سۆزىنىڭ مۇزلۇقى.

پېشايۋاندىكى دەمدەر،
تاڭ ئاتقاندا ئۈنلەيدۇ.
يېڭى يارىم بەك نازۇك،
كونا ياردىن كۈنلەيدۇ.

تويۇڭنى راسا تويلاپ،
كەتتىڭ چوڭ يولنى بويلاپ.
قالدىم مەن يامان دەردكە،
ھەر كېچە سېنى ئويلاپ.

تاپقىنىڭىز ئەتلەسمۇ،
ئەتلەس پۇلغا كەلمەسمۇ؟
بىلمەپتىمەن ئەسلى سىز،
بىۋاپاكەن ئەمەسمۇ؟

تاغدا زۇپا ئېچىلدى،
تېرىپ ئاللىلى يارىم.
ياقا يۇرتقا يول ئالماڭ،
بىللە قاللىلى يارىم.

تونۇردىكى زاغرىنى،
قومۇرمامسەن تەڭلەڭگە.
بىر چوكان كۆيۈپ قاپتۇ،
شادا پاچاق لەڭلەڭگە.

تاماكا تارتىسەن دەيدۇ،
تىنماي تارتىمەن ئەمدى.
ياخشى ياردىن ئايرىلىپ،
يالغۇز ياتىمەن ئەمدى.

توختاخۇننىڭ ئۆگزىسىگە،
يامشىۋاپتۇ چىڭگىلىك.
سۆيسە ئۈزىنى سۆيگۈلۈك،
بولمىسا مەندەك يۈرگۈلۈك.

ئۆزگە بۇغداي تېرىسام،
ئۈنگەنلىرى ئارپىكەن.
كۆڭۈلدىكى شۇ يارنىڭ،
تەگكەن ئېرى پاپىكەن.

چىرايىم زەپىرەڭ بولدى،
ساماندىن ئايرىيالمايمەن.
غەمگە مۇپتىلا كۆڭلۈم،
دەردتىن ئايرىلالمايمەن.

چىلىم دەيسەن ـ چىلىم دەيسەن،
چىلىمدا لەيلى غەش بارمۇ؟
چىلىم تۇتسام قوپالمايسەن،
بويۇڭدا سوقاتاش بارمۇ؟

چېقىلدىكى كەكلىكنىڭ،
قانىتىغا ئوق تەگدى.
يارنىڭ قىلغان سۆزلىرى،
يۈرىكىمگە دوق تەگدى.

چاقار لىقلار ئۆي ساپتۇ،
ئىچ ـ تېشىنى سۇۋاتماي.
بىر جۇۋان تېگەي دەيدۇ،
يۈز ـ كۆزىنى يۇۋاتماي.

خىيال سۇرۇپ ئولتۇرسام،
ئالما چۈشتى قېشىمغا.
يارىم ئەجەب ئەسقاتتى،
كۈن چۈشكەندە بېشىمغا.

دۇتارىڭنى مەن چالدىم،
ئۆزۈڭ ئېيتقىن ناخشىنى.
ئەقلىڭ بولسا ئايرىۋال،
يامان بىلەن ياخشىنى.

دۇتار چالغان قولۇڭغا،
كۆڭلۈم چۈشتى خويۇڭغا.
قاچانغىچە قارايمەن،
سېنىڭ ماڭغان يولۇڭغا؟

دۇتارىمۇ ساز باللا،
راۋابىمۇ ساز باللا.
قىزىلگۈلدەك يارىنى،
سۆيەلمىگەن مازباللا.

داكى ئالدىم بەش ۋەرى،
يىرتىپ بەردىم بىر ۋەرى.
دۇتارچىمىز قايىنسا،
ئۇسسۇلچىمىز ئاۋارى.

دۇپپۇر ـ دۇپپۇر ئۈن كەلدى،
قوپۇڭ، قاراڭ كىم كەلدى.
ئارغىماق ئاتنى مىنىپ،
ئامراق ئادىشىم كەلدى.

دۇپپۇر ـ دۇپپۇر قويلار كېلۇر،
ئوتراسىدا بىر ئالا.
ھەر ئىش قىلساڭ ئويلاپ قىل،
بۇ دۇنيادا كىم قالار؟

دامكۇ ياردىن غاز ئۇچتى،
پۇناق ياردىن ۋىتىلداق.
ماڭا نېسىپ بولارمۇ؟
سەن يار بىلەن قېلىشماق؟

راۋابقا سۇزۇك تارى،
دۇتارغا ئۈزۈك تارى.
ئۆز خوتۇنغا شاڭخادەن،
سەت خوتۇنغا شەلپەرى.

سەھەرلىكتە مەن تۇردۇم،
سۇ بويىدا ئولتۇردۇم.
دائىم ئەس - يادىم سەندە،
غەزەل ئوقۇپ ئولتۇردۇم.

سائادەتخان ساي كەچتى،
بېلىگىچە سۇ كەچتى،
يۈرەككە ئوتنى سېپ قويۇپ،
ئەزىز جېنىدىن كەچتى.

سىلى نەدىن؟ نۇرىدىن،
تۈتۈنلەر چىقسۇن مورىدىن.
ئىككى يار تۇتقان جۇۋاننىڭ،
پوتلا ئاقسۇن بۇرنىدىن.

قارا كۆز بۇندا تولا،
پىرازى كۆز بىرە - بىرە.
قارا كۆزنىڭ ئالدىدا،
پىرازى كۆز تەمەچ تېرەر.

قاراقىر بازارىدا،
ساتتىم تاغارلاپ ئاق پىياز.
بىزى كۆيدۈرگەن خېنىمنىڭ،
ئاكىسى مەمەتنىياز.

قوش قاناتلىق دەرۋازاڭنى،
چېكىپ ئۆتسەم، بىلمىدىڭ.
ئېگىز ئۆگزەڭگە چىقىپ،
چالما ئاتسام، بىلمىدىڭ.

قوش ھەيدەيدۇ قاراقاش،
ئېگىز - پەس تۆۋەن يەردە.
كۆلگىنىمگە گول بولماڭ،
كۆڭلىمىز بۆلەك يەردە.

قەشقەردە ئۆيىڭىز بار،
كېلىشكەن بويىڭىز بار.
ئالدىراپ كېتەلمەيسىز،
سېپ قويغان ئوتىمىز بار.

كۆيدۇما - كۆل بولدۇما،
ئوچاقتا چۈشكەن چالمىدەك.
خۇشقىنا سارغايتتىملا،
بەرگىدە پىشقان ئالمىدەك.

كەت دېسەڭ مەيلى كېتەي،
خوتەن، چىرا قالسۇن ساڭا.
مەندىكى ئوتنى ئېلىپ،
قادىر خۇدا سالسۇن ساڭا.

كۆڭلىكىمنىڭ ئېتىكى،
ئېتىكىدە چېچىكى.
سىزنىڭ تۇتقان يارىڭىز.
ئۆتۈكۈمنىڭ پېتىكى.

كېلىپ سېنىڭ مەلەڭگە،
شوتا قويدۇم چەللەڭگە.
بىر چىقىپمۇ قويمىدىڭ،
ئېيتىپ قويسام دەللەڭگە.

كۆردۈڭمۇ قەلەم قاشنى،
چايناپ كېلىدۇ ماشنى.
يالۋۇرساڭمۇ ئىچمەيمەن،
يارىم ئەتمىگەن ئاشنى.

گەرمىڭ ياشىغان لوقمان،
ئۆلۈمگە ھېيلىلەر قىلغان.
نېچۈك دۇنياغا بەل باغلاپ،
ئۆزىگە تاپمىدى دەرمان؟

گۈلاخمادا قوي سويسام،
دىۋانە كاۋاپ دەيدۇ.
يارىمنى سۆيۈپ قويسام،
ئانىسى ساۋاب دەيدۇ.

لېۋىمنى لالىدىن دەرلەر،
چىشىمنى ئۈنچىدىن دەرلەر.
قول سېلىپ چىقىپ كەلسەم،
بۇ كىمنىڭ دىلبىرى دەرلەر.

مەن بىتەلەي بولمىسام،
يانغان چىراغ ئۆچەرمىدى.
ئىشەنگەن چولۇڭ تاغلىدىن،
كىيىكلىرىم قاچارمىدى؟

ناخشا ئېيتىپ مەلەڭدىن،
كۆڭدە نەچچە ئۆتەرمەن.
سۈرىتىڭنى بېرىپ كەت،
ھەر سېغىنسام كۆرەرمەن.

تاينى ناينىاي دېگۈلۈك،
ناننى چاينىاپ يېگۈلۈك.
سۆيسە سەندەك سۆيگۈلۈك،
بولمىسا مەندەك يۈرگۈلۈك.

ھەمدۇللايا – ھەمدۇللا،
ئاخشام بازسام، پەندۇللا.
ئەرز قىلاي دەپ ماڭغاندا،
باش توغراقتىن ياندۇللا.

ئوقۇيمىز خوجىماپىزنى،
خۇدايىم ئايرىماس بىزنى.
خۇدايىم ئايرىسا بىزنى،
ئۇنۇتماسمەن قارا كۆزنى.

ئۇ ئۆگزىدە پاسار بار،
بۇ ئۆگزىدە پاسار بار.
سېنىڭ كۆڭلۈڭ قانداقكى،
مېنىڭ كۆڭلۈم راسا بار.

ئۇ چۆنەككە گۈل تېرىدىم،
بۇ چۆنەككە ئوسمىنى.
دوپپىڭىزنى كەيمەمسىز،
كىيۋالماي پوسمىنى؟

ئۆيلىرى پۇناقتىمۇ،
چۇناق ئىشىك يولاقتىمۇ؟
بىزنى دەپ كۆمگەن تۇخۇم،
ھېلىمۇ ئوچاقتىمۇ؟

ئۆستەڭنىڭ بويى كۆچۈم،
كۆچۈمنى بېرىپ كۆردۈم.
كۆڭلۈمدىكى ئاق يۇمىلاقنى،
قوچاقلاپ راسا سۆيدۈم.

ئېتىزىڭنى ئوتاپسەن،
لوڭيا بىلەن ماش قويماي.
قاچانغىچە يۈرىمىز،
بىر تەكىيگە باش قويماي؟

ئىشىك ئالدىڭدىن ئۆتتۈم مەن،
شەرەت قىلىپ يۆتىلىپ.
مەيلىڭ بولسا كەل يارىم،
تۇخۇم، كۆمەچ كۆتۈرۈپ.

ئىلى يولىدا كارۋان،
بېلىدە دورا – دەرمان.
شىپىمدانە خوتەندە،
مېھرىبان ئانام قالغان.

ئىككىسۇ دا ئۆيىڭىز،
بارسام قاۋايدۇ سىپىڭىز.
سىپىڭىزنى ھەيدىمەي،
ئاشكارا قىلغان ئۆزىڭىز.

يارىم كەتتى يىراققا،
كەينىگە يانارمىكىن؟
بىر جام سوغۇق سۇ بەرسە،
يۈرىكىم قانارمىكىن؟

يارنىڭ بېغى ئالمىلىق،
ئالمىلارنى ئۈزمىدۇق.
ئىشق يولىدا يۈرۈپ،
ھېچنېمىنى سەزمىدۇق.

ياك باشتاق بولۇپ قاپسەن،
چىمەن دوپپاڭنى كەيمەنسەن؟
يۈرەككە ئوتنى سېپ قويۇپ،
چاتاقنى ئايرىۋەتمەسمەن؟



يايلاق



جىلغىدىكى جۇدۇن



كەچكۈزدىكى ئورمان


بۇلاق ( پەسىللىك ژۇرنال ) ئومۇمي 66 ــ سان 源泉 (布拉克)(维吾尔文)总66期

MAGAZINE OF BULAK UIGHUR LANGUAGE (QUARTERLY)

新疆人民出版社编辑出版
(乌鲁木齐市解放南路348号)
新疆畜牧印刷厂印刷
乌鲁木齐市邮局发行
中国国际图书贸易总公司国外发行
全国各地邮局订阅

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشرى قىلدى
( ئۈرۈمچى شەھرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348 )
شىنجاڭ چارۋىچىلىق باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدى
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一刊号：CN65-1050/I
本刊代号：58-108 定价：6.00元
ISSN1005-0876/国外代号Q1118

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى
ۋاكالەت نومۇرى : 108—58 باھاسى 6.00
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى : Q1118

ISSN 1005-0876


02>

9 771005 087006